ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

TANGRITAG

1996

1

كۈلبەت (پوۋېست)

«سالغا تېڭىش» ھەققىدە

ئەركىنلىكتە ئۆلۈش (ھېكايە)

گۈزەل دىيارغا سەپەر (ئەدەبىي ئاخبارات)

قايتا ئۇچراشقاندا (ھېكايە)



# تەڭرىتاغ

ISSN 1004-1745



كىچىك مۇزىكانت

ئالىم خالىدىن فوتوسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com



سېرىكچى قىز

غەيرەت مۇھەممەت ئىمىن فوتوسى

# تەڭرىتاغ

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

1996 - يىل 1 - سان

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار - ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

ئومۇمىي 54 - سان


## مۇندەرىجە

### پوۋېست


كۆلپەت .......................................... ئەنۋەر مۇھەممەت 1


### ئەدەبىي ئاخبارات


گۈزەل دىيارغا سەپەر (ئەدەبىي ئاخبارات) ........... ئەنۋەر ئابدۇرېھىم 58

ئەلۋىدا، ئۆتكۈر ئاكا! (ئەسلىمە) ................. گۈلنۇر تۇرسۇنبەگ 76


### ھېكايىلەر


قايتا ئۇچراشقاندا ........................ ئىزىزجان سادىر 35

ئىككى ھېكايە ............................. ئىسمايىل قاسىم 46


### شېئىرلار


شېئىرلار ................................ ئابدۇرېھىم ئابدۇللا 32

نۇقسان ................................. ئىبراھىم ئىبلى 34

گۈل دۇنيا .............................. نىياز مۇھەممەت 34


### ماقالىلەر


«مەھمۇت قەشقەرى» رومانى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە .... ئىسمايىل تۆمۈر 95

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

ئىلھامجان ئابلىز، ئابدۇقادىر جالالىدىن، مۇسا ئەھەت، ئەسقەر ياسىن، ئابلىكىم ھەسەن، زۆھرەگۈل ئەخەت ........................................ 49

## گېزىت - ژۇرناللاردىن

ئەركىنلىكتە ئۆلۈش (ھېكايە) ............................ ۋەلى داۋۇت 102

ئەركىنلىكتە ئۆلۈش ھېكايىسى توغرىسىدا ........................ئەركىن نۇر 104

## يۈزمۇ — يۈز

« سالغا تېشى » ھەققىدە (سۆھبەت خاتىرىسى)........................................ 81

## مىسرالاردىن تەرمىلەر

مىسرالاردىن تەرمىلەر ........................................ 105

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

ئەدەبىي ئۇچۇرلار ........................................107

بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى ئابلىمىت ئابلىز ئىشلىگەن.

باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

مۇھەررىرلەر: ئەركىن نۇر (مەسئۇل مۇھەررىر)، سەنەۋەر ئۆمەر، ئالىم خالىدىن

مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت

# كۈلپەت

## (پوۋېست)

ئەنۋەر مۇھەممەت

### 1

تۈي كېچىسى ئۇلار بىر ھۇجرىغا سولاندى. مۇسا يەڭگە ئايالنىڭ تېزرەك چىقىپ كېتىشىنى تىلەيتتى. بىراق بۇ ئايال سەل قىتىغۇر بولغاچقىمىكىن ئۇلارنىڭ شېرىن مىنۇتلىرىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىگە قەستەن دەخلى قىلىۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن مۇسا ئۇ ئايالنىڭ بولغۇسى خوتۇنى خانزۆھرەگە بىرنېمىلەرنى دەپ ئاندىن ئاستا چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. تومۇر-تومۇرلىرىغا قان يۈگۈرۈپ نەپىسى تېخىمۇ جىددىيلەشتى.

مۇسا خانزۆھرەنى ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە سۇ توشۇۋاتقان، قوي بېقىۋاتقان، ئورما ئورۇۋاتقان، بۇغداي تاسقاۋاتقان ھالىتىدە كۆپ كۆرەتتى. ئۇ، بۇ چاغلاردا دائىم دېگۈدەك ئات بېقىپ، ئات سوغۇرۇپ، ئات مىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى مۇشۇ مەھەللىدە قاسساپ ھەم ئوغلاقچى دەپ ئاتالغان، ئۆزى كۆپرەك قوي ھەم كالا بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئادەم بولۇپ، ئانىسىدىن كىچىك قالغان يالغۇز ئوغلى مۇسانى ناھايىتى ئەتىۋارلايتتى. گۆش، تۇخۇم تاپسا ئاۋۋال ئۇنىڭغا بېرەتتى، ئاغرىپ قالسا قوي ياكى ئوغلاق تېرىسىگە ئېلىپلا ساقايتىۋېتەتتى. قىشتا ئۇنى ئېتىغا مىندۈرۈپ ئوغلاق تارتىشىشقا ئېلىپ باراتتى. تالىشىش باشلانغاندا ئۇنى يەرگە چۈشۈرۈپ قويۇپ ئۆزى ئېتىنى چاپتۇرۇپ چەۋەندازلار توپى ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى؛ مۇسا ئاتىسىنىڭ ئاشۇ ھەيۋەتلىك ھالىتىگە بەكمۇ زوقلىناتتى. ئاتىسى ھەر قېتىملىق ئوغلاق تارتىشتا سەپنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. تاماشا كۆرگىلى كەلگەنلەر ھەسەن تەمبەل يەنە ئەپقاچتى، كارامەت ئادەم جۇمۇ دەيتتى. مۇسامۇ بۇنى كۆرۈپ قىن-قىنىغا سىغماي قالاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتىسى ئۇنى ئاۋۋالقىدەكلا ئوغلاق تارتىش مەيدانىغا ئېلىپ كەلدى. بىر ياققا كەتمە جۇمۇ دەپ ئۇنىڭغا ماتاڭ ئېلىپ يېيىشكە ئىككى مو بېرىپ قويۇپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا-چاڭلار ئاتىسىنىڭ ھەيۋەتلىك قامىتىنى كۆمۈۋەتتى. مۇسا ئاتىسىنى مۇشۇ بىر كۆرگەنىچە ئىككىنچى كۆرەلمىدى. ئۇ خەقلەرنىڭ ھەسەن تەمبەل ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، ھەسەن تەمبەل ئاتنىڭ ئاستىدا قاپتۇ دېگىنىنى، ئۆزىنىڭ ۋارقىراپ يىغلاپ ماڭغىنىنى، تاغىسى ھۆسەننىڭ توپىلىشىپ كېتىۋاتقان خەقنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆيىگە ئەكەتكىنىنىلا بىلىدۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ قامەتلىك بەستى، قاپقارا ساقاللىرى، بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن ئەبەدىي غايىب بولغانلىقىغا ئۇزۇنغىچە ئىشەنمىدى. ئۇنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com


ئاتقا مىنىپ، ئوغلاقنى ئالدىغا ئېلىپ يەنە يېنىپ كېلىدۇ دەپ ئويلىدى. براق كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاشتىن قاتتىق تورمۇش ۋە تاغسىنىڭ قاتتىق قوللۇق بىلەن باشقۇرۇشى ئالدىدا، بېشى كۆيۈمچانلىق بىلەن سىلانغان بىر قولنىڭ بالايى-قازا تەرىپىدىن يەر ئاستىغا سۆرەپ ئېلىپ كىرىپ كېتىلگەنلىكىگە ئاخىرى ئىشەندى. ئاتىسىدىن قالغان تەۋەرۈك ئاتنى ئۆزۈنغىچە مىنىپ يۈردى. تاغسى مەكتەپكە بەرگەندى، باللار ئۇنى «تۆگە»، «قوتاز» دەپ ئارام بىرىشمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭدىن تاياق يېگەچكە، مۇئەللىملەرگە بېرىپ داداپ يۈرۈپ ئۇنى مەكتەپتە ئوقۇغۇسىز قىلشۇەتتى. ئۇمۇ يايلاقتىكى ماللاردەك ئەركىن يايراپ يۈرۈشنى خالايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېلىپبەنى تۆگەتمەي تورۇپلا ئوقۇشنى تاشلاپ، تاغسىنىڭ بىر توقاي كالا، قويلىرىنى ئېتىنىڭ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ جاڭگالغا چۈشۈپ تا 18 ياشقىچە مال باقتى. تاغسى ئۇنىڭ ئاتىسىدىنمۇ بەكرەك بوي تارتىپ، ساقال-بۇرۇت ۋە مەيدە تۈكلىرىنىڭ ئۈسۈپ بۆلەكچىلا بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش نىيىتىگە كەلدى. براق ئۇ بۇ مەھەللىگە نىسبەتەن جاڭگالدا مال بېقىشقىلا لايىق، باشقا ھېچقانداق ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان، ئىمانى يوق غەيرىي ئادەم بولغاچقا مەھەللە دېھقانلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قىز بەرمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلاتتى. بۇ گەپنى بىرقانچە دېھقانغا پۈرىتىپ باققانىدى، دەرۋەقە ئۇلار ئۇنى كۆيئوغۇللۇققا تاللىمىدى. تاغسى ئاخىرى ئۆز مەھەللىسىدە ئەر چىقماي تورۇپ قالغان قىز خانزۆھرەنىڭ ئاتا-ئانىسىنى قىزنى مۇساغا بېرىشكە كۆندۈردى. خانزۆھرە كۆرۈمسىز، ۋىجىك قىز بولسىمۇ ئىشچان ئىدى. گەپ قىلسا ئاۋازى ئوغۇل بالىدەك بوم چىقاتتى. مۇسىناخۇن ئاكىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ تەۋەرۈك ئاتنى سېتىپ مۇسانى ئۆيلەپ قويدى. توي ئاددىي بولسىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. مۇسا بېشىغا ھامان مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ نەچچە ۋاقىتتىن ئانچە پەرۋا قىلماي يۈرەتتى ھەم خانزۆھرە بىلەن قوشۇلۇپ قېلىشنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ تېخى تۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنىلا جاڭگالدىن مال بېقىپ كېلىپ، مەينەت ھەم جۇلجۇل كىيىملىرىنى سېلىپ، يۇيۇنۇپ يېڭى كىيىم كىيگەن. مەشرەپتە ئارۋاڭ-سارۋاڭ ئۇسسۇل ئويناپ، ئولتۇرغانلارغا «پىل ئويۇنى» كۆرسىتىپ بەرگەندى.

مۇسا ئۆز بەدىنىدىكى ئەرلىك قۇدرەتنى ياۋايى كۈچ نۇقتىسىدىنلا ھېس قىلالايتتى. ئۇ جاڭگالدا مال بېقىۋاتقاندا ئاشۇ مەخلۇقلارنىڭمۇ تورۇپ-تورۇپلا بىر-بىرىگە ئارتىلىپ، ئادەم بار-يوق دېمەي قىلىۋاتقان ئاجايىپ ئىشلىرىنى كۆرسە، ئۆزىدىكى قانداقتۇر بىر ئىستەكنىڭ ئوتتەك يېلىنجاپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. بۇ توي ئاخشىمىدىمۇ ئۇ ئاشۇ ئىستەكنىڭ كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، يوتقىنىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ قىزنىڭ يېنىغا سۈرۈلدى. قىز بېشىنى يوتقانغا پۈركىۋالغانىدى. ئۇ يوتقاننى قايرىۋەتتى، قىز ياپراقتەك تىترەپ ئورنىدىن قوپۇپ كەتمەكچى بولغانىدى، ئۇ قىزنى تاغدەك ئېغىرلىق بىلەن بېسىپ كۆرپىگە چاپلىۋەتتى. قىزنىڭ نەپسى ئۇنىڭ يۈزىگە ئىسسىق شامالدەك ئۇرۇناتتى. ئۇ خانزۆھرەنى گويا قوينىدىكى قوزىچاقتەك كۆرۈپ ئۇنى بەك چىڭ بېسىپ قويماي دەپ ئاۋايلايتتى. شۇنداقتىمۇ قىز ئۇنىڭ ئاستىدا مىجىلىپ ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك بىر ۋەھىمىدە قۇۋاستىكى قىلدەك تولغۇناتتى. جان تالىشىش ئالدىدا خۇدادىن پاناھلىق تىلەۋاتقان ئادەمدەك زەئىپ ئاۋازدا ئىڭرايتتى.

— نېمە بولدى؟! — دېدى ئۇ ئۇندەرەپ.

قىز جاۋاب بەرمەي يىغلاۋەرگەندى، ئۇ بىردەم ھاڭۋېقىپ تورۇپ قالدى. ئۇ لاغىلداپ تىترەپ قىزغا يېقىن بىرىپ: «خانزۆھرەم

دەڭە، مەن نېمە قىلدىم» دەپ قولىدىن تۇتقانىدى. قىز «نېرى كەت!» دەپ سىلكىۋەتتى. مۇسا ئاران جۈرئەت قىلغان بۇ مۇلايىملىقنىڭ كۈتۈلمىگەندە بۇنداق دەككە يېيىشىگە تاقەت قىلالمىدى. ئاران تەستە ئالغان بۇ خوتۇنغا يەنە ئىچ ئاغرىتىپ، يېلىنىپ يۈرۈشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟! ئۇنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى تۇتتى:

— مەن سېنى نېرى كېتىشكە ئالغانمۇ؟ — دېدى ئۇ بوراندەك گۈركىرەپ.

قىز «ئېشەك! ھايۋان!» دەپ تىللاپ كەينىدىن يەنە يىغلاشقا باشلىدى. مۇسانىڭ نەپسى ھەددىدىن ئاشتى، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئۇ قوپال ئۇسۇل بىلەن قىزنىڭ ئىنسانىي گۈزەل تۇيغۇلىرىنى بىت-چىت قىلىشقا باشلىدى. قىز بۇ خورلۇققا چىداپ تۇرالماي جېنىنىڭ بېرىچە يىغلاشقا باشلىدى. مۇسا ئۇنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ بېشىنى ياستۇققا ئۇستۇردى.

ئەتىسى يەڭگە ئايال ئۇچقاندەك بارغىنچە كىيىملىرىنى ئالدىراپ كىيىپ، بوغچىسىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان خانزۆھرەنى بىردەم پەپىلەپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى جايىغا چۈشۈردى. قىز توختىماي يىغلايتتى. باشقا ئاياللار «قورقماڭ ئاپئاق قىز، مانا بىز بار» دەپ تەسەللى بېرىشتى. لېكىن ئۇ زادىلا ئۇنىماي، چوڭ ئۆيگە قېچىپ بېرىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋەتمۇ ئۈزۈلدى. مۇسا تاغىسىنىڭ تۈگمەس تاپا-تەنىلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە جاڭگالغا چۈشۈپ مال باقتى، خوتۇندىن ئەمەس تەۋەرۈك ئاتتىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئۆزۈنىچە ھەسرەتلەندى.

## 2

مۇسا موخۇركىنى قاتتىق چېكىدىغان بولۇپ كەتتى. شۇنداق كۈنلەردە مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى قادىر قارىم ئۇنى ئىزدەپ كەلدى.

— بالام، ئاڭلىسام كېسەكنى ئوبدان قۇيىدىكەنسەن، بىر ئاشخانا سالماقچى بولۇۋېدۇق، كېسەكتىن بەش مىڭنى تۆكۈپ بەرسەڭ، لايىقىدا ھەق بېرىمەن، تامىقىڭ بىزدىن.

قادىر قارىم مەھەللىدىكى مۆتىۋەر كىشىلەردىن بولۇپ، مۇسانىڭ مىراس ئۆيىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يۇرت چوڭلىرىغا ۋەكالەتەن ئوبدان كۈچ چىقارغانىدى. مۇسا بۇنى تېخى ئۇنتۇمىغانىدى.

— ماقۇل قارىم، قېلىپنى ئېلىپ ئەتىلا باراي.

ئەتىسى ئۇ قادىر قارىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپلا ئىشنى باشلىۋەتتى. بۇ ئىشنى ھۈنەر دېگىلى بولمىسىمۇ لېكىن ناھايىتى زور قارا كۈچ تەلەپ قىلاتتى، ھېچكىممۇ مۇسادەك ئاخشىمى بىر كارىز لاي چىلاپ بولۇپلا ئەتىسى بەش كۆزلۈك قېلىپ بىلەن مىڭدىن ئوشۇق كېسەك تۆكۈشكە پايلىمايتتى.

مۇسا قادىر قارىمنىڭ چوڭ بېغىغا ئۇزۇنچاق كارىز كولاپ لاي چىلاپ بولۇشىغا قارىمنىڭ چوڭ قىزى تىللاخان باغقا كىرىپ ئۇنىڭ ئاپتاپتا تەرلەپ پارقىراپ كەتكەن كۆركەم بەدىنىگە، ناشتەك مودۇر-چوقۇر مۇسكۇللىرىغا قاراپ بىرپەس تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن:

— مۇساجان، تاماق يەۋالسىلا، — دېدى.

مۇسا بۇ چىرايلىق ئاۋازدىن ۋە يېقىملىق چاقىرىشتىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ، كەتمەننى تاشلاپ تىللاخاننىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. تىللاخاننىڭ ئۇزۇن، قارا كۆڭلىكى بەدىنىگە تولىمۇ ياراشقان بولۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن قىزلىق لاتاپەت ئۇرغۇپ تۇراتتى، مۇسانىڭ ھارغىنلىقى يوقاپ كەتتى، تېنىنىڭ بىر يەرلىرىدە قۇرت ئۆمىلەۋاتقاندەك بىئارام بولدى.

ئۇ تامىقىنى يەپ بولۇپ يەنە ئىشقا

چۈشۈپ كەتتى، بەش مىڭ كېسەكنى ئۈچ كۈندىلا قويۇپ قارىمغا پۇل دېيىشكە تىلى بارماي ئۆيىگە كەتتى. قادىر قارىم ئۇنى يەنە ئۆيىگە ئىزدەپ كەلدى.

— ماڭا قارا بالام، مەن بىلەن كۆرۈشمەيلا كەتكىنىڭ نېمىسى! ھەققىڭنى بەرمىسەم يېتىم ھەققىنى يېگەن بولمامدىمەن.

— ياق قارىم، ئۇنداق دېمىسىلە.

— ئال بالام، مانا ماۋۇ ساڭا بېرىمەن دەپ ئايرىپ قويغان ئىككى يۈز يۈەن.

— قارىم، ئۇنداق قىلمىسىلا!

— ئۇقمەن بالام، ساڭا ھازىر پۇل ناھايىتى زۆرۈر.

— باشقا خەقنىڭ پۇلنى ئالسامۇ، سىلىنىڭ پۇللىرىنى ئالمايمەن.

قادىر قارىمنىڭ ساقاللىرى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى:

— ئۇنداق دېمە بالام، خۇدانىڭ ساڭا شۇنداق ئېسىل سىياق، ئىنساپ، تەۋپىق ئاتا قىلغىنىغا شۈكرى! مەن تېخى سېنى ئۆمرىنى ئاشۇ قارا جاڭگالدا ئۆتكۈزۈۋېتەرمىكىن دېۋىدىم، ئاشۇ تەركى سالات ئەپتىڭگە قاراپ ئىچىم ئاغرىيتتى. سېنى كۆرسەملا ئاتاڭ رەھمەتلىك يادىمغا يېتتىدۇ، جەڭگە لايىق ئاجايىپ قاۋۇل ئادەم ئىدى. بىلەمسەن، بىز ئۆز ۋاقتىدا جان دوست ئاغىنىلەردىن ئىدۇق. ئاتاڭغا باققاندا تاغاڭ ھۆسەن كاززاپراق ئادەم بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ بىقىنىغا كىرىۋالما! خۇدا گۇۋاھ، ئەگەر خالساڭ مەن سېنى بالا قىلىۋالاي، سەن ھەقچان بىلمەيسەن، قىزىم تىللاخاننى ئەسلى ساڭا نىشانلاپ قويغان، لېكىن تاغاڭ مەندە بىرەر ئاداۋىتى بارمۇ ئۇقمايمەن، زادى ئېغىز ئاچمىدى. ئاخىرى ئۇ تويۇڭمۇ توي بولمىدى. نىكاھنى خۇدا قوشمىسا بىكار بالام! ئەنە ئاشۇ قىزىممۇ سەندىن بۇرۇن توي قىلىپ يەنە ئاجرىشىپ كەتتى. ئۇنى خېلى ئىمانى كامىل ئادەمگە بەردىم دېسەم، ئۇ مۇناپىق قىزىمدىن خۇپىيانە ئاشنا تۇتۇپ پاسقىلىققا پېتىپتۇ. يەنە تېخى قىزىمنى تۇغماس چىقىرىپ دائىم ئۇرىدىغان بولۇۋاپتۇ، تىللاخاننى يالدۇرۇپ كەلگەندىكى ھالىنى دېمەيسەن، بىر ئوبدان قىز ياداپ تۈگىشىپلا كېتىپتۇ. ئاپىسى يىغلاپ يۈرۈپ، سوتتىن ئاجرىشىش رۇخسىتىنى ئېلىپ ئۇنى ئۆيدە ئوبدان باقتى، شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاخىرى سەن كۆرگەندەك مۇشۇ ھالغا كەلدى. نامازنى تاشلىمايدۇ، قىرائەتكىمۇ ياخشى.

— تىللاخان دىندا ئوقۇغانما؟

— ھەئە.

— ئۇ ماڭا ئۇنارمۇ؟

— ئۇنايدۇ، مەن گەپ ئېلىپ باقتىم، بىراق بىر شەرتى بار ئىكەن. سېنى بەڭگى-لىكنى تاشلاپ بەش ۋاخ ناماز ئوقۇسا، مەسچىتكە چىقىپ جامائەتكە قېتىلسا دەيدىكەن.

— مەن سۈرە بىلمەسەم.

— بىلمىسەڭ قىزىم ئۆگىتىدۇ، ئاندىن كېيىن قالسا مەنمۇ بار ئەمەسمۇ؟ — دېدى قارىم كۈلۈمسىرەپ.

مۇسا بۇ پەرىشتىدەك خىسلەتلىك كىشىنىڭ ھىممىتىگە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەي قالدى. چېھرى پاكىز، مۇلايىم، نازۇك بەدەن بىر ئايال ۋاتىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنى ئاللىبۇرۇن قۇچىقىغا ئېلىپ بولغاندەك ھاياجانغا چۆمدى. قادىر قارىم ئۇنىڭ شادلىق-تىن جىلۋىلىنىپ تۇرغان قارا كۆزلىرىدىكى ھىدايەت، پەزىلەت نۇرىنى كۆرۈپ قىزىنىڭ نېمىشقا ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغىنىنى چۈشەنگەندەك بولدى. خۇداغا كۆڭلىدە ھەمدۇ سانا ئوقۇپ سالام ئەمەسە، شۇنداق بولسۇن، دەپ خۇشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

مەھەللىدىكى كىشىلەر ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ تويىغا داخىل بولدى. بۇ تويغا مۇسانىڭ تاغىسى كەلمەي ھاماچىسى كەلدى. ھاياجانغا تولغان توي كېچىسىدىن كېيىن

تىللاخان سەھەر تۇرۇپ بويىنى سوغا سىلىپ ئارقىدىن جايناماز غا يۈكۈندى. موسا ئورنىدىن قوپقۇسى كەلمەي، جىنىغا جان ئۇلىغان بۇ سۆيۈملۈك ئايالنىڭ ئاپئاق رومالغا ئورۇنۇپ پەرىشتىدەك سىياقتا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئاخشامقى ئىشلىرنىڭ بىر شىرىن چۈش ياكى ئەمەسلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدى.

تىللاخان نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كىيىن جايناماز نى يىغىشتۇرمايلا قولىغا قۇرئان ئېلىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا قىرائەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ مۇزىكىدەك يېقىملىق، ياڭراق ھەم مۇڭلۇق ئاۋازى موسانىڭ قۇلىقىدىن كىرىپ مېڭىسىگە ئورۇلۇپ جاراڭلايتتى. قاتتىق يۈرىكىنى سۆيۈلدۈرۈپ ئۇرغۇپ تۇرغان قانلىرىغا قوشۇ-ۋەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ئەسلىدە ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ ئەمدىلىكتە ئۆزىنى جېنى چىقىپ كېتىۋاتقاندەك زەئىپ، ئاجىز ھېس قىلىشقا باشلىدى، بۇ ھالەتكە تاقەت قىلالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بەدىنىنى پاكلاپ بولۇپ ئايالغا دېدى:

— مەنمۇ ناماز ئوقۇي، سۈرە ئۆگىتىڭ.

ناشتىلىق تەييارلاۋاتقان تىللاخان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ گەپ قىلمىدى.

— قارى دادامىمۇ دەيدۇ، سىز ماڭا سۈرە ئۆگىتىڭ.

بۇ ئۇنىڭ تىللاخانغا تۇنجى ئېغىز ئېچىشى ئىدى. تىللاخان ئۇنىڭ قېلىن لەۋلىرى، رەتلىك چىشلىرى ئارىسىدىن بوراندەك گۈركىرەپ چىقىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ مەزمۇت ئادەمنىڭ سۆزىمۇ مەزمۇت، ۋەزىنلىك بولىدىكەن دەپ ئويلاپ قالدى. چىن يۈرىكىدىن سۆيۈنۈپ تۇرۇپ:

— ماقۇل، ئاۋۋال چىپىڭىزنى ئېچىۋېلىڭ، — دېدى ھەم ئۇنىڭغا تارتىنىش تەرىزدە تىكىلدى. بۇنى كۆرۈپ موسا ئۆزىنى ناھايىتى مەغرۇر ھېس قىلدى.

تىللاخاننىڭ خاسىيىتى بىلەن موسا ۋە ئۇنىڭ غېرىبانە ئۆيى يېپيېڭى تۈسكە كىردى. ئۇ ھەر سەھەر مەسچىتكە بارسا جامائەت ساقال-بۇرۇتلىرى چىرايلىق ياسالغان، دوپپا، تون، ئۆتۈك كىيگەن موسانى ھەيرانلىق ۋە قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالاتتى، ئۆيىگە كەلسە گۈلدەك ئايالى ئۇنى سۆيۈندۈرۈپ تۇراتتى.

موسا قادىر قارىم ئايرىپ بەرگەن بەش مو يەرگە زىرائەت تېرىشتىن باشقا ئىش يوق كۈنلەردە ئۆي يېڭىلاۋاتقان خەقلەرنىڭ كېسكىنى توكۇپ بېرىشنى داۋاملاشتۇردى. خەقلەر ئۇنىڭ قارا كۈچىدىن پايدىلانسا ئۇ ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ياردىمىدىن ۋە ئىقتىسادىي كۈچىدىن پايدىلىناتتى.

كۈنلەر ئاجايىپ قىزىقناق ئۆتتى. موسا بۇ قوشۇلۇپ قېلىشنىڭ ئاللانىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان بەختىنىڭ بەلگىسى دەپ تونۇپ چىن ئىخلاسى بىلەن نامازغا كىرىشتى ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇر-دى. تىللاخان بەزى ئاخشاملىرى ئۇنىڭغا دىنىي رىۋايەتلەرنى، تارىخىي قىسسەلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. موسا پەيغەمبەرلەر، پالۋانلار ھەققىدىكى ئاشۇ ھېكايەتلەرنى ئاڭلىغاندا ئىچىدە ئۇلارغا ھەۋەسلىنەتتى ھەم ئۆزىچە ھەسرەتلىنەتتى: بۇ چاغدا ئۇ تىللاخاننىڭ ئۆزىگە مەھلىيالىق بىلەن قاراپ كېتىدىغانلىقى-دىن ئەجەبلەنسە، ھەر تاڭدا ئۆزىنى كەڭ ماڭلىيىدىن سۆيۈپ ئويغىتىدىغانلىقىدىن قالتىس شادلىناتتى، ئەمما بۇنىڭ جاۋابىنى قايتۇ-رالمىغانلىقىدىن خىجالەت بولاتتى.

توي قىلىپ بىر يىل بولاي دېگەندە تىللاخان بويىدا قېلىپ ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئۇ بولغۇسى بالىسىنىڭ ئوبرازىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئاجايىپ خىياللارغا چۆمەتتى.

بىر كۈنى قادىر قارىم كۆيگەن توخۇ-دەك بىر ھالەتتە موسانىڭ ھويلىسىدا پەيدا بولدى.

— بالام، بالام چاققان بول، ھەمراخان ئاپاڭنى چاقىرىپ كەل. تىللاخان بولالمايۋاتىدۇ!

مۇسا ھاماچىسىنىڭ بۇرۇن مۇشۇ ئەتراپتا تۇغۇت ئانىسى بولۇپ يۈرگەنلىكىنى ئىسكە ئېلىپ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە چاپتى. ھاماچىسى قىرشقاندەك قوشنا مەھەللىدىكى بىرەيلەننىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا كېتىپ قالغانىدى. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي قادىر قارىنىڭ ئۆيىگە يەنە چۆگىلەپ بېرىپ قالدى. ئۆيگە كىرگەندە قېيىن ئانىسى چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. قادىر قارىمۇ قىزىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ بۇتتەك قېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئايالىنىڭ ئىششىك تەرەپكە قاراپ قېتىپ قالغان كۆزىنى كۆرۈپ گويا ئىككى تال ئوقيا ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كېلىپ يۈرىكىگە قادالغاندەك پەرياد ئۇرۇپ، دەلدەڭشىپ بارغىنچە قادىر قارىنىڭ بىقىنىغا تىزلاندى. قارىم قىزىنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويدى.

تۇغۇت تەتۈر كەلگەن، كاج پەلەك تەتۈر كەلگەنىدى. بۇ قىسمەت مۇسانى يىقىتىپ قويغىلى تاس قالدى، ئەمما جان يەنىلا پۇختا ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، ئوچۇق كەتكەن ئاشۇ ئاھۇ كۆزنى، جەننەت نۇرىدىن نۇرلانغان گۈزەل سىمانى ئەسلەپ سائەت-سائەتلەپ تائەت-ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولدى.

## 3

مەھەللە باشلىقى موللا روزى «ئاق قوناق ھارىقى»غا ئامراق، مەككار ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ سىڭلىسىنى ئالغان سەمەت ساقى بازاردىن مەست چىقىپ، ئەزرائىلنىڭ بۇرنىدىن تۇتۇپ يېتىلشى بىلەن، ئايدىڭدا پارقىراپ كۆرۈنگەن ئۆستەڭنى يول دەپ قالدىمۇ ئەيناۋۇر شۇ يولنى بويلاپ ئۆيۈمگە بارىمەن دەپ ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالدى. مايىسخان ئۈچ بالىسى بىلەن تەئەللۇقنىڭ تايىنى يوق ئۈچ ئېغىز ئۆيگە ۋە ئۇن مو يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن خۇدادىن زارلىنىپ، بىر تەرەپتىن تۇرمۇش قاقشاپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. موللا روزى سىڭلىسىنىڭ بۇنداق ئۆتۈۋېرىشىگە قاراپ تۇرالمىدى. ئۇ سىڭلىسىغا لايىق ئەر سۈيىتىدە ئەڭ ئاۋۋال مۇسانى خىيالىغا كەلتۈردى. مۇسا مۇشۇ مەھەللىدىكى ئۆيى ئىسسىمايۋاتقان بىردىنبىر بويتاق بولۇپ، تىللاخان تۇغۇتىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن زادىلا ئۆيلەنمىدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن قادىر قارىم ۋە ئايالىمۇ كەينى-كەينىدىن قازا قىلدى. مۇسا قارىمنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن ئۇلارنىڭ زېمىنىنى باشقا بىرەيلەنگە سېتىپ، پۇلىنى قارىمنىڭ تىللاخاندىن باشقا كىچىك قىزلىرىغا بۆلۈپ بەردى. قالغىنىنى مەسچىتكە ياردەم قىلدى. موللا روزى ئۇنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئىشلىرىغا ئوبدان تايانچى بولۇپ بېرەتتى، شۇڭا مۇساغا كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي ئېيتىۋېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ مۇسانىڭ ئۆيىگە كىرگەندە مۇسا پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ تاماكا يۆگەپ ئولتۇراتتى.

— ھوي، سەن بۇ تاماكىنى تېپىۋاپسىنا؟!

مۇسا ئېغىز تىنىپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.

— يەنە نېمە دەردىڭ بار، ئاڭلاپ باقاي.

— سىز؛ ھەقىچان كېۋەزگە ئوغۇت يىغقىلى كەلگەنسىز؟ كېۋەزگە بىر تۇتاش ئوغۇت بېرىپ نېمە قىلىدىكەن، ھەممە خەق ئايرىم ئوغۇت بەرسە بولمامدۇ؟

— نېمىدەپ يۈرسەن، بۇ دېگەن يېڭى يولىيورۇق. مەبلەغنى تەڭ يىغىمىز، تەڭ سەرپ قىلىمىز، ھەممىنى بىر تۇتاش باشقۇرىمىز.

— تەڭ سەرپ قىلامسىلەر-قىلمامسىلەر خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. نېمە بولسا بولسۇن، ئوغۇتنى ئۆزۈم چاچىمەن، پايدا-زىيان چىقسا ئۆزۈمگە!

— ئوغۇتنى بەرمىسەڭمۇ بەرمە، ئۆزۈم كۆتۈرۈۋېتەي.

— ياق، نېمە بولسا ئۆزۈمگە.

— بولدى، بۇ گەپنى قىلىشمايلى، مەن
بۇنىڭغا كەلمىدىم، ساڭا بىر مەسلىھەت
سالغىلى كەلدىم.
— نىمە مەسلىھەت؟
— بېشىڭنى ئوڭلاپ قويايمىكىن دەيمىنا؟
— مەن ئۆيلەنمەيمەن.
— ئەخمەق، جىك ئەخمەقكەنسەن، ئەر
خەق سەندەك گىجىك بولمايدۇ، مەن ساڭا
ياخشى بولسۇن دەپ بۇ گەپنى قىلىۋاتىمەن.
— ئەمدى ئۆيلەنمەيمەن، ئۆزۈم يالغۇز
ياشايمەن.
— مۇبادا بىرەر خوتۇننى ئەمرىڭگە ئالساڭ
سەنمۇ ساۋاپ تاپىسەن، ئۇمۇ تەرتىڭگە
سۇ بېرىدۇ، ياخشى ئويلان.
— تول خوتۇنلارغا باشپاناھ بولۇشقۇ ساۋاپ
ئىش.
— ھە مانا، ئەمدى دەپ باقە!
— ئۆيلەنسەم كىمگە ئۆيلىنىمەن؟
— بىزنىڭ مايسىخانغا، يۈزۈمنى قىلىن قىلىپ
دەۋەردىم، ھەيران قالما، بۇنى مەن بۇرۇنلا
ئويلاپ قويغان. سەن ئېغىز ئاچقىچە مەن
دىبىدىم، ئەگەر دېمىسەم مۇشۇ پېتى قېرىپ
ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايسەن. شوكلەپ
كەتتىڭغۇ! گەپنى ئۆزۈڭگە لايىق يوغان-يوغان
دېمەمسەن!
— بۇنىڭغا مايسىخان نىمە دەيدۇ؟
— نىمە دېسە دېمەمدۇ، سەندەك ئەرگە
ئۇنىمسا ئۇنداق خوتۇننى ساراڭ دەيمىز!
— مەيلى ئەمىسە.
— ئەمسە شۇنداق كېلىشتۇق.

مولla روزى جىددىيلىككە كۆنگەن خۇي پەيلى بويىچە ئارتۇق پاراڭ قىلماي ئۆيىگە كەتتى ۋە مايسىخاننى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈردى. مايسىخان «باللارنى ئۆگەيلەپ قويمىسلا مېنىڭ باشقا گېپىم يوق» دېدى. ئەمەلىيەتتە ئىچ-ئىچىدىن شادلىنىۋاتقانلىقى ئۆزىگە مەلۇم ئىدى.

مەھەللىدىكىدىلەر مۇسانىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق توي ئىشىغا ئېغىز تەگدى. ئاددىيغىنا داۋالاشقان جۇۋان تويى جىمجىتلا ئاخىرلىشىپ ئەر-ئايال يەنە بىر ھۇجرىغا جەم بولدى.

مايسىخان قاش-كۆزى جايىدا، دۇغلاق، سىمىز ئايال بولۇپ، مۇساغا قاچانلاردىن باشلاپ يوشۇرۇن ھەۋەس قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلمەيتتى. توي ئاخشىمى ئۇ ئۆزىنى بۇ دۇنياغا قايتا تۆرەلگەندەك، ياشلىقنى قايتا تېپىۋالغاندەك ھېسسىياتقا كەلدى. ئەتىسىدىن باشلاپ مۇسانىڭ تەرتىگە سۇ بېرىشتىن تارتىپ ئۆيى ۋە ئېتىز ئىشلىرىغىچە ھەممىنى ئۈستىگە ئېلىپ قول-قولىغا تەگمەي ئىشلەشكە باشلىدى.

مۇسانىڭ يېرىنىڭ ھەممىسى كېۋەزگە كېلىپ قالغان بولۇپ، ئۇ بىكار بولسىلا شۇ ئەتراپتا چۆگىلەپ يۈرەتتى. ئۇ ئۇپچە ھالدا قوپال تېرىلىپ قالغان تېخى تۈزۈك ئۆسەلمەيۋاتقان كېۋەزگە ئوغۇت بېرىش ئۈچۈن ئۆزى ئايرىم سېتىۋالغان بىر قاپ ئورىيانى دۈمبىسىگە ئارتىپ ئېتىزلىققا يېقىن كېلىشكە قارشىسىدىن بىر ئاق پىكاپ چىقىپ غاچچىدە توختىدى. ئىشك ئېچىلىپ سىمىزلىكىدىن تىقىلىپ كەتكەن، تاقىر بېشىغا تور قالپاق كىيىۋالغان بىر ئادەم يەرگە چۈشۈپلا قارا كۆزەينەكنى تاقاپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— ئوغۇتنى ساڭا كىم بەردى؟
— ئۆزۈم سېتىۋالدىم.
— دادۈيجاڭ نىمىشقا ئۇنى بىر تۇتاش
يىغمايدۇ؟ سەن ئوغۇت مەبلىغىگە پۇل
بەرگەنمۇ؟
— بەرمىگەن.
— نىمىشقا؟
— ئۆزۈم ئايرىم چاچىمەن دەپ.
— بۇنداق قىلىشقا نىمە ھەددىڭ؟
— كېۋەز تېرىغاندا يىغقان پۇللىرىمىزنى
ئىشلىتىپ ئۇپچە تېرىغان كېۋەزنىڭ ھالى شۇ
تۇرسا!

www.uyghurkitap.com

— سەن دۆت، ھۆرۈن نىملەر كېۋەز
تېرىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلىنى بىلمسەڭ؛ پەرۋىش
قىلىشنى تېخى بىلمسەڭ؛ تېخنكىلىق يول بىلەن
بىر تۇتاش تېرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمسەڭ؛
ئىقتىسادىي زىرائەتنى جىق تېرىپ باي قىلىش
دەۋاتسا تۈگىدەك كەينىگە سىيسەڭ، قانداق
قىلمىز ئەمدى! مۇشۇ ئوغۇتنى چېچىپ قويۇپ
زىيان قىلسا ساڭلا ئەمەس، دۆلەتكىمۇ زىيان
بولىدىغانلىقىنى ئۇقمامسەن؟!

مۇسا بىردىن قىزىشىپ كەتتى:

— ئادەمگە ئۇنداق توڭ تەگمىسىلە!
قايسىبىر تېخنىك بىزگە ئىش ئۆگىتىپتۇ؟! ئۇرۇق
پۇلى، يالتىراق پۇلى، تېرىش پۇلى، ئوغۇت
پۇلى دەپ بىرمۇنچە مەبلەغ يىغىپ بار-يوقىمىز-
نى تۈگەتسە، ئادەمنى بىكارچى قىلسا؛ يا
زىغىر، يا شال، يا تاۋۇز تېرىغىلى قويمىسا؛
قىرغا، چۈنەك ئارىسىغا سەي تېرىپ قويسا
يۇلۇۋەتسە، بىز ئاش، سەي يېمەي پاختا
يەمدۇق! تېخى پاختىنىڭ پۇلىمۇ تايىنلىق،
ئۇمۇ باجدىن ئاشمايدۇ. بىز ئەمدى قايسى
پۇلغا ياغ، گۈرۈچ، سەي ئېلىپ يەيمىز؟
بازارغا بېرىپ باقسىلا، ياغ قىممەتمكەن،
پاختىمۇ! ئىشلىگەن ھەق نەدە قالدى؟ باي
بولۇش نەدە قالدى؟! ئېتىزدا ئىشلىمەي
كۈنىگە مىڭ كېسەك قۇيسامۇ ئەللىك كويىنى
ئالالىلا تاپىمەن، تېخى قورسىقىمنىمۇ باقىمەن.

— شۇنداقمۇ؟! گېپىڭ خېلى چوڭغۇ
سېنىڭ! تولا گەپ قىلماي ماۋۇ ئوغۇتنى
جايىغا تاپشۇر! بولمىسا نەق مەيدان يىغىنى
ئېچىپ ئۆزۈڭنى ئاما ئوتتۇرىسىدا تەكشۈرتكۈزد-
مەن!

— قانداق قىلسىلا مەيلى، ئوغۇتنى قانداق
قىلسام ئۆزۈمنىڭ ئىشى!

— كوللېكتىپقا، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇن-
مايدىغان قانداق قۇلاق كەستى نېمسەن؟!

— كۆزۈمگە تولا كىرىۋالمىسىلا.

باشلىق قارا كۆزەينىكىنى يۇلۇپ ئېلىپلا
ئۇنىڭغا سەت بىرى ئالايدى-دە، پىكاپقا
كىرىپلا ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى، مۇسا ئۇنىڭ
ئارقىسىدىن بىرھازا قاراپ تۇردى ۋە موخورك-
دىن بىر تال يۆگەپ ھۇزۇرلىنىپ چېكىۋەتكەندىن
كېيىن ئوغۇتنى يۈدۈپ يولنى داۋاملاشتۇردى.
كېۋەزلىككە كېلىپ بۇندىن بۇرۇن ئۆزى
تۈجۈپىلەپ تېرىغاندىكى كېۋەزدىنمۇ سويۇق،
پاكار تۇرغان كېۋەزلىرىگە قاراپ ئۇنىڭغا
جەزمەن ئوغۇت بېرىپ ئاندىن سۇ ئېچىپتىش
قارارىغا كەلدى. ئۇ خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ
پېشىن ۋاقتىنى سەل ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى
سەزدى ۋە يول بويىدىكى ئېرىقتا بېرىپ
تاھارەت ئېلىپ، ئېتىزدىلا نامازغا بەنت بولدى.
ناماز ئاخىرلىشاي دېگەندە مۇسا ئارقا تەرەپتىن
ھېلىقى پىكاپنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىنى،
ئالىلكملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىنى ئاڭلاپ
يۈرىكى سەل ئاغقاندەك بولدى، بىراق جايىدا
قىمىرلىماي ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن
داۋۇيجاڭنىڭ ئاندىن موللا روزىنىڭ «بوپتۇ،
نامىزىنى ئوقۇپ بولسۇن» دېيىشكىنىنى ئاڭلىدى.

— ياق، بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ! —
دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى باشلىق.

— مانا ھازىر شاڭجاڭ. مانا مەن ھازىرلا
ئۇنى قويۇۋېرىمەن، — دېدى موللا روزى ۋە
يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان مۇسانىڭ كەينىدىن كېلىپ
قۇلىقىغا شىۋىرلىدى.

— ھەي تۈگە تاز، قوپ! شاڭجاڭ يىغىن
ئاچىدىكەن! ئەمدى پېپەن قىلىنىدىغان بول-
دۇڭ! نېمىشقا ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرغان دەي-
مەن؟! ئوغۇتنى ھازىرچە ئۆتكۈزۈپ تۇرساڭ،
تەكشۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن قولۇڭغا پۇل
دەمسەن، نېمە بولسا مەن بەرسەم بولمامدۇ؟

مۇسا ئايىتىنى ئوقۇپ، چىن ئىخلاسى
بىلەن خۇداغا سىغىنىپ، ئۇ ئەلەمگە كەتكەن
سۆيۈملۈك ئايالى تىللاخانىنىڭ روھىنى خۇش
قىلىۋاتاتتى.

— ھەي قوپ دەيمەن! شاڭجاڭ تۇرۇپ

قالدى! ئامىزىڭنى ئۆيگە بارغاندا ئوقۇۋال!

مۇسا جىمجىت ئولتۇراتتى، لىۋى قىمىرلايتتى، كۆڭۈل كۆزى ئۇلۇغۋار، غايىبانە بىر سىمانى كۆرۈۋاتاتتى.

— ھەي مۇناپىق،گوي، ئورنىڭدىن تۇرامسەن- تۇرمامسەن!

مۇسانىڭ قولاق تۈۋىگە مۇشت ئۇرۇلغاندەك بولدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، موللا روزىنىڭ كانىيدىن سىقىپ، پىشانىسگە بىرنى قويۇپ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. ھېلقى باشلىق ۋە مەجلىسكە كەلگەن دېھقانلار كاللىسنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ قالغان موللا روزىنى، كۆزىدىن بۆرىنىڭ كۆزىدەك ئوت يېنىپ تۇرغان مۇسانى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالدى. مۇسا شىردەك غەيۇرلۇق بىلەن باشلىقنىڭ ئالدىغا قەدەم ئېلىشىغا ئۇ قورقۇپ تاتىرىپ، پىكاپىغا شالدەك تېز كىرىپ، خەپ دەپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قوللىرىنى پىكاپنىڭ دېرىزىسىدىن چىقىرىپ پۇلاڭلىتىپ قويۇپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇسانىڭ تۇرمۇشى باشقىلار مۆلچەرلىگەندەك بولدى. مايسىخان مۇسادىن ئامالسىز ئاجرىشىپ، ئۈچ بالىسى بىلەن ئەسلىدىكى ئۆيىگە چىقىۋالدى. موللا روزى مەمۇرىي جازا دەپ داۋراڭ سېلىپ مۇسانى قادىر قارىمدىن قالغان بەش مو يەرنى قايتۇرۇشقا قىستىدى. قايتۇرمىغان تەقدىردىمۇ مۇسا ئۇ يەرنىڭ جەرىمانىسىدىن ۋە ھەر يىلدا ئۆرلەۋاتقان باج-سېلىقلىرىدىن قۇتۇلالمايتتى، شۇڭا ئۇ يېرىنى كۆپ تارتىشمايلا قايتۇرۇپ بەردى.

شۇ ئىش بولۇپ ئاز كۈندىن كېيىن مۇسا ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتتى، خەقلەر ئۇنىڭ ئۆيىنى تاشلاپ نەلەرگە كەتكىنىنى بىلەلمىدى.

## 4

مۇسا مەھەللىسىدىن ئادا-جۇدا بولغاندىن كېيىن قەبرىستانلىقتا بېرىپ تىللاخاننىڭ قەبرىسىگە بېرىپ دۇئا ئوقۇۋېتىپ ئاندىن مەھەللىدىن خېلى يىراق بولغان يېزا بازىرىغا يۈرۈپ كەتتى.

بازار بۇ كۈنى ناھايىتى قىزىغان بولۇپ، ئۇششاق سېتىقچىلار، سودىگەرلەر، خېرىدارلارنىڭ، رادىئو كانىيىنىڭ، كىنو، سىنئالغۇلارنىڭ شاۋقۇنى خېلى يىراقتىن ئاڭلىناتتى. مۇسا بازارغا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ، كەلمىگىنىگە ئۇزۇن بولغان بۇ ئاجايىپ جاينىڭ قايناق مەنزىرىسىنى تېزرەك كۆرۈش ئۈچۈن قەدىمىنى تېزلەتتى. ئادەم، ۋېلسىپىت، ھارۋىلار بىلەن توشۇپ كەتكەن كوچا ئېغىزىدىن ماشىنا ئۆتىدىغان تاشيولغا مىڭ تەسلىكتە چىقىۋالدى. بىر ئاپتوبۇس گۈركىرەپ كېلىپ سىگنال بەرگەنىدى، ئۆزىنى دەررۇ ئەپقاچتى. يۈرىكى غەلىتە سوقۇپ كەتتى. ئاپتوبۇستا ئولتۇرغان چىرايلىق بىر قىز ئاپتوبۇسقا جىممىدە قاراپ تۇرغان سۇۋادان تېرەكتەك مەزمۇت، كۆزى يوغان، ساقاللىق بىر ئادەمنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالدى، مۇسا بۇنى بىلمىدى. ئۇ ئۆپچۆرىسىدىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە قانداق قارايدىغانلىقى بىلەن كارى يوق، پەقەت ئۇلارنى بۇ خەقنىڭ ئۆي، باللىرى بار، كۈنى مەندىن ياخشى دەپلا ئويلايتتى. شۇ ئەسنادا بازارلىق مەسچىتنىڭ پەشتىقىدىن مەزىننىڭ پېشىن نامىزىغا توۋلىغان ئەزىنى ئاڭلاندى. مۇسا دەرھال مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئۆتىدى. ئاندىن ئوي بازار، دۆڭ بازارلارنى بىردەم ئايلىنىپ ئۇلاغ بازىرىغا بېرىپ قالدى. ئۇ ئات ئالىمەن دەپ ئۇزۇندىن بېرى يىغىپ قويغان پۇللىرىنى ساناپ بېقىپ يەنە يانچۇقىغا سالدى، قارىسا تۈزۈك ئات يوق، ساپلا ئېشەك، ئۇ ئېشەككە بەكمۇ ئۆچ ئىدى.

ئويغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ قورساقلىرى كوركىراشقا باشلىدى. ئۇ ئۇلاغ بازىرىدىن چىقىپ، يايمىكەشلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئاشخانىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ پولۇ يېدى، پۇلىنى تۆلەيدىغاندا قارىسا يانچۇقىدا پۇل يوق. ئۇ غەزەپ ۋە ئۈمىدسىزلىككە تولۇپ بىرنېمىلەرنى دەۋەتكۈسى كەلدى. بىراق خەق بار يەردە يەنىلا يۈزىنى ساقلاشنى راۋا كۆرۈپ، ھەممە ئىشنى ئۆزىنىڭ بىخەستىلىكىدىن، شەيتان ئازدۇرغان نائىنساپنىڭ ئەسكىلىكىدىن كۆرۈپ، خۇداغا بولغان ئىشەنچ ۋە سەۋر-تاقەتتە ئەلەكمۇللا دەپ تۇرغاندا ئاشپەز ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تۇيۇپ:

— پۇلىڭىز بولمىسا بوپتۇ، پۇل تاپقاندا بېرىۋېتەرسىز، — دېدى.

مۇسا تەسىرلىنىپ:

— بۇ ھەقىقىي مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار ئۇستام، — دېدى ۋە ئىچ-ئىچىدىن قاپساپ كېلىۋاتقان ھەر خىل مۇرەككەپ ھېسسىياتنىڭ بورۇقتۇرمىلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇڭدا قويغان ئىنساپسىز ئوغرىنى ئىزدەپ ماڭغاندەك تېزلىكتە مەلۇم بىر ياقنى نىشانلاپ كېتىۋەردى، ئۇ بىر-بىرىگە سۈركىلىپ، سوقۇلۇپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ قايسىسى دېھقان، قايسىسى كادىر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئەمما بايلار بىلەن پېقىرلار روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ھەممىدىن ئېگىز بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ تېقىمى ئاستىدا ئۆمىلەپ كېتىۋاتقاندەك ئاجىز، بىچارە ھېس قىلدى ھەم ئاللا كەمبەغەل تەقۋادارلارغا يېقىن تۇرامدۇ ياكى بايلارغىمۇ دەپ ئويلاپ قالدى.

كەچ كىردى، ھەرقايسى كەنتلەردىن كەلگەن دېھقانلار هارۋا، تراكتورلارغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە ماڭدى. سودىگەرلەر ماللىرىنى ماشىنىلىرىغا ئارتىپ باشقا ياققا جۆنىدى. مۇسا مەسچىتكە كىرىپ پەرزنى ئادا قىلغاندىن كېيىن يەنە كەچلىك بازارچىلار ئارىسىدا مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئادەمدىن خالىي بىر جايغا كېلىپ قالدى. ماڭىدىغان يول تاپالماي ئارقىغا يېنىپ كېتەي دەۋاتقاندا بىرسىنىڭ «ئەمدى كېتىڭ» دېگىنىنى ئاڭلىدى. بۇ ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئىدى. «ياق» دېدى ئەر. مۇسا ئۇلارنىڭ چىرمىشىپ كەتكەن خىرە گەۋدىسىنىلا كۆرەلىدى. «ئەمدى - بولار، مېنى كەتكىلى قويۇڭ!» دەيتتى ئايال ھاسىراپ. مۇسا ئۇنىڭ بېشىغا ياغلىق ئارتمىغان، ئورۇق بىر چوكان ئىكەنلىكىنى بايقىدى. «ياق، جېنىم! بىز يەنە يارىشىۋالايلى!» دەيتتى ئەر. ئۇلار ئەتراپىدىكى ھەممە نېمىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

مۇسا كۆڭلىدە ئىزنىتقۇغا يولۇقۇپتىمەن دەپ ئويلىدى-دە، قانداق تېز كەلگەن بولسا شۇنداق تېز كەتتى ۋە ھېچ ئىككىلەنمەستىن ھېلىقى ئاشپەزنىڭ كەڭ-كۇشادە دۇكىنىغا كىرىپ ئۇنىڭغا دېدى:

— ئۇستام، سىلىنىڭ مەندە ھەققىلىرى قالغان، مېنىڭ ئۇنى تۆلىگۈدەك ھېچنېمەم يوق، نەگە بېرىشنى بىلمىدىم. ئەگەر ئۇنىسىلا يانلىرىدا تۇرۇپ ئىشلىگەچ ئازراق ھۈنەر ئۆگىنىۋالسام.

ئۇستام دەسلەپ ئەجەبلەندى، كېيىن ئۇنىڭغا قاراپ ئىشەنچ بىلەن كۈلۈمسىرەپ، نېرى-بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا:

— ئاۋۋال يۇگۇر-يېتىم ئىشلارغا قارىشىپ بېرىڭ، ئاندىن بېلىكىڭىزدە كۈچ بولغاندىكىن بازمەن تارتىشنى، سەي قورۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ، — دېدى.

— مەيلى قانداق دېسىلە شۇنداق قىلىمەن، — دېدى مۇسا خۇشاللىق بىلەن.

— ئاۋۋال تاماق يەۋېلىڭ، قورسىقىڭىزمۇ ئاچقاندۇ؟

مۇسا ئۇستامنىڭ بۇ خەيرىخاھلىقلىرىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭغا جەزمەن ياخشى ئىشلەپ

بېرىش نىيىتىگە كەلدى. تاماقتىن كېيىن ئۇستام ئۇنىڭغا ياتىدىغان ئۆيىدىن تارتىپ ھەممىنى تەل قىلىپ بەردى.

مۇسا كېيىنچە شاگىرتلاردىن بۇ ئۇستامنىڭ بىرمۇ ئوغلى يوقلۇقىنى، چوڭ قىزىنىڭ بىر شوپۇر بىلەن قېچىپ كەتكەنلىكىنى، كىچىك قىزىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر ئەپەندىگە تېگىپ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئاشخانىدا ئىشلىگىلى ئۇنىماي كوچىدا لەگلەك سېتىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلدى.

مۇسا ئۆزىنىڭ قالماي ئاشپەزلىك ھۈنىرىگە پىشتى. ئۇ، بۇنىڭ بىلەن بازار بويىچە سودىسى ئەڭ ياخشى بولغان بۇ ئاشخانىنىڭ غوللۇق ئادىمىگە ئايلىنىپ قالدى. ئاشپەز ئۇستام بىلەن ئۇنىڭ ئاشخانا ئالدىدا ساما ساتىدىغان خوتۇنى مۇسانىڭ ئوڭلۇقلۇقىدىن ۋە ئۇ كەلگەندىن بېرى ئاشخانىنىڭ كۈندىن-كۈنگە روناق تېپىۋاتقانلىقىدىن شادلىنىپ، ئۇنىڭغا لەگلەكچى قىزى ئايگۈلنى ئېلىپ بېرىشنى مەسلىھەتلەشتى.

ئايگۈل سېرىق چاچلىرىنى كۆپتۈرۈپ، كۆك كۆزى ۋە نېپىز لېۋىنى غەلىتە بويىۋالىدىغان ياسانچۇق ھەم كۆرەڭ بىر چوكان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى قىز سۈپەت كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغانلىقىدىن-مۇ ياكى كىيىم ۋە پەردازىنىڭ كۆچىدىنمۇ ئىشقىلىپ ئۇنى كۆرگەن ئادەم ھەرگىز بىر ئەرگە تېگىپ چىققان چوكان دېمەيتتى. مۇسا ئۇنى بىر كۆرۈپلا كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇستىسىنىڭ ۋە ئايالىنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۇلارنىڭ بۇ ئەتىۋارلىق قىزىغا ئۆيلىنىپ بېقىش، مۇمكىن بولسا ئۇنى ئىمانغا باشلاش نىيىتىگە كەلدى.

توي ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئۆتتى. مۇسا تويلۇق كىيىملىرىنى كىيىپ خۇددى قىران شاھزادىگە ئوخشاپ قالدى. ئايگۈل قىن-قىنىغا سىغمايتتى. توي كېچىسى ئۇ مۇساغا تۇنجى قېتىم ئېغىز ئاچتى ۋە قىلمىغان شوخلۇقلىرى قالمىدى. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىگە تەئەللۇق دەرد-ئەلەملىرىنى مۇساغا سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئۇنىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغان قىز بولۇپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەندىن كېيىن ئۆيىگە يېنىپ كېلىپ تىككۈچىلىككە شاگىرتلىققا كىرگەن. لېكىن ئۇستاملار بىلەن كېلىشەلمەي ئۇ يەردىنمۇ يېنىپ چىققان. كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆزىنى ئوقۇتقان بىر ئەپەندىگە ياتلىق بولغان. بۇ ئەپەندى ئىلمىي مۇدىر بولغاندىن كېيىن مەلۇم بىر ئوقۇغۇچى قىزنىڭ نومۇسىغا تېگىپ پاش بولۇپ قالغان، كېيىن قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا سەككىز مىڭ يۈەن بېرىپ قۇتۇلغان. ئەمما ئايگۈل ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتكەن، بىراق ئېرى ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ يېنىشىۋالايلى دېگەن، لېكىن ئۇ ئۇنىمىغان.

مۇسا ئايگۈلنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋېتىپ، ھېلىقى بازار كۈنى كەچتە يولۇقۇپ قالغان پاسىقلارنى ۋە ئاشۇ ئايالنىڭ سۆزىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ چاغدا ئۇ ئايالنىڭ چىرايىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئەمما ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىناتتى. قىياپىتى قويىندا ياتقان مۇنۇ ئايالغا ئوخشاپ كېتەتتى. مۇسانىڭ كۆڭلىگە ئىلگىرىلا بىر شەك چۈشكەن، ئەمدى ئاشۇ ئاۋازنى، ئاشۇ غىلجىڭ، نايناق، شاللاق ئاۋازنى ئاڭلاپ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى.

ئەتىسى تاڭغا يېقىن مۇسا ناھايىتى بەختىيار ھالەتتە ئۇخلاۋاتقان خوتۇنىغا قاراپ كۆڭلى قاتتىق غەش بولدى، تاھارەت ئېلىپ نامازغا تۇتۇش قىلدى، دۇئاغا قول كۆتەرگەندە پاك ئايالى تىللاخاننى قايتىدىن سېغىندى. دۇئانى تۈگىتىپ گۇمانىي ۋە يىرگىنىشلىك ھېسسىياتى يەنە پەيدا بولدى، ئۇنى چوقۇم ناماز ئوقۇتۇش، پاسىقلىقتىن پاكلاش كېرەك دەپ ئويلاپ تۇرغاندا ئايگۈل كۆك كۆزلىرىنى تۇيۇقسىز لاپپىدە ئېچىپ، ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان مۇسانىڭ بويىندىن كاپپىدە قۇچاقلاپ

يۈز-كۆزلىرىگە سۆيۈشكە باشلىدى. مۇسا يۈزىنى قانچۇق يالاۋاتقاندەك سەسكىنىپ ئۇنى يوتقانغا سىلكىپ تاشلىدى ۋە زاڭقىغا بىر شاپىلاق سالدى. ئايگۈل تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ زەربىدىن ھوشىنى يوقىتىپ، ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ زۇۋاننى قويۇۋەتتى:

— ھە سارالڭ تەلۋە، قاسماق يېتىم ئوغلاق! مېنى نېمە قىلغانىغا ئۇرىسەن؟ ئاش بەرگەنگە مۇشت بېرىۋاتامسەن؟ مېنى بوزەك كۆرۈۋاتامسەن؟ ئۇرسا جىم تۇرىدۇ دەمسەن؟! ھە مانا ئۇره، ۋويي ياۋۇز دىۋە!...

ئايگۈل ياستۇقنى ئېلىپ، ئۈن-تىنسىز تۇرغان مۇسانىڭ كاللىسىغا ئېتىپ تەگكۈزەلمىدى. مۇسا ئۇنىڭ بىشەم ئەپتىگە قاراپ، قاراڭغۇلۇقتىكى ھېلىقى ئايالنىڭ ئايگۈل دېگەن مۇشۇ خوتۇن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى-دە، ئۇنىڭغا ئۈمىدسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئايگۈل ياستۇقنى يەرگە ئېتىپ سەت ئاۋازدا يىغلاشقا باشلىدى.

## 5

مۇسا ماكانىغا قايتىپ كەلدى. موللا روزى ئۇنىڭ يېڭى نىزامچە كىيىملىرىدىن ۋە گەپلىرىدىكى ئۆزگىرىشتىن سەل ئەيمەندى ھەم ئالدىراپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئۇ چوكان ئەسلى خەنزۇ، تېگى ئېنىق ئەمەس. ئۆز ئىسمى مېي بىرنېمە، بىز ئۇنى مەرەمخان دەپلا ئاتايمىز. ئاتا-ئانىسى 60-يىللاردا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، ئېرى بىر يىل ئاۋۋال قانداقتۇر بىر جىنايەت بىلەن ئېتىلىپ كېتىپتىكەن. سەن كەتكەندىن كېيىن ئۇ مۇشۇ ئەتراپتا بىر مەزگىل چاچ، سۇلياۋ دېگەندەك نەرسىلەرگە شار، تانا تېگىشىپ يۈردى. كېيىن شىياۋدۈينىڭ بېغىنى ئۇنىڭغا ھۆددىگە بەردۇق. باغنىڭ بوش يېرىگە ئۇ ئۆزى يالغۇز سەي تېرىپ كۆرمىگ جاپالارنى تارتتى. بىزنىڭ خوتۇنلارنىمۇ ئىشچان دېمىز. لېكىن ئۇنىڭدەك ئىشچان بولماس. سەن كۆي بىزگە قېيداپ چىقىپ كەتكەنچە مانا ئىككى يىل بولدى. كېلەر دېسەك كەلمىدىڭ، ئۆيۈڭنى بىكار تۇرغىچە دەپ ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردۇق شۇ. مانا ئۆزۈڭمۇ كۆرگەنسەن، ئۇ سېنىڭ ئۆيۈڭنى ئوبدان تۇتۇپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ. ئۆزىمۇ شۇنداق مۇلايىم، ياۋاش، ھەممە خەق ئۇنىڭدىن سەي ئالىدۇ. بەك سېخىي دەيدۇ. گەپ قىلساڭ يۈزدە يۈز چۈشىنىدۇ ھەم تېخى ساڭا ئۇيغۇرچە گەپ قىلالايدۇ. ئۇ ھازىر مۇشۇ مەھەللىنىڭ بىر ئەزاسى، ئۇنىڭمۇ بۇ يەردىن كەتكۈسى يوق. ئەمدى سەن قوپۇپ ئۇنى يات كۆرسەڭ، ئۆيىنى بىكارلىسۇن دېسەڭ خەقمۇ سېنى تىللايدۇ. بىزمۇ سېنى ئىككى يىلدىن بېرى نەدە يۈرگەن دەيمىز. كىم سېنى ئۆز مەھەللىسىدىن يۈز ئۆرۈسۇن دەپتۇ؟ بۇ ئۆيىنى تېخى ئەينى چاغدا بىز ئېلىپ بەرمىگەن بولساق قانداق قىلاتتىڭ؟ يەنە دەۋا قىلالامتىڭ؟

— ئاتام رەھمەتلىكتىن قالغان ئۆيگىمۇ ئىگە بولالمايمەنمۇ ئەمدى؟

— بەك بولماي قالسا مايسىخان بىلەن يارىشىپ شۇنىڭ ئۆيىدە ئولتۇر، يېرىڭنى ئايرىپ بېرىمەن.

— ئەمدى يەر تېرىمايمەن، ئۆيۈمنى سېتىپ چوڭ شەھەرلەردە ئوقەت قىلىمەن.

— ئۇنداق ئىش يوق، يەر دۆلەتنىڭ، يەر تېرىمساڭ ئۆيۈڭنىمۇ قايتۇرۇۋشۇڭ كېرەك.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— بۇ دېگەن يېڭى سىياسەت.

— بۇ ھەقىچان ھېلىقى شاڭجاڭنىڭ پەتىۋاسىدۇ؟

— ئۇ ھازىر ناھىيىگە ئۆسۈپ كەتتى، ئورنىغا ۋاڭ شۇجى دەيدىغان بىر باشلىق چىقتى.

— دەپ باقە، مەن ئەمدى نەدە

ئۆلتۈرمەن؟! تاپقان پۇلغا ئاشۇ چوكاننى ئالايمۇ-يا؟!

— ھەي مۇسا، گېپىڭ ئەمدى خېلى يوغناپ قاپتۇغۇ سېنىڭ، كۆلغا كىرىپ خەنزۇ چوكانلارغا ئۆگىنىپ قالدىڭمۇ-يا، ھې-ھې-ھې! بوپتۇ، ئالساڭ ئال، لېكىن ئۇ چوكان مۇسۇلمان ئەمەس، خەق نېمە دەيدۇ. بۇنىمۇ ئويلاپ قوي.

— مۇسۇلمان بولمىسا ئىمانغا كىرگۈزىمەن، بۇنىڭ ساۋابى چوڭ، خەق نېمە دېسە كارىم يوق.

— ۋاي كاساپەت، ئۇ چوكانچاقنا راستىنلا مەيلىڭ چۈشۈپ قاپتۇ-دە!؟ دەرۋەقە، مۇسا ئۇ چوكاننى بىر كۆرۈپلا قەلبى ئېلىپ قالغاندى. ئۇ چاغدا ئۇ چوكان رىشاتكا تېمغا ئېلىپ قويغان تەشتەك گۈللىرىگە سۇ قۇيۇۋاتاتتى. ئۈچىسىغا قىزىل كوپكا كىيىۋالغان بولۇپ، تۈز ھەم چىرايلىق پاچاقلىرىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرىدىغان تار شىمى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنىڭ سىپتا، خۇش پىچىم، زىبا، كۆركەم قامىتىنى تولۇق نامايان قىلاتتى. تۇرقىدىن ياشلىق، گۈزەللىك ئۇرغۇپ تۇراتتى. مۇسا ھويلىغا كىرىپ يېپىيىگى تۇس ئالغان ئۆي ۋە باغ-ۋارانلىرىغا قاراپ بۇ چوكانغا كۆزى چۈشكەندە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟ بۇ ئۆينى سىزگە كىم بەردى؟

چوكان كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىغانىدى. مۇرىسىگە چۈشكەن تەكشى قىرقىم چاچلىرى لەپىلدەپ، كۆزى بۆرىگە يولۇققان كېيىكنىڭ كۆزىدەك پىلدىرلاپ چاقناپ كەتتى. يۇمىلاق يۈزى، كۆكسى، ئىنچىكە قاشلىرى، بادام قاپاقلىرى، يۇمران لەۋلىرى ئىشقىلىپ ھەممە نېمىسى مۇساغا يېڭى ھەم يېقىملىق كۆرۈندى.

— بۇ كىمنىڭ ئۆيى، بىلەمسىز؟

— مېنىڭ ئۆي... بۇ ... سىز كىم؟

مۇسا ئۇنىڭ گېپىدىكى كەمتۈكلۈكنى، ئاھاڭىدىكى غەيرىيلىكنى دەرھاللا سېزىۋالدى ۋە تېخىچە ھەيرانلىق بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بۇ سەبىي چوكانغا كۆپ گەپ قىلماي كەينىگە يېنىپ موللا روزىنى ئىزدەپ ماڭدى.

— بوپتۇ، سەنمۇ مەن بىلەن تولا ئۆچەكىشىپ يۈرمە، ئۇ چوكانمۇ مۇشۇ مەھەللىگە يېڭىتىن تارتىپ قالسۇن، — دېدى موللا روزى مەردانە قىياپەتتە، — قېنى ئۇ ئۆزى نېمە دەيدىكىن، سەن ئۆيدە چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ تۇر، مەن ئۇنى باشلاپ كېلەي.

موللا روزى مەرەمخاننى بىردەمدىلا باشلاپ كەلدى ۋە ئالدىغا چاي قۇيۇپ بىردەم ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن گەپ سورىغاندىن كېيىن مەقسەتكە كۆچتى.

— مەرەمخان، ئۆينىڭ ئىگىسى مۇشۇ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

چوكاننىڭ زۇمرەتتەك كۆزى مۇساغا تەئەججۈپ ئىلكىدە تىكىلدى، بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە يەنە ئىشتىكلا كۆتۈرۈپ موللا روزىغا گويا ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيۋاتقاندەك تەرزدە قارىدى.

— بۇ كىشى ئەمدى باشقا يەرگە بېرىپ ئۆي تۇتالمايدىكەن، سىزنى ئالغۇسى بار ئىكەن، قانداق قىلىسىز؟

مۇسا جايىدا ئولتۇرالماي قالدى، ئۆزىگە تېخىمۇ ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان، كۆزىدىن قىلچە غەيرىي غەرەز كۆرۈنمەيدىغان مەسۇم كۆزلەرگە قاراپ موللا روزىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاش ئىشارىسىنى بەردى. چوكان مۇسانىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن ئەيمىنىپ، پەسكە قارىۋالدى ۋە پۇتىنىڭ ئۇچىدا يەرنى سىجاپ، ئۈن-تىنسىز ئولتۇردى.

مەرەمخان ئاخىرى ماقۇللۇق بىلدۈردى. موللا روزى مۇشۇنداق بولۇشىنى گويا ئالدىنئالا بىلىدىغاندەك ھەممە ئىشنى ئۆزى بىر قوللۇق بىر تەرەپ قىلدى، ئۇ ئىككىسى گۇڭشېغا توي خېتى ئالغىلى بارغاندا ئۇلارنى ۋاڭ شۇجى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن ئاتايىتەن كۆرۈشتۈردى. ۋاڭ شۇجى مۇسانىڭ قولىدىن سىقىپ تۇرۇپ ئۇنى تەبرىكلىدى ۋە مەرەمخان بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى، ئىتتىپاقلىقتا ئۈلگە بولۇشنى، توينى ئاددىي-ساددا قىلىشنى، بۇنى كۆرۈش ئۈچۈن تويغا ئۆزى بارىدىغانلىقىنى ھەم ئاممىغا بۇنى تەشۋىق قىلىش لازىملىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى.

توي گەرچە ئاددىي ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ داغدۇغى قوشنا مەھەللىلەرگە پۇر كەتتى. چۈنكى ۋاڭ شۇجى بىرمۇنچە كادىرنى باشلاپ پىكاپلىق كەلدى، مەھەللە بېغىغا سېلىنغان كىگىز-پالازلاردا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، بۇ يېڭىچە تويىنىڭ كارامىتىدىن زوقلىنىپ يا غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ئولتۇرغانلار بۇنى كۆرۈپ تەڭلا جانلىنىپ كېتىشتى، ئۈنئالغۇ ياڭراپ تۇردى، ئۇسسۇلچىلار سورۇنغا تولۇپ كەتتى. پىكاپ كەچقۇرۇن قايتىپ ماڭغاندا مېھمانلارمۇ ياغلىشىپ كەتكەن ئېغىزىنى سۈرتۈپ، قولىنى يۇيۇپ، ۋېلىسىپىت، ھارۋىلىرىنى تارتىپ، ئۆيلىرىگە قايتىشقا تۇتۇندى.

توي كېچىسى، يەنە شۇ قايناق توي كېچىسى! مۇسا بۇ يېڭىياچە ئەبجەش تۇرمۇشنىڭ شېرىن ئاخشىمىدا ئۇلار بىر-بىرىگە ئايلىنىپ، قېنى بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك بولدى. شىددەتلىك تەپەسلەر پەسكويغا چۈشكەندە مۇسا ئۇڭدىسىغا يېتىپ، قاراڭغۇلۇق باسقان ئۆيگە قاراپ، زۇلمەتلىك گۆرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بەدىنى شۈركەندى. ھەممىڭ ئادەم ئاتىنىڭ بالىلىرى! نەدىندۇر بىر يەردىن شۇنداق بىر ئاۋاز كەلدى، بۇ ئاۋاز تۆت بۇلۇڭدىن، تۈڭلۈكتىن، رۇجەكتىن ھەم يەردىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى، مانا مۇشۇ ئۆيدە تىللاخان خۇدانىڭ چىرىغىنى ياققان، مۇسانىڭ دىلىنى يورۇتقان، تاڭ ئاتقاندا مۇسا تۈڭلۈكتىن كىرىۋاتقان سۇبھى شولىسىغا قاراپ تىللاخانىنىڭ پەرىشتىدەك نۇرانە سىماسىنى كۆرگەندەك بولدى. ئورنىدىن چاققان تۇرۇپ غۇسلى تاھارەت ئېلىپ نامازغا تۇتۇش قىلدى. ئاخىرى دۇئاسىدا ئاللادىن ئۆز گۇناھلىرىنى مەغپۇر قىلىشنى، ئۆزى بىلەن رىسقى قوشۇلۇپ قالغان بۇ ساپدىل ئايالغا ئىمان ئاتا قىلىشنى تىلىدى.

مەرەمخانىنىڭ مۇشەققەتتە تاۋلانغان ۋۇجۇدى توي ئاخشىمىدىن باشلاپ تەدرىجىي ئېرىپ ھايات ئېقىنىغا ھەقىقىي قوشۇلدى. ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە گەپ-سۆزلىرىمۇ مۇساغا يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر جان-بىر تەن بولۇپ ئۇيۇشۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تارتىنچاقلىقى مۇسانى سۆيۈندۈرەتتى، كۆپ گەپ قىلمايتتى. ئەمما گەپ قىلسا ياكى مۇسا ئۆگەتكەن «كەلىمە شاھادەت» لەرنى ئوقۇيدىغان بولسا مۇسا ئۇنىڭ ئويماقتەك ئېغىزىغا قاراپلا قالاتتى.

مەرەمخان ھەقىقەتەن ئىشچان بولۇپ، مۇساغا ھېچقانداق بەس سالمايتتى، كېچىسى ئۇنىڭ بوينىغا بەختىيارلىق ئىلكىدە گىرە سېلىپ چىرايىغا ئۇزۇنغىچە قاراپ كېتەتتى، ئۇنىڭ يىرىك يۈزىگە ئاق، سۈزۈك يۈزىنى سۈركەپ بىركەمدە يېنىك تىنىپ ئۇخلاپ قالاتتى. مۇسا ئۇنىڭغا ھارغىنلىق يەتكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالاتتى، ئەتە چوقۇم ياردەم بېرىمەن دەپ ئويلايتتى، بىراق ئەتىسىمۇ ئۇنىڭغا ئىش تەگمەيتتى، مۇسا گاھىدا ئۇنىڭ چىرايىدىن غەم-غۇسسە ۋە تەشۋىش ئالامەتلىرىنى بايقاپ قالاتتى، سەۋەبىنى سورىسا مەرەمخان «مەندە - مىجەز يوق» دەپلا تۇرىۋالاتتى، ھەسرەتلىك تىنىقلىرىنى ھېچكىم ھەتتا مۇسامۇ بايقىيالمايتتى.

ياز پەسلىدە قېرىلاردىن باشقا ھېچكىممۇ بەش ۋاخ نامازنى مۇسادەك ساق ئوقۇمايتتى. مۇسا يەنە ئۇزۇن چاپان كىيىپ، يېڭى سېتىۋالغان ئېتىنى مىنىپ، ئېتىزلىق، جاڭگاللىق ۋە بازارلارنى ئارىلاپ يۈرىدىغان بولسا يولدىن ئۆتكەن ياشتا چوڭ كىشىلەر «ئاتاڭنىڭ نەق ئۆزى بوپسەن! ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن--دە!» دەپ قوياتتى، ئۆزىدىن كىچىك كۆرمەي

ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ئۆتەتتى.

مۇسانىڭ ئۆز-ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىدىغان، خوتۇنىدىن پەخىرلىنىدىغان چاغلىرى كېيىن تەدرىجىي ئازىيىشقا باشلىدى. «مايىسخان بىلەن مەرەمخان ئۆستەڭ بويىدا ئۇرۇشۇپ قاپتۇ، مايىسخان مەرەمخاننى سەن ئاكامنىڭ كىچىك خوتۇنى دەپتۇ»، «موللا روزى مەرەمخاندىن يەنە مېھرىنى ئۈزەلمەپتۇ، مەست بولۇپ قالسىلا مۇسانى تىللايدىكەن» دېگەندەك بەدنام، رەزگى گەپلەر ئىشىك ئالدىدا چاچ تارىشىپ، پىت بېقىشىپ يۈرىدىغان پىتنىخور ئايالларنىڭ ئېغىزىدا تارقىلىپ يۈرەتتى. خەقلەرمۇ مۇساغا ئىچ ئاغرىتىدىغاندەك ياكى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىر خىل تەرزدە قارايتتى.

كۈز كەلدى. مەھەللە بېغىدىكى ئالما-نەشپۈتلەر پىشىپ مەي بولدى، مۇسا ئۇلارنى ئۈزۈپ ئۆيگە توشۇش بىلەن مەشغۇل بولدى، مەرەمخان بەسەيلىرىنى ئوتاش-سۇغۇرۇش بىلەن ھەپىلەشتى.

قەزارا، بىر كۈنى كەچتە مۇسا ئېگىزلىققا باغلاپ قويغان ئېتىنى ئەكەلگىلى ئېتىزلىققا كەتتى، مەرەمخان بەسەيگە ئاچقان سۈيىدىن خەۋەر ئالغىلى باغقا كەتتى، مۇسا ئېتىنى سۇغۇرۇپ بولۇپ ئۇنى مىنىپ ئۆيگە ماڭدى. نەچچە كۈندىن ئاستا ماڭىدىغان ئات بۇ قېتىم نېمىشقىدۇر ئىتتىكلەپ كەتتى، ئۆيگە تاقراقلاپ چاپتى. مۇسا ئاتنى قوتانغا سولاپ، خۇپتەننى ئوقۇپ بولۇپ ئۆيدە بىردەم ئولتۇردى. مەرەمخان بولمىسا مازارلىققىلا ئوخشاپ قالىدىغان بۇ ئۆيدە يەنە تۇرغۇسى كەلمەي، خوتۇنىغا بىردەم بولسىمۇ يېقىن تۇرۇش ئۈچۈن باغقا ماڭدى. سەيلىككە كەلگەندە مەرەمخان كۆرۈنمەيتتى، بەسەيلىك توشۇپ، سۇ قىردىن تېشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئالمىدىن بىر تال ئاقلاپ يەپ باغنىڭ چۆرىسىدىكى سوقما تامنىڭ يېنىدىن كېتىۋېتىپ، خوتۇنىنىڭ ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ئىڭراۋاتقان، توۋلاۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆزى دەھشەت چەكچىيىپ كەتتى. تۆت پەخشىلىك سوقما تامنىڭ ئۇ قېتىدىكى ئېگىز ئۆسكەن كەڭرى كۆممەقوناقلىققا بويۇنداپ قارىدى. موللاروزى پۇتلىرىنى ئىشەكتەك كېرىپ، مەرەمخاننى ئاستىغا بېسىۋالغان بولۇپ، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ، يەنە بىر قولىدا ئۇنىڭ كۆكسىنى مۇجۇقلاپ، كۆڭلەكلىرىنى، ئىشتانلىرىنى تارتىپ سىلىۋاتاتتى، قوش قاتقان كالىدەك پۇشۇلدايتتى، «ھاي، ھاي مەرەمخان، ھە، ئۈنۈڭنى چىقارماي جىم يات! بولمىسا بۇ يەردىن يوقىلىسەن!» دەپ تەھدىت سالاتتى. مۇسا غەزەپتىن ۋولقاندەك ئېتىلىپ تامدىن ئارتىلىپ چۈشتى. كونىراپ كەتكەن گۇمان ۋە ئاچچىقنىڭ زەردابى ئەقىل ۋە سەۋر-تاقەتنى ئۇجۇقتۇرۇۋاتقان بۇنداق دەقىقىدە ئۇ ئىككىلىنىپ ئولتۇرمىدى. موللا روزى جان پىرىگە تېپىك يەپ، يەرگە پاقىدەك چاپلىشىپ يېتىپ قالدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ يۇرت، بۇ ئايال ئۇنىڭغا ھارام بولدى!

ئۇ، ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتكەن كۈنىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ، مۇشۇ يىتى بۇ يەرگە ئىككىنچىلەپ كەلمەسلىككە قەسەم ئىچكەنىدى.

6

ئاپتوبۇس بىر توپ يولۇچىنى زىممىسىگە ئېلىپ مەنزىلگە ئاتلاندى. مۇسا قانغا مىلىنىپ ياتقان ھېلىقى مەخلۇقنى ئەسكە ئېلىپ، گۈركىرەپ كېتىۋاتقان بۇ تۆمۈر مەخلۇقنىڭ ئۆزىنى شىللىسىگە ئارتىپ يىراق-يىراقلارغا ئاپىرىۋېتىشىنى تىلەپ ئولتۇراتتى.

— ئۇكام، تىزىڭىز ئۇرۇنۇدۇقتا تاقىشىپلا قاپتۇ، كېچىچە قىينىلىسىز، مېنىڭمۇ دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرمىسام بېشىم قايىدىغان بىر ئىشىم بار ئىدى... ئىككىمىز ئالماشايلى، قانداق؟

مۇسا يېنىدىكى ئايالغا قارىدى. ئۇ چاچلىرىنى قىسقا بۇدۇر قىلىۋالغان، ئۇستىبېشى ھەر خىل زىبۇ-زىننەت ۋە قىممەت باھالىق كىيىملەرگە پۈركىنىپ تۇرغان ناھايىتى سۆلەتلىك ئايال بولۇپ، سېمىز بولسىمۇ خېلى سەتەڭ كۆرۈنەتتى. يۈز-كۆزلىرىگە يارىشىقىدا گىرىم قىلىۋالغان بولۇپ ئەت يانلىرىدىن ئەتىر ھىدى كېلەتتى، گەپلىرىدىن ئەرلەرگە ئوخشاش بىر خىل مەردانىلىق چىقىپ تۇراتتى. مۇسا ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز بويسۇنۇپ، ئورنىنى بوشىتىپ بەردى ۋە ئۆيۈشۈپ كەتكەن پۇتىنى ئادەم ماڭىدىغان تەرەپكە ئېلىپ، بېشىنى يۆلەنچۈككە تاشلاپ كۆزىنى يۇمدى. يېنىدىكى ئايال جىم ئولتۇرۇپ ئىچى پۇشۇپ كەتتى بولغاي، ئۇنى گەپكە سېلىشقا باشلىدى:

— ئۈرۈمچىگە نېمىگە ماڭدىڭىز؟

— ئىش-ئوقەت قىلغىلى.

— سودىگەرچىلىك قىلامسىز؟

— ياق.

— ئەمسە نېمە ئىش قىلىسىز؟

— ئوقۇمايمەن.

ئايالنىڭ كۆزى ھەيرانلىقتىن كېڭەيدى، ئاۋازىدىن بىر خىل يېقىنچىلىق چىقىپ تۇراتتى.

— ئۆيىڭىز نەدە؟ خوتۇن-بالىلىرىڭىزچۇ؟

— يوق.

— قاراڭە سىزنى، چوپچوڭ بىر ئەر كىشى تۇرۇپ مۇنداقمۇ گەپ قىلامسىز؟ خوتۇنىڭىزنى قويۇۋېتىپ ماڭدىڭىزمۇ، يا ئۇنىڭدىن يامانلاپمۇ؟

— خوتۇنىنىڭ گېپىنى قويۇڭ، كونا كېسىلىم قوزغىلىپ قالدۇ.

— ۋىيەي! قىزىقلا گەپ قىلىدىكەنسىزغۇ، سىزنى كېسەل قىلىپ قويغان قايسى خوتۇن ئۇ؟! يۇرەكتە دەز بار دەڭا! — ئايال ئېغىزىنى تۇتۇپ كۈلگەنىدى. بايىقى سالاپىتىنى يوقىتىپ قويدى، ئەمما ئايالغا خاس ھەققىي جەزبىسىنى ئاشكارىلاپ بولەكچىلا ئوماقلىشىپ كەتتى.

— ئۆزلىرى ئۈرۈمچىدىنمۇ؟ ئەرلىرى نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئېرىم سودىگەر، دۇكان ئاچىدۇ. مەن ئاشخانا ئاچىمەن، ئۇ يەرگە بارغىلىمۇ تۆت-بەش يىل بولدى، ئۆيىمىزمۇ شۇ يەردە. بىراق ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى خوتەندە، يىلدا بىر-ئىككى قېتىم بېرىپ ئۇلارنى يوقلاپ تۇرىمەن.

— ئەرلىرى بىللە كەلمەپتىغۇ؟

— ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ تايىنى يوق، تۇغقانلىرى بىلەنمۇ كارى يوق؛ پۇلنىڭ ئارقىسىدىن چېپىپلا يۈرىدۇ، بولەك ئىشنى ئوقمايدۇ.

— ئۇنداق دېمىسىلە، سىلىمۇ پۇلنى دېمىسىلە ئاشخانا ئاچمايتتىلا.

— ئاشخانىنى ئۇ ئېلىپ بەرگەن. ئاشپەز ئۇستىلارنىمۇ ئۆزى تېپىپ بەرگەن، مەن پەقەت ئۇلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل، پۇلنىمۇ ئۆزۈم تۇتىمەن.

— ئاشخانىدا نەچچە ئادەم ئىشلەيدۇ؟

— ئۇندەك ئادەم بار، ئۇچى ئاشپەز، قالغىنى ئىمكار؛ بۇنى ئەجەب سوراپ قالدىڭىز-غۇ؟ بېرىپ ئاشپەزلىك قىلامتىڭىز يا!؟

— مەن بۇرۇن ئاشپەزلىك قىلغان. سەي قورۇشقا، بازىمەن تارتىشقا قولۇم خېلى كېلىدۇ. ئەگەر خالىسىلا، ئەرلىرى ئۇناپ قالسا شۇ يەردە ئىشلىسەم. ئۇرۇمچىنى بەك چوڭ شەھەر دەيدۇ، بېرىپ يەنە نەلەردە تېنەپ يۈردمەن؟! خۇدا مېنى ئۆزلىرىگە نەق ئۇچراشتۇرۇپتۇ. خۇدا بۇيرۇسا سىلىنى چوقۇم رازى قىلىمەن.

— بارغاندا بىر گەپ بولار، — دېدى رابىيخان ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولۇپ. مۇسانىڭ يۈرىكى قىزغىن سوقۇشقا باشلىدى.

ئۇلار سەپەرنى ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك باشلىدى. تاماقتىمۇ بىرگە بولدى، كەچ كىرىشى بىلەن رابىيخان ۋايىسغىلى تۇردى:

— يېتىپ بارىدىغان ئاپتوبۇسقا بېلەت ئالاي دېسەم بېلەت بەك قىسكەن ئەمەسمۇ! ئەمدى بۇ يالاڭتۆش ئاپتوبۇستا كىچىچە قىينىلىپ ئۇخلىيالمايدىغان بولدۇم.

— ماڭا يۆلىنىپ ئۇخلىسىلا ھېچنېمە بولمايلا، — دېدى مۇسا رەتلىك چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈمسىرەپ. رابىيخان ئۇنىڭ تىزىغا «بوش گەپ قىلىك» دەپ شاپىلاقلاپ قويدى.

ئاپتوبۇس بىپايان سايلىقتا گۈركىرەپ، كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ باراتتى. يولۇچىلار ئاستا-ئاستا مۈگدەشكە باشلىدى. رابىيخان چاپىنىنى مۇسانىڭ قۇچىقىغا قاتلاپ سېلىپ، چاچلىرىنىڭ چۇۋۇلۇپ كېتىشىگە قارىماي ئۇ يەرگە بېشىنى قويۇپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. مۇسا يوتىلىرىغا ئۆتۈۋاتقان ئىسسىقتىن بىئارام بولۇپ، ئىچىگە كىرىۋالغان شەيتانىنى قارغاشقا باشلىدى. ئۇ بۇ دۇنيادا ياشىغاندىن بېرى شېرىن ھەم قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى تولا كۆرۈپ كەتتى. تەقدىر توقمىقى ئۇنى ئۆپچۆرىسىدىكى خەقلەردىن بولۇپمۇ ئاياللاردىن توقۇلغان تاغارغا سولاپ ئۇرۇپ ئازابلاپ، كۆرمىگەن كۈننى كۆرسىتىۋەتتى. ھاۋا ئانىنىڭ قىزلىرى شەيتاندىن پۈتۈلگەنمىدۇ؟ ئادەم زادى گۇناھ ئۈستىگە تۇغۇلغانمىدۇ؟ ئاللا ئۇنىڭغا يەنە قانداق كۈنلەرنى كۆرسىتەر؟ مۇسا كېچىچە خىيال سۈرۈپ ئۇخلىيالمىدى، خۇدا يېڭى بىر كۈننى يارىتىش ئالدىدا تۇراتتى.

## 7

رابىيخان مۇسانى پاكار ھەم سېمىز ئېرىگە تونۇشتۇردى. ئېرى مۇساغا خوتۇن كىشىدەك ھەۋەسلىنىپ قاراپ كەتتى ۋە «قولىدا ھۈنىرى بولسا ئىشلەپ باقسۇن» دەپ باشقا گەپ قىلمىدى. رابىيخان ئۇنى ئاشخانىغا باشلاپ كىردى ۋە ئۇستاملار بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئۇلار ئامبار قىلىنغان ئۆينى تۈزەپ، كارىۋاتتىن بىرنى قويۇپ مۇسانىڭ تېنى سىغقۇدەك بىر ئورۇن ھازىرلاپ بەردى. «ئۆي تايقىچە مۇشۇ يەردە يېتىپ تۇرۇڭ» دېدى رابىيخان ئۇنىڭغا سەل ناماقۇل بولغاندەك قىياپەتتە. مۇسا بۇ شەھەردە بىنالار شۇنداق زىچ، ئادەملەر شۇنداق كۆپ بولسىمۇ يەنىلا سىغىنىشىپ ياشىيالايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئاشخانىدا ياتقان تۇنجى ئاخشىمىلا چوڭقۇر چۈشەندى. ئامبارنىڭ ئىچىدىن گۆش، كۆكتات ۋە ئاللىقانداق نېمىلەرنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنى گويا ئاخىرى بېرىپ يەنە تۈرمىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. يېقىندىن ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىگەن، يىراقتىن پويىزنىڭ گۈدۈك چالغان ۋە يەنە ئاللىنېمىلەرنىڭ توختىماي ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئاۋازى كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، بۇ ئاخشىمۇ ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالماي تاڭ سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ قالدى. ئۇستاملار ئۇنى ئويغاتماقچى بولمىغانىدى، رابىيخان توسۇپ قويدى. مۇسا چۈشكە يېقىن ئويغانىدى، يۈزىنى يۇيۇپ، قورسىقىنىڭ

ئاچلىقنىمۇ ئۇنتۇپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. رابىيخان ئۇنى تاماق يەۋېلىشقا بۇيرۇدى.

بازىمەنچى ئۇستام مۇسا كېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىنلا ئۆز ئالدىمغا دۇكان ئاچىمەن دەپ ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى. مۇسا ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇشتىن قۇتۇلۇپ ئۆز ھۈنىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قولىدىن تېز ھەم سۈپەتلىك چىققان تارىدەك ئىنچىكە چۆپلەر، قورۇلغان مەززىلىك سەيلەر بۇ ئاشخانىنىڭ خېرىدارىنى بارغانسېرى كۆپەيتىۋەتتى. ئۇنىڭ چەبدەسلىكى، خۇش پېئىللىقى قالغان ئىككى ئۇستام ھەم نىمكارلارغىمۇ يېقىپ كەتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئاشۇنداق جاپالىق ئىشلەيتتى. ھېرىپ-چارچاش دېگەننى بىلمەيتتى. مەگزىگە قان يۈگۈرۈپ كۈندىن-كۈنگە سالاپەتلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنى بىر كۆرگەن ئاياللار مۇشۇ ئاشخانىغا بىلىپ-بىلمەي كېلىپ قالاتتى. مۇسا ئاشخانىغا كىرگەن قىز-چوكانلارنىڭ سېرىققا بويالغان چاچلىرىنى، رەڭ بېرىلگەن چىرايىنى كۆرسىلا ئايگۈل ئېسىگە كېلەتتى. ئۇنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىغۇ توي كېچىسى چۇۋۇپ تاشلاندى، ئەمدى بۇ قىز-چوكانلارنىڭچۇ؟ مۇسا ئۇلارنىڭ ئىچىدە تېخى ئۆزىگە يوشۇرۇن كۆز سېلىپ يۈرىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ پەقەت تىنماي خېمىر يۇغۇراتتى. كۈچلۈك بىلەكلىرى بىلەن تاشتەك چىڭ خېمىرنى سوزۇپ پەشخۇنغا زەرب بىلەن ئۇرۇپ، تاماقتىن رازى بولغانلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشنى تىلەيتتى.

• رابىيخان مۇسا كەلگەندىن بېرى ئاشخانىنىڭ بۆلەكچىلا ئاۋاتلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنى گويا ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك تىللا دەرىخى قىلىۋالغۇسى، سايىسىدىن، مېۋىسىدىن، ھەممە نېمىسىدىن پايدىلانغۇسى كېلەتتى. شۇڭا ئۇ مۇسانى ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئامبار ئۆيدىن كۆچۈرۈپ ئۆز ئۆيىنىڭ قېشىدىن بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ بەردى ۋە بۇ ئۆيىنى زامانىۋى تۈستە بېزەشكە خېلى كۆپ پۇل ئاجراتتى. مۇسا بۇ ئايالنىڭ [illegible]ۋىتىنى بېشىغا كەلگەن ئامەت ھېسابلاپ تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيدىغان بولۇپ كەتتى. قالغان ئۇستا ۋە نىمكارلار ئۇنىڭ كېلەر-كەلمەيلا ئايرىم ئۆيگە ئېرىشىۋالغىنىغا قورسىقى كۆپۈپ تۇرسىمۇ، رابىيخانىنىڭ ئۆزلىرىگە بېرىدىغان ئايلىقىنى كۆپەيتىپ بەرگەنلىكىدىن خۇرسەن بولۇپ ئارتۇق پاراڭ قىلمىدى.

مۇسا بىر ئاخشىمى ئايرىم ئۆيىدىكى كارىۋاتلىق سافادا ئۇخلاۋېتىپ، ئاللانىڭ ئۆزىگە ئوڭ كۆزىدە قاراۋاتقانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت چۈشەنگەندەك بولدى ھەم ئەتە ئەتىگەندىن باشلاپ بىر ۋاخ بولسىمۇ ناماز ئۆتەيمەن دېگەن نىيەتكە كەلدى. شۇنداق بولغاندا ئۇ كۆڭلىدىكى قالايمىقان ۋەسۋەسىلەردىن قۇتۇلاتتى. ئاشۇ مەھەللىدە يىگانە قەبرىسى قالغان سۆيۈملۈك ئايالىغا، بوۋىلارنىڭ سىمۋولىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇقەددەس مەسچىتلەرگە، سۇرلۇك زاراتگاھلىققا، ئۆلۈمگە، ئاللاغا، جەننەتكە يۈز كېلەلەيتتى.

بىر چاغدا ئىشىك بوش چېكىلدى. ئۇنىڭ قاللىسىدا تەبئىيلا «رابىيخان!» دېگەن ئوي پەيدا بولدى. بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، دېگەندەك ئۇنىڭ ئالدىدا رابىيخان ئاق، ئۇزۇن روباشكىسى بىلەن مەغرۇر قاراپ تۇراتتى. ئۇ مۇسانىڭ ئىجازىتىنى ئالمايلا ئۆيگە شۇڭغۇپ كىردى ۋە چىراغلارنى ياندۇردى، مۇسانىڭ جەلپكار بەدىنى كۆز ئالدىدا ئېنىق نامايان بولدى.

— ئوھوي، چىراغلىرىڭىزمۇ پەيزىكەنغۇ؟! قانداق، بۇ ئۆي بولامدىكەن؟ كەلگەننىڭياقى ئاشۇ سېسىق ئۆيدە ئۇخلاپ ھېلىمۇ چىداپ كەلدىڭىز. يا ئۆزىڭىز كېلىپ بىر ئەھۋال ئېيتمىدىڭىز. مانا ئۆزۈم چېپىپ يۈرۈپ بۇ ئۆيىنى ناھايىتى تەستە ھەل قىلدىم، سىزگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۆي جاھازلىرىمۇ ئېسىل. ئەمدى رازى بولغانسىز؟

— سىللا مەندىن رازى بولسىلا...

— سىز دەۋېرىڭ، ياش قۇرامىمىز جىق پەرقلەنمەيدىكەن. ئۇنداق سەھراچە تەكەللۇپ گەپلىرىڭىزنى ئەمدى تاشلاڭ، تۇرقىڭىزغا زادىلا ماس كەلمەيدىكەن.

— كۆنۈپ قاپتىمەن، بوپتۇ، نىمە دېسىڭىز شۇ.

— ئۆتكەندە خوتۇنۇڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىسام كېسلىم تۇتۇپ قالدى دەۋاتسىڭىز، قېنى قانداق كېسەلكەن ئۇ، سەۋەبىنى ئاڭلاپ باقاي!

— دېسەم گەپ بەك جىق، ئاڭلىمايلا قويۇڭ.

— ۋاي، دەڭە ھېچنېمە بولمايدۇ!

— بولدى، دېمەيلا قوياي.

— ياق، دېمىسىڭىز بولمايدۇ، مەن ئۇنى ئاڭلايمەن دەپ كىردىم. رابىيخاننىڭ نەپەسلىرى بايىقىدەك ئەركىن ئەمەس ئىدى، كۆكسى، قوللىرى، پۇتلىرى سۇس تىترەيتتى. مۇسا ئۇنىڭ چاقناۋاتقان كۆزىدىن كۆيدۈرگۈچ شەھۋانىيەتكە ئوت ياققۇچى سىرلىق ئۇچقۇنلارنى كۆرۈپ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى؛ رابىيخاننىڭ پاكار، پالكۆز ئېرىنى يادىغا ئېلىپ، لەززەت ۋە شەرمەندىچىلىك تۇيغۇسىنىڭ قوشلاپ بەرگەن زەربىسىدىن تەمتىرەپ قالدى. ئۇنىڭغا شۇ تاپتا ئاللاغا سېغىنىپ جىمجىت ئولتۇرماقتىن باشقا يولنىڭ ھەممىسى خەتەرلىك كۆرۈنۈۋاتاتتى.

— گەپ قىلسىڭىزچۇ! — رابىيخان شۇنداق دەپلا قولىنى ئۇنىڭ تىزىغا قويۇشقا تەمشىلشىگە مۇسا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ساراڭ بولاي دەۋاتاتتى. رابىيخاننىڭ سېمىز بىلەكلىرىدىكى بىلەيزۈكلەر، ھېسپەتەك بارماقلىرىدىكى قىممەت باھالىق ئۈزۈكلەر شۇ تاپتا گۆش، قان بىلەن پۈتۈلگەن بۇ بىچارە قولنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك سوغۇق چاقناپ تۇراتتى.

— نىمانچە قىلىپ كېتىسىز؟! ئولتۇرۇڭ، سىزگە دەيدىغان گەپ بار!

رابىيخان يەنىلا ئەقىللىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ خوجايىنلىق ئىمتىيازىنى ئۇنتۇمىغانىدى. مۇسا گاراڭلىقتا بىلىپ-بىلمەي ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى، خىيالىدا ئۆزىنىڭ ئاتەش قوينىدا ماگمىدەك قايناپ، ئوت-چوغ بولۇپ كەتكەن سۆيۈملۈك ھەم سىرلىق ۋۇجۇدلار، لەززەتتىن قىيىپ قالغان يۈزلەر، يۇمۇلغان كۆزلەر بىر-بىرلەپ ئەكس ئېتىۋاتاتتى.

— بۇ دىۋان نېمىدېگەن يۇمشاق، ھە! كېچىچە ئۇخلىسىمۇ يېنى ئاغرىمىغۇدەك...

رابىيخان كارىۋاتلىق دىۋاندا ئولتۇرغىنىچە يېتىپ، كارىۋات قىرىدا ئولتۇرغان مۇسانىڭ دۈمبىسىنى سىلاشقا باشلىدى.

— سىز نېمانداق تەتۈر ئۇستىخان! خوتۇنىڭىزمۇ سىزدىن بىكار يامانلىمىغاندۇ شۇ. ئۆزىڭىزگە لايىق خوتۇن ئالسىڭىز بولمامدۇ؟

— ئاچا، سىز ئېرىڭىز بار ئايال...

— ئاچا؟! ھا-ھا-ھا! ئۇكام دەپ قويسا ئەمدى ئاچام دېگىلى تۇردىڭىزغۇ؟ ئېرىمنىڭ گېپىنى قىلماڭ. ئۇ ئۆزىنىڭ دۇكىنىدا پۇلنى ياستۇق قىلىپ ئۇخلايدۇ. يېنىدا نەچچىلىگەن ياش، چىرايلىق پاسكىنىلار چۆرگىلەپ يۈرسە مەندەك خوتۇنى خىيالىغا كىرىپ چىقامدۇ دەيسىز؟! بىز پەقەت مۇشۇنداق ئەر-خوتۇن، قانداق، ئەمدى بىلگەنسىز؟

— ئۇ خېلى ئىمانى بار ئادەمدەك كۆرۈنىدىغۇ؟

— ۋاي خۇدايىم، سىز ئۇنىڭ دوپپا كىيىۋالغىنىغا، يۈزلىرىنىڭ پارقىراپ تۇرىدىغىنىغا قاراپلا شۇنداق دېدىڭىزغۇ تايىنلىق، سىزنىڭ ئىمانىڭىزمۇ چاغلىق. قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ يېنىمغا كېلىڭ.

— مەن سىز بىلەن بىر ئۆيدە ياتسام قانداق بولىدۇ؟ مېنى ئىمانى سۇس دەپ قالماڭ، مەن ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم.

— ھەرقانچە قىلسىڭىزمۇ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامدەك بولالمايسىز. چىراغنى ئۆچۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

چاققان كېلىڭ، بىللە ئۇخلايمىز.

— مېنى ئۇنداق قىستىمىسىڭىز بولاتتى، مەن... مەن...

— ئەر كىشىمۇ سىزدەك بولامدۇ، چاققان بولۇڭ دەيمەن...

مۇساغا كېيىنكى گەپ سەل ھار كەلدى. تەن تەقەززالىقى ئېتىقاد ۋە ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇۋەتتى، شەيتانلار ساماغا چۈشكەن بۇ كېچىدە ئۇمۇ توپقا قوشۇلماي تۇرالمىدى، چىراغنى ئۆچۈرۈپ كارىۋاتقا چىقتى.

تۇيۇقسىز موتىسكلىتنىڭ گۈرۈلدەپ ئىشىك ئالدىدا توختىغىنى ئاڭلاندى. ئاندىن ئاياغ تىۋىشلىرى يېقىنلاپ كېلىپ ئىشىك تۈۋىدە توختىدى-دە، ئىشىك ئەنسىز تاراقلىدى. مۇسانىڭ چېكىسىدىن سوغۇق تەر قۇيۇلۇپ كەتتى، پۇتى كۆيگەن تۇخۇدەك تېپىرلاپ تۇرغان رابىيخانغا قاراپ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سەزدى-دە، ئۇنى دەررۇ قويۇۋەتتى...

«ئەمدى تۈگەشتىم، بۇ ئۆيدىن مېنىڭ تىرىكىم چىقمايدىغان بولدى» دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئىككى كىشى ئىشىكنى چېقىپ كىردى. كىرگىنى رابىيخاننىڭ ئىككى ئىنىسى ئىدى. بۇنى كۆرۈپ يۈرىكى سەل-پەل ئىزىغا چۈشكەندەك بولدى. لېكىن، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

— ھۇ ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان قەلەندەر، — دېدى ئىنىسى مۇسانىڭ گېلىنى بوغۇپ، — سەن ئاچامنى ئازدۇرۇپ، بىر ئوبدان ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشىنى بۇزدۇڭ! مەن سېنىڭ پېيىڭنى كېسىۋېتىمەن!

ئىنىسىنىڭ يېنىدىن شارتتىدە پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئالغىنىنى كۆرگەن ئاكىسى ئىنىسىنىڭ بېرىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى ۋە ئارقىغا تارتىپ دېدى:

— بولدى قىل، گۇناھ ئاچمىزدىمۇ بار. بۇ خۇمسى نەدىن كەلگەن بولسا، شۇ يەرگە كەتسۇن! كۆزىمىزگە ئىككىنچى كۆرۈنگۈچى بولمىسۇن، بولمىسا كۆرگىلىكى بار ئۇنىڭ!

— بوپتۇ، بۇدا ئاچامنىڭ يۈزىنى قىلدۇق. بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنىغۇچى بولما، بىزنى كۈن كۆرگىلى قوي. ئەگەر بىرەرسىنىڭ ئېغىزىدىن بۇ ئىشنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام، ئاسمانغا چىقىپ كەتسەڭ تاپىمەن، يەرگە كىرىپ كەتسەڭ كۆكۈلاڭدىن تۇتۇۋالىمەن. نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، ماڭ، ھازىرلا كۆزە-كۆرپەڭنى يىغىشتۇرۇپ كۆزۈمدىن يوقال!

— ماڭا ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇشمۇ ھارام بولدى، — دېدى مۇسا ۋە ئۆز مەھەللىسىدە بولغان ئىشلارنىمۇ سۆزلەپ رابىيخاننى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى.

— بۇ يەردىن ھازىرلار كېتەي! — دېدى مۇسا رابىيخانغا جىددىي تىكىلىپ.

— نەگە كېتىسىز؟

— خۇدانىڭ شۇنچە كەڭ زېمىنىدا مەن پاناھلانغۇدەك بىرەر يەر چىقماسمۇ؟!

— ئەمسە ئىچكىرىگە چىقىپ كېتىڭ، مېنىڭ بېيجىڭدا بىر ئىنىم بار، ئىسمى ئىسھاق. گەنجياكو دېگەن يەردە ئاشخانا ئاچدۇ. بارسىڭىزلا تاپالايسىز، شۇ يەرگە يولغا سېلىپ قوياي، بىرەر يىل ئىشلەپ ماۋۇ ئىش بېسىققاندىراق ئاندىن قايتىپ كېلىڭ، قانداق؟

— ئۇ يەرگە پويىز بارامدۇ؟

— ھەئە، ھازىر دېگەن ئۇ يەرگە ھەر كۈنى پويىز قاتنايدۇ.

— قېنى كۆرۈپ باقاي، باشقا كەلگەننى بىر كۆرمەكلىك بار.

— ئۇنداق بولسا مۇشۇ كەچتىلا ماڭامسىز؟

— بولسا كەچتىلا ماڭاي.

— قېنى ئەمسە ئالىدىغان نەرسىلىرىڭىزنى ئېلىپ چاققان ماڭايلى! مۇسانىڭ ئالغۇدەك ھېچنېمىسى يوق ئىدى. پويىز پېكىتىگە بارغاندا رابىيخان ئۇنىڭ ساياق ھالىتىنى كۆزىگە سىغدۇرالماي، دۈمبىسىگە تېڭىۋالىدىغان قوش باغلىق سومكىدىن بىرنى ئېلىپ ئىچىگە نان

سېلىپ ئۇنىڭغا ئارتىپ قويدى؛ قاراڭغۇ بازارچىنىڭ قولىدىن قاتتىق ئورۇن بېلىتىدىن بىرنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ ئاشقان پۇلنىڭ ھەممىسىنى مۇساغا بەردى.

ئۇلار بېكەتتىكى كۈتۈش زالىغا كىردى. يولۇچىلار ئۇزۇن سەپ تارتىپ تۇراتتى. ھەممىسىنىڭ چىرايىدا بىر خىل ھارغىنلىق ئەمما قانداقتۇر بىر نەرسىگە بولغان قىزغىنلىق ئەكس ئېتەتتى. مۇسا ئاخىرى پويىزغا چىقىپ جايىنى تېپىپ ئولتۇردى. سومكىسىنى تۆمۈر جازىغا ئېلىپ قويۇپ دېرىزىنى ئېچىۋەتتى ۋە پەستە ئۆزىگە قىيالماسلىق بىلەن قاراپ تۇرغان رابىيخاننى كۆرۈپ ئىچ-ئىچىگە سىغماي قېلىۋاتقان ھەسرىتىنى ھەم رەھمىتىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەي قالدى.

— ئۇزۇن تۇرماڭ، بىر يىلدىن كېيىن يېنىپ كېلىمەن، ئاڭغىچە مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم تونۇشۇپ، بىر ياقلىق بولىمەن، — دېدى ئۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ.

مۇسا ئاياللارنىڭ كۆز يېشىنى كۆرسە قەلبى ئىختىيارسىز لەرزىگە كېلەتتى. خېلى ياخشى، پويىز قوزغالدى، رابىيخان پويىزغا بىردەم ئەگىشىپ ئاندىن توختاپ قالدى ۋە قولىنى پۇلاڭلاتتى. مۇسا: «خەير، خۇداغا ئامانەت!» دېگىنىچە پويىز بىلەن تەڭلا ئۇزاپ كەتتى.

## 8

ئۈچ كېچە-كۈندۈزلۈك يول ئازابى مۇساغا گۆر ئازابىدىنمۇ ئارتۇق تۇيۇلۇپ كەتتى. پويىزدىن چۈشۈپ ماشىنىلار ئۆتۈشۈپ تۇرغان يولنىڭ بويىغا كەلدى-دە، تاكسى توستى.

مۇسا تاكسىدىن چۈشۈپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئاشخانىلار قاتار جايلىشىپ كەتكەن بىر تار كوچىغا قەدەم باستى، ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى كاۋاپدانلاردىن كۆكۈش ئىس ھەم مەززىلىك پۇراقلار كېلىپ تۇراتتى. مۇرىسىگە لۆڭگە ئارتىۋالغان تاڭجاڭلار قايسى ئاشخانىغا كىرىشنى بىلمەيۋاتقانلارنىڭ ئالدىنى تۇسۇپ، خەنزۇچىنى بۇزۇپ سۆزلەپ، قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ دېگۈدەك ئۆز ئاشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. مۇسا شۇلارنىڭ بىرسىدىن ئىسھاق ئىسىملىك ئاشپەزنى سورىدى.

— خوتەنلىك ئىسھاق لاۋبەننى دەمسىز؟ مۇشۇ يەردىن ئۇدۇل ماڭسىڭىز سەي، گۆش ساتىدىغان بىر يەرگە كېلىسىز. قارىسىڭىز ئايرىملا بىر ئاشخانا، بېرىپلا تاپالايسىز، — دېدى ئۇ بۇرۇتلۇق تاڭجاڭ.

مۇسا ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ شۇ يۆنىلىشكە قاراپ ماڭدى. دېگەندەك ئۇ ئاشخانا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرغىدەك ئېسىل ھەم ھەيۋەت بولۇپ ئالدىغا مىللىي ئۇستا ۋېۋىسكا ئېسىلغان؛ ھاۋارەڭ تاختا بىلەن يېپىلغان تاشقىرىقى لەمپە ئاستىدا شىرەلەر، گۈللەر رەتلىك تىزىۋېتىلگەن؛ لەمپىنى تىرەپ تۇرغان تۆمۈر تۈۋرۈككە بىر قەپەز ئېسىلغان بولۇپ ئىچىدە ئىككى قۇشقاچ پىرىلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. تۈۋرۈكنىڭ ئاستىدىكى يۆلەنچۈكلۈك يۇمشاق ئورۇندۇقتا تۇزدەك ياسانغان ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىز قەپەزگە قاراپ ئولتۇراتتى. مۇسا بۇ مەنزىرىگە بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئاڭغىچە قىز ئۇنى كۆرۈپ قالدى، تۈكۈلۈپ تۇرغان قاش-كىرپىكلىرى تەۋرەپ، كۆزلىرى چاقناپ، ھىمىرىلىپ تۇرغان لەۋلىرى ئىختىيارسىز قىمىرلاپ كەتتى.

— بىركىمنى ئىزدەمسىز؟

— ئىسھاق ئۇستامنى ئىزدەپ كەلگەن.

— ئۇ گۆش ئالغىلى كەتكەن، سەل تۇرۇپ كېلىدۇ؛ كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ!

— سىز ئۇنىڭ قىزىمۇ؟

— ياقەي... — قىز بىر قىزىرىپ ئاندىن يەنە ئاۋۋالقى ھالىتىگە ئۆتتى، — مەن ئۇنىڭ ئايالى.

مۇسا ھەيرەتكە چۆمۈپ چىنە خىش
ياتقۇزۇلغان سۇپىسمان پەگاغا قورۇنۇپقىنە
چىقتى.
— بۇ يەرگە يېڭى كەلدىڭىزمۇ؟ قاياقتىن
كېلىشىڭىز؟
— ئۈرۈمچىدىن چىققان، رابىيە ئاچىڭىزنىڭ
ھاۋالىسى بىلەن ئىسھاقكامدىن بىرەر يىل
ھۈنەر ئۆگىنەي دەپ كەلدىم.
— ئۈرۈمچىدە مېنىڭ ئۇنداق ئاچام يوقتۇ؟ —
چوكانقىز ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قارىدى ۋە سەل نېرىدا
قولنى يۇيۇۋاتقان ئاشپەز يىگىتكە قاراپ، — سەمەت،
بىر تەخسە كاۋاپ قورۇپ چىقە!— دېدى.
— ئۈرۈمچىدە ئاشخانا ئاچىدىغان ئاچىڭىز
رابىيەنى دەيمەن.
— تاگەي، مېنىڭ ئۇنداق ئاچام يوق.
— ئۇ ئىسھاق ئۇستىنىڭ ئاچىسىغۇ؟!
— تاگەي، بىز تويىنى ئۇ يەردە قىلمىغاچقا
ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى مەن بىلمەيمەن،
مېنىڭكىنى ئۇ بىلمەيدۇ.
— ھە، مۇنداق دەڭ، ئىسمىڭىز نېمە؟
— شادىيە.
— ئەجەب كىچىكلا كۆرۈنىسىز.
شادىيە كۈلۈۋەتتى، ئەمما بۇ كۈلكە ئانچە
شادىيانە ئەمەس ئىدى. ئۇ مۇساغا ئوتلۇق
كۆزلىرى بىلەن بېقىپ، ئاۋۋالقىدەك شوخ،
جۇشقۇن ھالەتكە ئۆتتى.
— مېنىڭغۇ سوراپ بولدىڭىز، ئۆزىڭىزچۇ؟
مۇسا ئۇنىڭغا خىجىل بولغاندەك قاراپ
كۈلۈمسىرەپ قويدى، چىرايىغا قايغۇ-ئەلەم
بۇلۇتلىرى سايە تاشلىدى.
— ئىسمىم مۇسا، ئاتا-ئانام يوق، ھېچنېمەم
يوق بىر بەندىمەن. خۇدانىڭ پېشانەمگە
پۈتكەن تەقدىرى بىلەن مۇساپىرچىلىق تارتىپ
مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىم.
— ئۈرۈمچىدە قانچىلىك تۇرغان؟
— ئىككى ئايچە تۇرغاندىم، كۆنەلمىدىم
شۇنىڭ بىلەن ئىسھاق ئۇستامنىڭ بايا مەن
دېگەن ئاچىسى مېنى بوپتۇ، چوڭ شەھەرلەرنى-
مۇ كۆرگەچ ئاكامنىڭ يېڭى ھۈنەرلىرى بولسا
ئۆگەنگەچ كېلىڭ دەپ مۇشۇ ياققا يولغا
سالدى.
— ئۇنىڭ قانداق يېڭى ھۈنىرى بولسۇن؟!
يېڭى ھۈنەر دېسە ئۇنىڭ قاقباشلىقىنى دېسە
بولىدۇ.
— مەن ئۇنىڭ ئاشپەزلىك ھۈنىرىنى
دەۋاتىمەن.
— ئۇ پولۇ ئېتىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ.
قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى باشقا ئۇستىلار قىلىدۇ.
— ئۇنداقتا ماڭا بۇ يەردە ئىش-يوقمۇ
نېمە؟!
— ياقەي، ئىش دېگەن تولا! دەپ بېقىڭە،
نېمە ئىش قىلالايسىز؟
— بازىمەن تارتىمەن، سەي قورۇيمەن،
قايسى ئىشقا بۇيرۇسا شۇنى قىلالايمەن.
— بەك بەلەن بولدى، بۇ ئاشخانىغا
زادى سىزدەك بىر يارامىلىق ئادەم كېرەك
بولۇپ تۇراتتى. ئۇبدان ئىشلەپ بەرسىڭىز
سىزنى رازى قىلىمىز.
مۇسا شادىيە بىلەن ئەنە شۇنداق
قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرغاندا ئىسھاق ئاشپەز
گۆش ئېلىپ كەلدى، مۇسا ئورنىدىن قوپۇپ
ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى. ئۇ مۇساغا ھەيرانلىق
بىلەن باشتىن-ئاياغقىچە قارىۋېتىپ ئاندىن
شادىيەگە شۈبھىلىك تەرزدە تىكىلدى.
— بۇياق ئاچىڭىز رابىيەنىڭ ھاۋالىسى بىلەن
سىزدىن ھۈنەر ئۆگىنىگىلى كەپتۇ، — دېدى
شادىيە سەل-پەل مەسخىرە ئاھاڭدا، ئاندىن
مۇساغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى، — لېكىن بەك كەمتەركەن،
ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىكەن،
قانداق، ئىشلىتىپ كۆرۈپ باقامسىز؟
— ئاچام ئۇبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ سودىسى
ياخشىمۇ؟
— ئىنشائاللا، ئۆزلىرى ئويلىغاندەك. بۇياقتا

www.uyghurkitap.com

ماڭاشىمدا سىلىگە سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى.

— قولىمىزدىن راست ئىش كېلىدىغان بولسا قېنى ئىشلىتىپ باقايلى، — دېدى ئىسھاق ئۇستا گۆشنى توغرىلاتقۇغا سېلىۋېتىپ. ئۇ مۇساغا يەنە بىر قېتىم نەزەر سالغاندا كۆڭلى سەل پاراكەندە بولدى، تولۇم چاشقاننىڭ كۆزىدەك غىلدىرلاپ تۇرىدىغان كۆزلىرى گاھ مۇساغا، گاھ شادىيەگە ئەنسىزلىك بىلەن قاراپتتى.

## 9

— سەمەت، مۇسا قېنى؟

— شادىيەنى باغچىغا ئەكەتتى.

— نەگە؟

— يەنمىگىۋەنگە.

— ئۇ يەردە پوق بارمىكەن، ئەستاغپۇرۇللا! ئەستاغپۇرۇللا!

— بارمايمەن دېسە شادىيە ئۇنىماي ئەكەتتى.

— بولدى! سەن ئىشىڭنى قىل! مۇشۇنىڭ بىلەن نەچچە قېتىم بولدى، بوپتۇ دەپ گەپ قىلمىدىم. ئاچامنىڭ يۈزىنى دېمەيدىغان بولسام بۇ يۈزسىز گويىنى ئاتايىلا ھەيدىۋېتەتتىم. مائاش تۇرماق، يېگەن ئىشىغىمۇ رازى ئەمەس مەن بۇ گوينىڭ!

— دېگەنبىلەن بازىمەننى ئاجايىپ پەيزى سوزىدىكەن ئۇستام، ئۇ بولمىسا چۆپنى ئۆلگۈرتەلمەي قالاتتۇق.

— قېنى ئەمدى ئۆلگۈرتەلىدىمۇ؟ ئىشنىڭ ھەممىنى ساڭا تاشلاپ قويۇپتىغۇ؟!

— ئۇنى قانداق قىلاي دەيلا؟

— بۇ يەردىن قوغلىۋېتىمەن!

— شادىيە ئۇنىمايدۇ.

— ئەستا، مۇشۇ خوتۇننى دەيمەن...

— ئۆزلىرى يامان ئۆگىتىپ قويلا.

— سەن پوقنى بىلمەسەن! ئىشىڭنى قىل!

— مۇنداق قىلسىلا ئۇستام، ئۇنى ئاشخانىنىڭ ئالدىدا كاۋاپ ساتقىلى قويسىلا، شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ شادىيە بىلەن ئوينىشۇدەك ۋاقتى چىقمايدۇ.

— ئوينىسا دەمسەن؟ كىم بىلەن ئوينايدۇ؟ ئاشۇ يۇندىپۇرۇش بىلەنما؟ ياق، بولمايدۇ، ئۇ، بۇ يەردە تۇرسا زادى بولمايدۇ!

— ئەمىسە شادىيە ئۇقمايدىغان بىر تار كوچىغا ئاپىرىپ شۇ يەرگە كاۋاپدان قۇرۇپ بەرسىلە، يېتىپ-قوپىدىغان ئۆيىدىن بىرنى تېپىپ بەرسىلە.

— تازا بىر دېۋەڭگىكەنسەن. تىجارەت كىنىشكىسىنى سەن ئېلىپ بېرەمسەن؟! ئۆينى سەن ئىجارىگە ئالامسەن؟!

— كىنىشكا بولمىسىمۇ ئوقەت قىلىدىغانلار كۆپقۇ؟ ساقچى تۇتۇۋالسا ئۆزىنىڭ شورى، ئۆيىنى تېپىپلا بەرسىڭىز ئىجارىسىنى ئۆز تۆلىمەمدۇ؟

— ياق، قوغلىۋېتىمەن! ئۆينى نەدىن تاپسا ئۆزى تاپسۇن! بىر ئۆيدان ياتىدىغان يەر، قورسىقىغا تاماق بەرسە كېلە-كەلمەيلا دوپپامغا جىگدە سېلىپ، بۇرۇتۇمغا چاڭگا تىزىپ، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ خوتۇننى قايمۇقتۇرۇپ يۈرگەن مۇنداق پېسەندىدىن ئادەمگە ئەگىشىپ ماڭىدىغان ھېلىقى پىستە كۆچۈك ئۆيدان!

شادىيە مۇسا بىلەن كەچقۇرۇن قايتىپ كەلدى، ئىسھاق ئۇستا شادىيەنىڭ مۇساغا تاكسىنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ غەزەپتىن تېپىرلاپ كەتتى ۋە شادىيەنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

— مۇسانى نەگە ئاپاردىڭلا؟

شادىيە ئۇنىڭغا شۇنداق بىر ئالايغاندى، قانداقلا قارىسا گۈزەل كۆرۈنىدىغان بۇ نازىنىننىڭ غەزەپلىك نىگاھى ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



— ئۆزۈڭلا نەگە بېرىپ ئويىنساڭلا مەيلى، ئەمما بۇ ئىشى بار ئادەمنى كوچىغا، باغچىغا ئۇنداق قالايمىقان ئېلىپ چىقماڭلا!

— ئۆزۈم يالغۇز چىقسام مېنىڭ بىرەر بولاڭچىغا ئۇچراپ قېلىشىمدىن قورقمامسىز؟

— بۇرۇن ئەجەب قورقمايتتىڭلىغۇ؟

— ئەمدى قورقىدىغان بولۇپ قالدىم، كوچىلار كۈندىن-كۈنگە قالايمىقان...

— شۇ! كۆچمەن جىنايەتچىلەرنى بەك ئاۋۇپ كەتتى دەيدۇ!

— ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇياق يېڭى كەلدى، ئۇنى بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسىغا كۆندۈرۈش كېرەك.

— ئەمما بۈگۈن سودا بەك قىزىپ كەتتى، ئۇستامىلار خېرىدارلارغا يېتىشىپ بولالماي قالدى!

— بۈگۈن كەم قالغاننى ئەتە تولدۇرۇۋېتەي، — دېدى مۇسا ئىسھاق ئاشپەزگە ناماقۇللۇق بىلدۈرۈپ.

ئىسھاق ئاشپەز مۇساغا تىك بېقىپ ئۇنىڭغا سەت ھۆمايدى ۋە گەپ-سۆز قىلماي ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

## 10

— شادىيەگۈل، مەن كېتىدىغان بولۇپ قالدىم.

— نېمە؟ كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— بولدى سورىماڭ، ئەسلى سىزگە دېمەيلا كەتمەكچى ئىدىم، ھەر ھالدا بىلىپ قالغىنىڭىز ياخشى.

— كىم شۇنداق دېدى، ئىسھاقمۇ؟ ئۇ تېخى سىزنى كەت دەۋاتامدۇ؟ ئۇخلاپ چۈشى! مەن ھازىرلا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن!

— دېگىنىڭىز بىلەنمۇ بىكار، مەن ئەمدى بۇ يەردە قالالمايمەن. ئۆزۈمنىڭمۇ بۇ ئاشخانىدا تۇرغۇم كەلمىدى. بۇ ئۇستامنىڭ مېنى نېمە كۆرۈۋاتقىنىنى ھېچ بىلەلمىدىم. بىردەم ئۇنى دەيدۇ، بىردەم بۇنى دەيدۇ، قىلغان ئىشىمنى يا ياراتمايدۇ. ئاخىرىدا ئۇستام زادى چېنىگە پىنى قىلسىلا دېسەم، ئۇكام ئەمدى سىز بۇ يەردە ئىشلەپ بولالمايسىز، ئەڭ ياخشىسى ئاچامنىڭ قېشىغا كېتىڭ. بۇ يەردە ھازىر سىزدەك نوپۇسى يوق، تىجارەت كىنىشكىسى يوقلارنى گۇمانلىق جىنايەتچى دەپ تۇتۇپ تۈرمىگە سولاۋاتىدۇ. ساقچىلار ئەتە-ئۆگۈن مۇشۇ ئاشخانىغا كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا تېزدىن يۇرتقا كېتىۋېلىڭ دەپ ئۈچ يۈز يۈەن بەردى. دېگەنلىرىنى يالغانمىكىن دېسەم ئەسلى، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ھېچ چۈشىنىپ بولالمىدىم. ئويلاپ باقسام راست بۇ جاھاندا ياشىماق ھەقىقەتەن تەس ئىكەن، مەن بۇ يەردە تۇرسامۇ بولمىغۇدەك.

— كەت دېسىلا كېتىدىغان ئىش بارمىكەن؟! ئۇ دەۋېرىدۇ. ئۇنىڭدىن قۇتۇلىدىغان ئىشىڭىز بولسا بۇمۇ بوپتۇ، لېكىن رابىيەخانىنىڭ قېشىغا كەتمەڭ. مۇنداق قىلايلى، مەن سىزگە پاناھلانغۇدەك بىر ئۆي تېپىپ بېرەي، كاۋاپچىلىق قىلىمەن دېسىڭىز ئىسھاقنىڭ كونا كاۋاپدانلىرى بار. ئۇنىڭغا ئۇقتۇرمايلا يېنىڭىزغا ئاپىرىۋالىمىز، قانداق؟

— بولىدى، بۇ يەردە كاۋاپدان تۈۋىدە ئىس پۇدەپ يۈرگىچە يۇرتقىلا كېتەي، يا بولمىسا باشقا ئاشخانىدا ئىشلەرمەن.

— ئۇنداق دېمەڭ، قېنى قىلىپ كۆرۈپ باقمامسىز؟ باشقا ئاشخانىلاردا مالايلىق قىلىپ يۈرگۈچە ئايرىم ئۆيدە ئۆزىڭىزگە سۇلتان بولۇپ يۈرۈۋەرمەمسىز. باشقا ئاشخانىلاردا ئىشلىسىڭىز ياتىدىغان يېرىڭىزنىڭ تايىنى يوق، ئاق چېكىدىغان، نەشە چېكىدىغانلار بىلەن بىر ئۆيدە ياتسىز شۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئايرىم ئوقەت قىلىڭ، ئۇنىمۇ ئىچ پۇشۇقى ئورنىدا قىلىپ قويىسىز، پۇلدىن غەم قىلماي كەتمەڭ!

— بوپتۇ ئەمسە، بۇنىمۇ كۆرۈپ باقاي.

— سىز ئالدىدىراق مېڭىپ تۇرۇڭ، مەن

كەينىڭىزدىنلا باراي.

مۇسا سومكىسىنى يۇدۇپ ئالدىرىماي مېڭىپ تۇردى. شادىيە ئۆيدە ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن ئىسھاق ئاشپەزگە كۆرۈنمەيلا تاكسىغا چىقىپ مۇساغا يېتىشتى، ئۇنى پىكاپقا چىقىرىپ شىجىمىن كۆۋرۈكى تەرەپكە ماڭدى. شادىيەنىڭ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتكىنىنى ئىسھاق ئاشپەز كۆرمىگەن بىلەن سەمەت كۆرۈپ قالدى ۋە دەرھال تاكسىدىن بىرنى توسۇپ كەينىدىن ماڭدى.

سەمەت خېلى كەچ بولغاندا ئاشخانىغا قايتىپ كەلدى.

— ئادەمگە يېقىن تۇرماي نەگە كەتتىڭ؟ سەنمۇ ھېلىقى ئالقاپنى دوراي دەۋاتامسەن؟— دېدى ئىسھاق ئۇستا غەللىگە چۈشكەن پۇللىرىنى ساناۋېتىپ.

— مەن بولمىسامۇ ئوبدان سودا بولدىكەن-غۇ ئەنە! — دېدى سەمەت قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، — پۇلنى سىلى تاپىلا، خوتۇنلىرى مۇساغا خەجلەيدۇ.

— نەدىكى گەپنى قىلىسەن؟! ئۇ گويىنىڭ كەشى توغرىلاندى!

— ئۇ يەنە يۈرىدۇ، مەن باشتىلا دېگەن، ئازراق پۇل خەجلەپ ئۇنى كىشى كۆرمەيدىغان بىر يەرگە ئاپىرىپ كاۋاپچى قاتارىغا قېتىۋەتكەن بولساق ئىش ئۇنىڭ بولاتتى، لېكىن سىلە ئۇنىماي قويدىلا.

— ئەلۋەتتە ئۇنىمايمەن-دە! كاۋاپچى بولۇشقىمۇ دەسمايە كېرەك.

— سىلە چىقىرالمىغان دەسمايىنى خوتۇنلىرى چىقاردى، قاراپ تۇرسام بىر قېرى خەنزۇ بىلەن سۆزلىشىپ، مۇسانى بىر چەت ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كەتتى.

— نېمە دەۋاتىسەن؟

— شادىيەنى دەيمەن، مۇساغا ئايرىم بىر ئۆي ئېلىپ بەردى.

— ئەستاغپۇرۇللا! بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟! سەن ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭما؟

— ئەلۋەتتە!

ئىسھاق ئاشپەزنىڭ چىرايى تاتىرىپ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

شادىيە كېچە خېلى بىر مەھەل بولغاندا كەلدى، ئىسھاق ئاشپەز ئۆزىنىڭ ئالىي ھۇجرىسىدا خوتۇنىنى تىت-تىتلىق بىلەن كۈتۈپ، قوش كىشىلىك لۆم-لۆم كارىۋاتتا تولغىنىپ ياتاتتى.

شادىيەنىڭ ئۆيگە كىرىۋاتقان تىۋىشىنى ئاڭلاپ ناھايىتى سەگەكلەشتى، ئاچچىقتىن بەزگەكتەك تىترەپ، يوتقاننى قايرىۋېتىپ پەرىياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇردى، شادىيە ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭ ئۇخلىمىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق نەزەرىدە لەپپىدە قاراپ قويدى.

— ئەتىگەندىلا يوقاپ ئەمدى كەلدىڭلىمۇ؟ دەپ بېقىڭلا، نەگە باردىڭلا؟

— بازار ئايلاندىم، كەچتە كىنوغا كىردىم شۇ، — دېدى شادىيە پىشىنگەچ. ئىسھاق ئۇستا ئۇنىڭ چىرايلىق بەدىنىنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغاندەك ئاچكۆزلۈك بىلەن يەنە بىر قاراپ چىقتى ۋە تۇرۇپلا يەنە مۇسانى ئېسىگە ئېلىپ غەزەپلىك ھۆركىرىدى.

— مۇسا قېنى؟

— ئۇنىڭغا شۇنداقمۇ رەھىمسىزلىك قىلامسىز، — دېدى شادىيەمۇ بوش كەلمەي، — شۇنچە يىراقتىن ئىشلەيمەن دەپ كەلسە بىر ئايغا قالمايلا ھەيدىۋەتسىڭىز، شۇنداق ئوبدان ئىشلەپ بېرىۋاتسا ئۈچ يۈز يۈەن پۇلىڭىزنى چوڭ كۆرسىتىپ ئۇنى ئەخمەق قىلسىڭىز قاملىشامدۇ؟ ئاچچىڭىز ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ؟

— بۇ گويي ئاچامنىمۇ قاقشىتىپ، ئۇرۇمچىگە پاتماي مۇشۇ يەرگە كەلگەن گەپ! ئۇنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىمەن دېگىنى قۇرۇق گەپ! ئۇنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى نېمىشقا چۈشەنمەيسىلە، نېمىشقا ھە دېسىلا چاپان ياپىسىلە! — شادىيە ئىسھاق ئاشپەزنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتقاندى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

— مۇسانىڭ كەينىدىن ماڭغىنىڭلىنى مەنمۇ كۆرمىگەن، شاگىرت باللار كۆرۈپتۇ. ئۇلار ماڭا شۇنداق دېدى، دەسلەپ ئىشەنمىگەنىدىم، كېيىن مۇشۇنداق كەچ كەلگىنىڭلىنى كۆرۈپ ئاخىرى ئىشەندىم، ئۇ يالاڭتۆشكە نېمانچە قىلىپ كېتىسىلە دەيمەن! سىلىمۇ مۇشۇ ئاشخانىنىڭ بىر خوجايىنى بولغاندىكىن ئىززەت-ئىكرامىنى ساقلاپ ئولتۇرۇڭلا. خالىساڭلا ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرۇپ پۇل ساناپ بېرىڭلا، خالىساڭلا كوچا ئايلىنىڭلا، پۇل مەندە بولغاندىكىن قانداق خەجلىسەڭلا خەجلەڭلا. نېمە كېرىكىڭلا بولۇۋېرىدۇ، نېمە كېرەك كەلسە شۇنى ئېلىپ بېرەي. بۇ ئاشخانىدا تاماق يەپ زېرىكىپ كەتسەڭلا ئالىي دەرىجىلىك رېستورانغا باشلاپ كىرەي. ئاشخانىمىزنىڭ سودىسى مۇشۇنداق ئوبدان بولۇپ بېرىدىغان بولسا ئاز كۈندە كاتتا بايلاردىن بولۇپ قالىمىز. ئاندىن تۈركىيە بولامدۇ، ھەرەم بولامدۇ قەيەرنى كۆڭلىمىز تارتسا شۇ يەرگە بېرىپ جاھان كۆرۈپ كېلىمىز. ئەمدى ئۇنداق سولتەكلەرنىڭ ئارقىسىدىن ماڭماڭلا، ئۇنداق گۇيلار سىلىدەك چىرايلىق خوتۇننى كۆرۈپلا نىيىتىنى بۇزىدۇ. پۇلۇڭلىنى خەجلەپ-خەجلەپ ئاخىرىدا سىلىنى بىر تىيىنغا ئالغۇسىز قىلىۋېتىدۇ. مەن سىلىنى ئۇنداق زىدى پەس مەينەتلەرگە ئۆزىنى تۇتقۇزمايدۇ دەپ ئويلايمەن، سىلىگە ئىشىنىمەن. سىلىنى ھەممە نېمىدىن ئارتۇق كۆرىمەن جېنىم خوتۇن! نېمە دېسەڭلا قىلىپ بېرەي، ئەمدى ئۇ يەرگە ئىككىنچى بارماڭلا، ئۆزۈڭلىنى ئاياڭلا، قانداق دېدىم؟...

شادىيە جىمجىت ياتاتتى، ئىسھاق ئۇستىنىڭ قوللىرى ئۇنىڭ نازۇك بەدىنىدە يىلاندەك سوزۇلۇپ، ئۆمىلەپ، مىدىرلاپ يۈرەتتى. شادىيە كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ ئۇستىگە چىقماقچى بولۇپ تۇرغان ئىسھاق ئۇستىنىڭ بەتبەشىرە چىرايىدىن، چوشقىدەك سېمىز تېنى

ھەم يوغان قورسىقىدىن بۆلەكچە سەسكىنىپ كەتتى. ئىسھاق ئاشپەز ئۇنىڭ كۆزىدىكى نارازىلىق ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قالدى.

— مىجەزىم يوق تۇرىدۇ، ئۇخلاپ قېلىڭ، — دېدى شادىيە ياسىما مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاپ.

ئىسھاق ئاشپەز ئانىسى پەپىلەپ قويغان بوۋاق بالىدەك مۈلايىملىشىپ قالدى، ئەمما كۆپچىيىۋاتقان گۇمانى ئۇنىڭ قورسىقىنى كۆپتۈرۈپ ئۇيقۇسىنى قاچۇردى؛ ئۇ يەنە ئانىسىغا قەغىش قىلىۋاتقان كىچىك بالىدەك جىم ياتالماي: «سىلىنىڭ مۇسا بىلەن ئىش-پەش تارتىشىپ قالغىنىڭلا راست ئوخشايدۇ، نېمە ئىش قىلغىنىڭلارنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ» دېدى. شادىيە ئۇنىڭ ئىچ-ئىچىدىن بوغۇلۇپ، قارنى ئېچىشىپ دەۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا سەل ئىچى ئاغرىپ قالدى. دەرۋەقە، ئۇ مۇسا كەلگەندىن بېرى ئۇنى ئۆز جىنىنىڭ ھەم ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمى قىلىۋالغانىدى، گويا تۇغۇلغاندىن بېرى تەلپۈنۈپ ئەمدى ئېرىشكەن سىرلىق، بۈيۈك نەرسىدەك چوڭ بىلەتتى ھەم كۆز قارىچۇقىدەك ئەتىۋارلايتتى.

— يوقلاڭ گەپنى قىلماڭ، — دېدى شادىيە خالىمىسىمۇ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، — سىزلا مېنىڭ بىردىنبىر ياخشى ئېرىم تۇرسىڭىز، ئۇنداق كەلسە-كەلمەس ئادەملەرگە ئۆزۈمنى تۇتقۇزىمەنمۇ؟ بۇ گېپىڭىز چەكتىن ئېشىپ كەتتى جۇمۇ! ئويلاپ باقماسىز، ئاشخانىمىزدا ئوبدان ئىشلەپ بەرگەن بىر ئادەمنى ئۇنچىلىك ئىززەتلەپ قويسا نېمە بوپتۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇ ئاتا-ئانىسىمۇ يوق بىر مۇساپىر تۇرسا.

— شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ قېشىغا ئەمدى بارماڭلا، ماقۇلمۇ؟! — دېدى ئىسھاق ئاشپەز ئايالىنىڭ بويندىن قۇچاقلاپ.

— ماقۇل، ئەمدى ئۇخلاڭ، ھېرىپمۇ كەتكەنسىز!

ئىسھاق ئاشپەز ئاخىرى تىنجىپ، شادىيەنىڭ بويىنىغا گىرە سالغىنچە تاتلىق ئۇخلاپ كەتتى.

## 11

ئەتىسى شادىيە كىيىم ئالاتتىم دەپ ئىسهاق ئاشپەزدىن بەش يۈز يۈەن ئېلىپ، تاكسىغا چىقىپ كەڭ كوچىغا ماڭدى. ئىسهاق ئاشپەز يەنىلا خاتىرجەم بولالماي ئارقىسىغا سەمەتنى سېلىپ قويدى، ئۆزى سەمەتنىڭ ئورنىدا سەي قوروپ تۇردى، ئۇنىڭ قولى چۆمۈچتە بولغان بىلەن ئەس-يادى ئاشۇ خوتۇنىدا ئىدى. كۆن چۈش بولۇپ سودا تازا قىزىغلى تۇرغاندا ئىسهاق ئاشپەز ئۆزى يالغۇز سەي قوروپ ئۈلگۈرتەلمەي قالدى. سەمەت كەلمەي-كەلمەي كۆن ئولتۇراي دېگەندە كەلدى، ئىسهاق ئاشپەز يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. سەمەتنىڭ سالپىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ جۇدۇنى ئۆرلىدى.

— نېمە گۆشىيىپ تۇرىسەن، كاللاڭغا چۆمۈچ يەمسەن! نېمە كۆردۈڭ، دېمەمسەن!

— كايىمىسلا ئۇستام، گۇمانلىرى توغرا چىقتى، خوتۇنلىرى مۇساغا راستىنلا بۇزۇلۇپتۇ!

— ماڭە، ئاناڭنى!

— راست دەيمەن ئۇستام، شادىيە ئاۋۋال بازارنى بىر ئايلانغاندىن كېيىن گۆش دۇكىنىغا بېرىپ كالا گۆشىدىن خېلى جىق ئالدى، ئاندىن ئۇدۇللا ھېلىقى ئۆي تەرەپكە ماڭدى، ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ئۇزۇنغىچە چىقمىدى، نېمە بولسا بولار دەپ ئېتىلىپلا كىرەي دېسەم يامان سەت تۇرغىدەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسادەك گىرويى ئادەمگە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ.

— شۇ يەردە قاراپ تۇردۇڭما؟

— مەنمۇ بىر ئوغۇل بالا تۇرسام ئۇستام، ئۇ يەردە ئىشىك بېقىپ ماراپ يۈرەمدىم؟

— ئاناڭنى! ئۆزۈملا بارسامچۇ! ئۇلار ھازىرمۇ شۇ ئۆيدىمۇ؟

— بەلكىم...

— ماڭە، مېنى باشلاپ بار!

ئۇلار تاكسىغا چىقىپ دېگەن يەرگە كەلدى. مۇسا تۇرغان ئۆي شىمالغا بارىدىغان تۆمۈريول بويىدىكى يالغۇز كىچىك ئۆيلەردىن بولۇپ، يەرلىك ئاھالىلەر ئۇنى كۆچمەنلەرگە ئېتىبار باھادا ئىجارىگە بېرەتتى. ئىسهاق ئاشپەز قەلەندەرنىڭ كەپىسىگە ئوخشايدىغان بۇ ئۆينى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئىچىدە خوتۇنىنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. ئەمما ئۆيگە كىرگەندە ھەيران بولۇپ قېتىپ قالدى. ئۆي ئىچى قەدىر ئەھۋال زىننەتلەنگەن بولۇپ، تۆت تامنىڭ ھەممىسىگە ئەر-ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچ رەسىملىرى چاپلانغان، ئۇدۇلدىكى تامنىڭ يېنىدىكى سىم كارىۋاتقا سېلىنغان تۆشەكتە شادىيە بەھوزۇر ئۇخلاۋاتاتتى، پەستىكى جوزىغا بىر مۇنچە تەخسە تىزىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۈستىدە نان، سامسا، ئالما، جۇزە، خاسىڭ، كاۋاپ زىغلىرى ھەم يەپ بولالمىغان كاۋاپلار، شۇنداقلا قۇرۇقدالغان ئىككى پىۋا بوتۇلكىسى ۋە بىر بوتۇلكا ئىچىپ ئاز قالغان قىزىل ھاراق تۇراتتى. تاشقىرىقى ئۆيگە قويۇلغان كاۋاپدانىدا چوغلار پىلىلداپ تۇراتتى.

— بۇ كاۋاپدانمۇ مېنىڭمۇ؟! ئاناڭنى، مۇسا ئۆزى قېنىدۇ؟

— يوق بولسا بوپتۇ، شادىيەنى ئەكېتەيلى، — دېدى سەمەت ئۇستىسىنىڭ بىچارە قىياپىتىگە قاراپ.

— ياق! مەن ئۇ مۇناپىق بىلەن ئوبدان ھېسابلىشىمەن!

ئىسهاق ئاشپەز غەزەپتىن غال-غال تىترەيتتى، سەمەت مىڭ سۆزلەپمۇ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرالمىدى. شۇ چاغدا مۇسا تالادىن كىرىپ كەلدى ۋە ئۇلارنى كۆرۈپ سەل ھودۇقتى. ئەمما شادىيەنىڭ زورى بىلەن ھاراق ئىچىپ ئازراق قىزىۋالغاچقا ناھايىتى خۇش كەيپ ئىدى، قانلىرى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— خۇش كەپسلەر، — دېدى ئۇ كۇلۇمسرەپ،
— قانداق، كاۋاپتىن برەر زىق يەمسلەر...

— ئاناڭنى مۇناپىق! كاۋاپنى ئەمدى سەن يەيسەن!

ئىسهاق ئاشپەز ئۇنىڭ تېخى شىركەيپ بولۇپ، هېچ ئىش بولمىغاندەك دەۋاتقان گېپىگە چىداپ تۇرالمىدى-دە، تەخسىدىكى زىقتىن برنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى. مۇسا دەرهال سەگەكلىشىپ ئۆزىنى رۇسلىدى، زىق ئۇنىڭ بېقىننى سۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. مۇسا كەينىگە يېنىپ ئىسهاق ئاشپەزنىڭ قازاندەك تومپىيىپ چىققان قورسىقا برنى تېپىپلا يەرگە تىزلاندۇرۇپ قويدى. سەمەت ئۇستىسنىڭ پۈكلىنىپلا قالغىنىنى، قوپقىدەك مادارى قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى يۆلىدى ۋە مۇساغا چەكچىيىپ:

— جاھاندا سەندەكمۇ قارا يۈز بولامدۇ؟ ئاش بەرگەن ئۇستاڭغا مۇشت بەردىڭمۇ؟ ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلسە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭ؟ ئەگەر ئۇستامنىڭ يۈرەك كېلىسى قوزغىلىپ برنېمە بولىدىغان بولسا ھەممە جاۋابكارلىقنى ئۆزۈڭ ئۇستۈڭگە ئالىسەن! — دېدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ كېتىپ بىردەمدىن كېيىن ماشىنا تېپىپ كەلدى. ئىسهاق ئاشپەزنى مىڭ تەستە ماشىنىغا چىقاردى، مۇسا ياردەملەشمەكچى بولىۋېدى، ئۇنى يېقىن كەلتۈرمىدى. ئۇلار ماشىنىغا چىقىپ جايلىشىپ بولغاندا شوپۇر ماشىنىنى تېزلىكتە ھەيدەپ چوڭ يولغا چىقتى. ئىسهاق ئۇستا قورسىقىنى تۇتۇپ توختىماي ئىنجىقلايتتى. سەمەتنىڭ مۇساغا ئەمدى رەسمىي ئۆچلۈكى كەلدى.

— بەك قاتتىق تېپىۋېتىپتۇ-دە ئۇ خۇمسى! مەن كېلەي دەپ بولغىچە ئۇ گۆش توغرايدىغان قىڭراقنى ئېلىپ بولدى، سەل قورقتۇم...

— ھۇ ئۆلگۈر!

سەمەت چۆچۈپ ئۇستىسىغا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ قان تولغان كۆزلىرىنىڭ سۇرلۇك چاقناۋاتقانلىقى-نى، قورسىقىنى مۇجۇقلاپ ھاسىراپ كېتىۋاتقانلىقى-نى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىچ ئاغرىتتى.

— شادىيە... شادىيە... قالدىما؟

— ئۇ بۇزۇقنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا!

— ئۇ ھېلىقى ئۆلگۈر مۇناپىقنىڭ قېنىدا يەنە قالدىما؟

— قالدى.

— ئەگەر قولۇمدا زىق بولماي يوغان بىر پىچاق بولغان بولسا ئۇ مۇناپىقنىڭ قارنىنى چۇۋۇۋېتەتتىم!

— شۇنىڭ بىلەن پۇخادىن بىراقلا چىقاتتىلا، لېكىن ئۇنى سىلە قىلمىسىلىمۇ قىلىدىغانلار چىقىدۇ، ھازىر پۇللا بەرسە ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ كەل دېسىمۇ ماڭىدىغانلار بار.

— شۇنداقلارنى تاپالامسەن، نەچچە پۇل كەتسە مەيلى!

— شەرقىي شىمالدىن كەلگەن ئاققۇنلاردىن تاپىمىز، لېكىن بۇنىڭغا زور چىقىم ئارتىلا، شۇنىڭغا چىدىيالاملا؟

— ھېلىمۇ چىداۋاتمەمدىمۇ؟! ئاشۇ مۇناپىق ئۆلسىلا قالغىنى مەيلى! ئۇنىڭ بۇ يەردە نوپۇسى بولمىغاندىكىن ساقچىلارمۇ ئۇقالمايدۇ!

— ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆيىمۇ تازا چەتتە دېسىلە!



— ئۇ بۇزۇقنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا!

— ئۇ ھېلىقى ئۆلگۈر مۇناپىقنىڭ قېشىدا يەنە قالدىما؟

— قالدى.

— ئەگەر قولۇمدا زىق بولماي يوغان بىر پىچاق بولغان بولسا ئۇ مۇناپىقنىڭ قارنىنى چۇۋۇۋېتەتتىم!

— شۇنىڭ بىلەن پۇخادىن بىراقلا چىقاتتىلا، لېكىن ئۇنى سىلە قىلمىسىلىمۇ قىلىدىغانلار چىقىدۇ، ھازىر پۇللا بەرسە ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ كەل دېسىمۇ ماڭىدىغانلار بار.

— شۇنداقلارنى تاپالامسەن، نەچچە پۇل كەتسە مەيلى!

— شەرقىي شىمالدىن كەلگەن ئاققۇنلاردىن تاپىمىز، لېكىن بۇنىڭغا زور چىقىم تارتىلا، شۇنىڭغا چىدىيالامىلا؟

— ھېلىمۇ چىداۋاتىمەنغۇ؟! ئاشۇ مۇناپىق ئۆلسىلا قالغىنى مەيلى! ئۇنىڭ بۇ يەردە نوپۇسى بولمىغاندىكىن ساقچىلارمۇ ئۇقالمايدۇ!

— ئۇنىڭ ئۇستىگە ـ ئۆيىمۇ تازا چەتتە دېسىلە!

## 12

بىر ھەپتىدىن كېيىن كەچتە شادىيە بىر سومكىدا لىق نەرسە ـ كېرەك ئېلىپ يەنە مۇسانىڭ ئۆيىگە كەلدى. مۇسا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ سومكىنى ئالدى.

— ھە كاۋاپچى، ئوقەت قانداقراق؟ — دېدى شادىيە كۈلۈپ.

— خۇداغا شۈكرى، سىزنى تېخى ئەمدى كەلمەسمىكىن دېگەنتىم. ئەگەر كەلمىسە يۇرتقا كېتەي دەۋاتاتتىم.

— كېتىۋەرسىڭىز بولمامدۇ، نېمىگە تارتىنىسىز؟

— مۇشۇ سومكىڭىزنى ساقلاپ.

— ئۇنداقتا كەلمىسەم بوپتىكەن!

— ئۇنداق دېمەڭ، قورساق سومكىڭىزغا تارتىشقان بىلەن كۆڭۈل سىزگە تارتىشىدۇ، — دېدى مۇسا خۇش خۇيلۇق بىلەن.

— ئوھوي! شۇنداقمۇ؟ گەپكە نېمانچە ئۇستا بولۇپ كەتتىڭىز!

مۇسامۇ ئۆز گېپىدىن خىجالەتتە قالدى.

— يۈرۈڭ ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى.

— ماڭا كاۋاپ پىشۇرۇپ قويدىڭىزما؟

— ھە، ھازىر پىشۇرۇپ بېرىمەن.

— قاراڭ! مەن سىزگە بىر ئۈنئالغۇ ئېلىپ كەلدىم، سىز ياخشى كۆرىدىغان مۇقام، چاقچاق دەيلىرىمۇ بار.

— قېنى مەن كۆرەي، ۋاھ! بەك ئوبدان بولدى! ئۈرۈمچىدىكى چاغدىغۇ كۆپ ئاڭلايتتىم، ھېلىھەم بولسىمۇ زېرىكمەيدىغان بولدۇم، كۆڭلۈمدىكىنى بەك تاپىسىز جۇمۇ شادىيە!

— سىز كاۋاپىنى پىشۇرۇۋېرىڭ، مەن دەي قويغاچ نەرسە ـ كېرەكلەرنى داستىخانغا تىزاي.

— يەنە ھاراق ئېلىپ كەلدىڭىزما؟

— قانداق، بولماپتىمۇ؟ پىۋىغا ئامراققۇ سىز؟

— ئۆتكەندىكىدەك چاتاق چىقارمىسىكىن دەيمەن.

— ئەمدىغۇ ئىزدەپ كېلەلمەس، بولدى ئۇ ئۆتتى كەتتى!

— ئاخشىمى بارسىڭىز نېمە دەيدۇ؟

— گەپ قىلمىدى، ئەتىسىمۇ گەپ قىلمىدى، ئەتىدىن ـ كەچكىچە قانداقتۇر بىر ئىشلار بىلەن چېپىپلا يۈرىدۇ، ئادەمگە يا تۈزۈك چىراي ئاچمايدۇ، ئۆزىچە سىرلىق بولۇۋالدىغۇ ـ تاڭ!

— ماڭا ئىچىدە قاتتىق غوم ساقلاۋاتىدۇ بولغاي!

— بولدى، بۇ گەپنى قىلىشمايلى! قېنى، كاۋاپلىرىڭىز پىشقان بولسا ئەكەلمەمسىز؟

— مانا ئاز قالدى.

شادىيە ئۈستەلگە مېۋە ـ چېۋىلەرنى، ئىچىملىكلەرنى تىزىپ تەييار قىلدى. مۇسا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مەززىلىك كاۋاپلارنى ئايرىم تەخسىگە تەخلەپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

— چىرايىنى شۇنچىكى ئەسلىيەلەيمەن، بەلكىم شۇنداقتۇ. ئاتام ئات مىنىشكە، ئوغلاق تارتىشقا كارامەت ئۇستا ئىدى. ئۇ مېنىڭ بۇ دۇنيادا مۇشۇنداق مۇساپىر بولۇپ ياشاۋاتقىنىمنى بىلسە روھى قانچە قورۇنۇپ كېتەر دەيمەن! نامازنىمۇ تاشلىۋەتتىم، يەنە تېخى ھاراق ئىچىۋاتىمەن.

— ھېچنېمە بولمايدۇ، خۇدايىم كەچۈرىدۇ.

مۇسا قىزىپ قالغاندا ئىچىدىكىنى يوشۇرماي دېگىلى تۇردى.

— سىز بىلمەيسىز، مەن يامان جىق ئىسسىق-سوغۇقنى باشتىن كەچۈردۈم. بىرنەچچە قېتىم ئۆيلەندىم. يەنە نۇرغۇن ناشايان ئىشلارنى قىلدىم، بۇنىمۇ خۇدايىم كەچۈرەرمۇ؟!

— بۇنداق ئىش سىزدەك ھەقىقىي ئەرلەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ، لېكىن مەن تېخى ئىشنىڭ جەريانىنى بىلمەيمەن-دە؟ قېنى ئاشۇ دەردىڭىز ئۈچۈن بىر ئىستاكاندىن كۆتۈرەيلى!

ئۇلار سوقۇشتۇرۇپ ئىچىۋەتتى، پىۋىنىڭ كۈچى ئۇلارنىڭ ئىچىنى ئارامسىزلاندۇرۇشقا باشلىدى.

— خۇدايىم ماڭا سىزنى بۇرۇنراق ئۇچراشتۇرۇپ قويغان بولسىچۇ!

— سىز نېمىشقا ئىسھاق ئاشپەزگە تەگكەن؟

— دېيدىمغۇ، ئۇنىڭ پۇلى بار، ماڭا يۇمشاقباش بولغان بىلەن خەقلەرگە قاقباش.

— ئاتا-ئانىڭىز سىزنى يەنىلا مۇشۇ يەردە ئوقۇۋاتىدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلارنى ئالدىسىڭىز بولامدۇ؟

— ئۇلار مېنى داشۆنى پۈتتۈرۈپ شۇ يەردە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلايدۇ، بۇ چاغقا بەلكىم بىلىپ بولدى. ئوقۇشتىن چېكىندۇرۇلۈپتۇ دېيسە ھازىر شەھەرلىك ئاتا-ئانىلار ئانچە قايغۇرۇپ كەتمەيدۇ، پۇللا بولسا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرسەك، نەدە ياشىساق مەيلى!

— ئەگەر سىز بىلەن بۇرۇنراق ئۇچراشقان بولسام ماڭا تېگەمتىڭىز؟

— بەلكىم، شۇغىنىسى سىزنىڭ پۇلىڭىز يوق-تە! پۇلىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ سىز بىلەن توي قىلماسلىقىم مۇمكىن. مانا بىز توي قىلمايمۇ كۆڭۈللۈك ياشاۋاتىمىزغۇ، سىزمۇ توي قىلماي تۇرۇپ نەچچە ئاياللار بىلەن بىرگە بولغانسىز؟ بۇمۇ خۇددى شۇنداق!

— لېكىن ئۇنىڭ دەردى بەك جىق بولىدىكەن.

— ئاشۇنداق دەردى بولمىسا خۇشاللىقنىڭ پەيزى بولامدۇ، كېلىك، تېزرەك بولۇڭ.

شادىيەنىڭ يۈرىكى قۇياشقا ئايلانغان، مەڭزى شەپەقتەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ كارىۋاتقا چىقىپ كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى. مۇسا ئۇبدانلار تەڭشىلىپ قالغاچقا ھېلىقى ھېسسىياتى سەل-پەل تورمۇزلىنىپ قالغاندەك بولۇۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ شادىيەنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان گۈزەل بەدىنىنى كۆرۈپ كۆزى يالتراپ قانلىرى ئۆركەشلەپ كەتتى، ئۇنئالغۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپ كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى.

مۇسا ھەر قېتىم شادىيەنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋۇرغا ھەم مۇسكۇللىرىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن ھاۋا ئانىنىڭ ھاۋايى ھەۋەسكە ئوت ياقىدىغان مىسلىسىز جەزبىلىك، سېھىرلىك ۋۇجۇدىنى كۆرگەندەك، يۈرەك ھەم قان تومۇرلىرىنىڭ تۇتاش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولاتتى. بۇنداق چاغدا تومۇردا ئېقىۋاتقىنى قان ئەمەس، ھەقىقىي ھايات ئېقىنى بولاتتى. بۇ ئېقىن لەززەت دەرياسىغا قوشۇلۇپ تىنىمسىز ئاقاتتى. ئوخچۇيتتى. شۇ دەمدە بىر جۈپ جانىۋار بۇ ئېقىننى بويلاپ ھاياتلىقنىڭ چوڭقۇر، خىلۋەت قوينىدا سەير

ئۆركەشلەپ كەتتى، ئۇنىئالغۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپ كىيىملىرىنى سىلىشقا باشلىدى.

مۇسا ھەر قېتىم شادىيەنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋۇرغا ھەم مۇسكۇللىرىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن ھاۋا ئانىنىڭ ھاۋايى ھەۋەسكە ئوت ياقىدىغان مىسلىسىز جەزىبىلىك، سېھىرلىك ۋۇجۇدىنى كۆرگەندەك، يۈرەك ھەم قان تومۇرلىرىنىڭ توتاش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولاتتى. بۇنداق چاغدا تومۇردا ئېقىۋاتقىنى قان ئەمەس، ھەقىقىي ھايات ئېقىنى بولاتتى. بۇ ئېقىن لەززەت دەرياسىغا قوشۇلۇپ تىنىمسىز ئاقاتتى. ئوخچۇيتتى. شۇ دەمدە بىر جۈپ جانىۋار بۇ ئېقىننى بويلاپ ھاياتلىقنىڭ چوڭقۇر، خىلۋەت قوينىدا سەيىر ئېتىۋاتاتتى، روھىي ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنى كېزەتتى. نىرۋىلارنىڭ جىغىلدىشى ئەۋجىگە چىققاندا ئۇلارنىڭ روھىمۇ قوشۇلۇپ بىر-بىرىگە سوقۇلدى، پارتلىدى. شۇ تاپتا ئەزرائىل جانىنى ئالسىمۇ ئۇلار تويمايلا قالاتتى. ۋەيلۇن دوزاخنىڭ ئوتىدىنمۇ يامان كۆيدۈرگۈچ بىر ئوت ئۇلارنىڭ قاتقان ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ ئېرىتىپ ئاخىرىدا يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويدى.

شادىيە مۇسانىڭ بېشىنى سىلاپ بىردەم ياتقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىمىنى كىيدى.

— كېتەمسىز؟ — دېدى مۇسا ھالسىزغىنە.

— ھەئە، ئەتە كەچتە يەنە كېلىمەن.

— مەن چىقىپ ئۇزىتىپ قوياي.

— بولدى يېتىپ قېلىڭ، كۆزىڭىزنىمۇ ئاچالماي قاپسىز، ئەمدى ئازراق ئىچەرسىز، ياخشى ئارام ئېلىڭ!

شادىيە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، مۇسا ئۇنىڭ تىۋىشى يۈتكەنگە قەدەر شادىيەنىڭ ھارارىتى كەتمىگەن يوتقانىنى قۇچاقلاپ ئوڭدا ياتتى. ئاندىن تېخى تولۇق ساقىيىپ بولالمىغان بىلىكىنى يوتقاندىن چىقىرىپ، يەنە بىر بىلىكىگە بېشىنى قويۇپ دۈم ياتقىنىچە بايىقى شېرىن سەزگۈلەرنى خىيال قىلدى. ماغدۇرسىزلانغان تېنى ۋە ھاراقنىڭ تەپتىدىن سەزگۈرلىكىنى يوقاتقان بېشى ئۇيقۇ لەشكەرلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالدى. ئۇ ئىشىكنى ھېلى تاقايمەن دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، بىراق تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ بېشىغا بىرنېمە تۆكۈلدى، بۇرنىغا كىرسىننىڭ پۇرىقىدەك بىر خىل سېسىق پۇراق كىردى، ئاندىن ئوتتىن قاتتىق قورقىدىغان نېرۋىلىرى توشمۇ-توشتىن چىرقىراپ مېڭىسىگە سىگنال بەردى. ئۇ چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى، يۈز-كۆزلىرىنى كۆيدۈرۈۋاتقان ئوتنىڭ نېرىسىدا تۇرغان يوچۇن بىر ئادەمنىڭ چاقماقنى ئۆچۈرۈپلا ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۆي ئىچىنى بىر ئالغان دەھشەتلىك ئوت ئەجدىھانىڭ تىلىدەك سوزۇلۇپ مۇسانى يالماپ يۇتۇۋاتاتتى. ئۇ بۆرىدەك بۆسكەكلىك بىلەن ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقتى، سىرتتا ئادەم كۆرۈنمەيتتى، يەردە بىر بېنزىن توڭى تۇراتتى. ئۇ توڭنى نېرىغا تېپىپ چۆرۈۋەتتى ۋە كۆيۈپ ئۆرۈلگەن دەرەختەك يەرگەن يىقىلدى، ئارقىدىنلا جان-جەھلى بىلەن دومىلاشقا باشلىدى...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شېئىرلار

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

## قىسمەتلىرىم

### 1

كائىناتتا رەڭدار جۇلالار،
نىگاھىمدا شەيتان جىلۋىسى.
چۈمۈلىلەر پىل بولدى بەزەن،
مۈشۈكتىمۇ يولۋاس ھەيۋىسى.
لېكىن مىڭ يىل ياشىغۇم كېلەر،
ھەر لەھزىدە ھايات بەزمىسى.

جان سۆيۈنگەن چاغلارمۇ بولدى،
يىغلىغىنىم ئۈندىن زىيادە.
رەستىلەردە يايداق ئات مىنىپ،
باياۋاندا قالدىم پىيادە.
خىزىر ˆسۈپەت ئاتامغا رەھمەت!

بەرگەنْ ئىكەن سۇنماس ئىرادە.
سەيلە قىلسام بېغىمنى تاڭدا،
ۋۇجۇدۇمنى گۈللەر پۇرايدۇ.
بۇلبۇل خىجىل بولۇپ ئالدىمدا،
دۇدۇقلاپراق ئېتىم سورايدۇ.
مەڭدەپ قالسام ئەگەر، ماڭدامدا —
يوللىرىمنى يىلان تورايدۇ.

ئىنتىزاردۇر ماڭا لەيلىدەك،
كىرپىكلىرى بەرگى قىياقلار.
زارىقىدۇ سامادا زۆھرە،
يان-يېنىمدا چولپان سىياقلار.
بىر قارىسام ھەممىسى جاللات،
يەڭلىرىدە خەنجەر-پىچاقلار.

بىر قارىسام سۆيگۈ دىلبىرى،
كۆزلىرىدە ناز بىلەن كۈلكە.
بىر قارىسام جانىنىڭ خۇنىرى،
ھەر كۈلكىسى بىر قىزىل تۈلكە.
ئاھلىرىمنىڭ ئالتۇن ئوقىنى،
ئېتىپتىمەن بوشقا، كۆپۈككە.

بىر قارىسام كۆزلەردە ھەۋەس،
بىر قارىسام ھەسەت يالقۇنى.
بىر ئادەمگە يەتمەمدۇ بىر يۈز،
ئىككى يۈزلۈك ئىكەن قالقىنى.
ئىككى يۈزنىڭ يولىمۇ ئىككى،
بىر يۈزلۈكنىڭ ھالال تاپقىنى.

دوستلىرىمنى سېخىي دەپتىمەن،
ئۆزى ئىشلەپ مېنى ئويناتقان.
ئاشىقلىقتا بىھوش بوپتىمەن،
چايان چىقتى باغرىمدا ياتقان.
« ئەييۇھەنناس! » دېدىم بەزىدە،
پاياندازنىڭ ئاستىدا قاپقان.

### 2

تولۇن ئايدەك رىسق-نېسۋەم،
ھىلال ئايدەك بولۇپ قىيىلغاچ.
ئۆزۈم تېخى نەۋقىران تۇرۇپ،
تىلەكلىرىم بېشىدا ئاق چاچ.
ئارمانلىرىم مېنىڭدىن ئون يىل —
ياق، ئەللىك يىل بۇرۇن تۇغۇلغاچ.

قىيامىغا يەتكەندە سۆيگۈ،
ساداقەتتىن مەجنۇن تۇغىدۇ.
رەشك بىلەن قارىيىپ قۇياش،
ئالەمگە بىر ۋەيلۇن تۇغىدۇ.
ۋەيلۇندىكى بەزى مەھكۇملار،

ماڭا ئاتاپ مەلئۇن تۇغدۇ.
باھاردىمۇ بۇرنۇمدا يانتاق،
پۇرايدىغان قىزىل گۈلۈمدەك.
يۇلتۇزلارغا باقسام ھەۋەستە،
كۆزلىرىمگە تۆكۈلدى قۇمدەك.
ئاززۇلىرىم ئاقتى ياش بولۇپ،
يىغلاش ماڭا خۇددى ئۇدۇمدەك.

ئىشەنگەندە قۇملار تاغ ماڭا،
يۆلەنگەندە پايەمدە تالقان.
چۈشلىرىمدە كۆرگەن ھەقىقەت،
ئويغانساملا قىپقىزىل يالغان.
كەچمىشىمدىن ئۆزۈم ئۇيالدىم،
تەقدىر قاچان، كىمدىن ئۇيالغان؟

پال ئاچقۇزماي تالاي چەك تارتتىم،
ھەممىسىدە دەرد-ئەلەم تەگدى.
ھۆكۈملەرمۇ بوينۇمنى ئەگمەي،
خىيانەتلەر قەددىمنى ئەگدى.
رەقىبلەرنىڭ ئۆزىدىن كۆزى —
يامان ئىكەن، ماڭا كۆز تەگدى.

ۋاپاسىزغا ئاشىق ئەيلىدى،
بىر بېشىمغا دەردنى ئاز كۆرۈپ.
جۇۋا تىلەپ يۈرسەم ئايازدا،
شاپاق دوپپا بەردى ياز كۆرۈپ.
سۇدىن ئېچىپ ئوتقا كىردىم مەن،
ئېزىتقۇنى قۇرئەنداز كۆرۈپ.

## ساقى

يېنىڭدا بىردەمى مېھمان بولۇپ بىر ئولتۇراي ساقى،
رەھىم ئەيلە، غېمىم لەشكەرلىرىدىن قۇتۇلاي ساقى.

خاراموش ئەيلىدى ھەيھات! بوغۇپ نەپسىمنى چىركىنلىك،
ۋۇجۇدۇڭ بەھرىدىن ئەنبەر ھىدىنى بىر پۇراي ساقى.

قەدەھىڭ بەرقىدىن يالقۇن چېچىپ يانغاندا بىر چوغلۇق،
يۈزۈم يالقۇنلىنىپ، پارلاپ يېلىنجاپ چوغلىناي ساقى.

تېمىتقىن مەينى باغرىمغا كۆيۈپ «پىژ» قىلسا ئارمان شۇ،
ھاياتنى تەن ئېلىپ بىردەم كۈلۈپ بىر ئويغىناي ساقى.

غەلەت ئېيتتىم كۈلەلمەيمەن، ياشاشقا قانمىدىم ئەسلا،
قۇچاقلاپ جاننى جانانەدەك بىھوش بوپ تولغىناي ساقى.

ۋۇجۇدۇم ئىلكىدە تۇتقۇن ئىدىم، ھەيرانۇ-ھەس بولدۇم،
بۇرۇن قانداقچە يۈردۈم مەن، مۇشۇنداق ئويناماي ساقى.

كۆپۈكلەپ، جۇش ئۇرۇپ شائىر قېنىدەك تۇرغىنى بارمۇ؟
قۇيە! شۇنداق مەيىڭ بولسا ئىچىپ بىر يۇلقۇناي ساقى.

مىنى شاد ئەيلىگەن قىلمىشلىرىڭدىن دوزىخى بولساڭ،
خۇداغا ئىلتىماس ئەيلەپ بىهىشتىن قوغلىناي ساقى.

## نۇقسان

**ئىبراھىم ئىلى**

ئەيىب-نۇقسان ئىزدىسە كىم ھەممە كىشىدىن چىقۇر،
تا ئەۋلىيا بولغاندىمۇ تىپىلۇر ئۇندا قۇسۇر.

ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانا ئەسلى جەننەت ئىگىسى،
پەيلى شەيتان ۋەسۋەسىدىن سۈرمىدى لەززەت-ھۇزۇر.

شاھ سۇلايمان يەتتە ئىقلىم شاھى سۇلتانى تۇرۇپ،
تاج-تەختىگە قانمىدى ھىچ، ۋەجنى ئۆزى بىلۇر.

كەڭ قورساقلىق، كەچۈرۈم بىرلىك سىپىنىڭ تۈۋرۈكى،
بىزدە ئەل ئۈم بولسا ئەل بەختى چىچەكلەپ ئاچىلۇر.

## گۈل دۇنيا

(ناخشا تېكستى)

**نىياز مۇھەممەت**

يېزا-قىشلاق بايلىقىڭ،
گۈزەل دۇنيا، گۈل دۇنيا.
خەلقىڭ ئۇندا باياشات،
بەخت ئىقبال مول دۇنيا.
گۈزەل دۇنيا، گۈل دۇنيا.
بەخت ئىقبال مول دۇنيا.

ھەيۋەت ئىگىز تاغلىرىڭ،
ئاستى چەكسىز بايلىقىڭ.
ئاق بۇلۇتتەك مال-چارۋا
بىلەن تولغان يايلىقىڭ.

گۈزەل دۇنيا، گۈل دۇنيا،
بەخت ئىقبال مول دۇنيا.

گۈل دىيارىم بەختىڭنى،
قۇتلۇقلايمەن ناخشامدا.
كۈيلەيمەن ناۋا ئەيلەپ،
ھەر كۈن سەھەر ئاخشامدا.
گۈزەل دۇنيا، گۈل دۇنيا،
بەخت ئىقبال مول دۇنيا.

# قايتا ئۇچراشقاندا

(ھېكايە)

ئېزىزجان سادىر

— ۋاھ، سەن ئىكەنسەنغۇ؟!— ئەزىمەتنىڭ كۆزلىرى خۇشلۇقتىن چاقناپ كەتتى ۋە غۇلچىنى كەڭ ئېچىپ ماڭا ئۆزىنى ئېتىپ چىڭ قۇچاقلىدى، — سېنى سېغىنىپ تۇرغانىدىم.

— بېشىڭغا كۈن چۈشكەن ئىكەن-دە؟

مېنىڭ خۇشلۇقۇممۇ ئۇنىڭكىدىن كەم ئەمەس ئىدى. بىز شۇ گەپلەر بىلەن تەڭ بىر-بىرىمىزنى قويۇۋېتىپ ئوڭ قولىمىزنىڭ مۇشتى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ مەيدىسىگە بىردىن سېلىشتۇق ۋە قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق، بەش يىل بۇرۇن ئايرىلغاندىمۇ ئەڭ ئاخىرقى خوشلىشىشىمىزنى مۇشۇ ھەرىكەتلەر بىلەن ئاياغلاشتۇرغانىدۇق.

— تېخىچە شۇنچە بەردەم تۇرۇپسەن،

— دېدى ئۇ باشتىن-ئاياغىمغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ چىقىپ.

— سەنمۇ ئۆزگەرمەپسەن.

— نەدىكىنى، بۇرۇنقى ھالىمنىڭ بىرسى يوق، تۇرمۇش ئۇن جېنىمنىڭ بىرىنى قويمىدى، — ئۇ شۇ گەپلەر بىلەن تەڭ پېشانىسىگە بىرنى سالدى، — مانا قارا، كاللامۇ تۈگەشكىلى تۇرغان چېغى، سېنى تېخىچە ئىشىك ئالدىدا تۇرغۇزۇپ يۈرىمەن.

ئەزىمەت قولۇمدىن تارتىپ ئۆيگە باشلىدى. قەدىردان دوستۇم ھەم ساۋاقدىشىم بولغاچقىمۇ ئۇنىڭ تۇتقان ئۆيلىرىگە ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن قاراپ چىقتىم. ئۈرۈمچىنىڭ بىنا ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە بېزىلىشى ئاساسەن جىق پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەزىمەتنىڭ ئۆيىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى. ئەپچىللىگىنە بىر مېھمانخانا، ئۈچ ئېغىز كىچىك بۆلۈمچە، بىر ئاشخانا ۋە ھاجەتخانىدىن ئىبارەت بىر يۈرۈش ئۆيلەر ئىچىدىن ئۆزۈمگە تونۇش نەرسە تاپماقچى بولغاندەك سەپسېلىپ قاراشلىرىمدىن ئەزىمەت كۈلۈپ كەتتى:

— قانداق، كۆزۈڭگە جاڭگال كۆرۈنۈۋاتامدۇ؟

— يەڭگەم قېنى؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭ ئايالى بىلەن چۈشكەن تويلۇق سۈرىتىنى كۆرۈپ قېلىپ.

ئۇ غەمكىن كۈلۈپ قويۇپ، دەملىگەن چاينى پىيالىگە قۇيدى:

— ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن، ئاجرىشىدىغاندەك تۇرىمىز...

— نېمە؟... سەن ئۇنى ياراتمىدىڭمۇ ياكى ئۇ...

— ھە...ي! نېمىسىنى دەيسەن، خوتۇن خەق دېگەننى قويە، ھەمىشە «خەقلەرنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ھەممىسى بويۇنلىرىغا يېڭىدىن چىققان ئالتۇن زەنجىر تاقاپ بولدى، مەن قاچانغىچە تەيپىنەمنىڭ ۋاقتىدىن قالغان مۇشۇ كونا نەرسىنى تاقاپ يۈرىمەن. ئەرگە تەگدىمكىن دېسەم ئەسلى، سىقىپ-يالاپ يەيدىغان پىخسىققا تەگكەن ئوخشايمەن،

ئەگەر ئانامنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ باي-سودىگەرگە ياتلىق بولغان بولسام، بۇ چىرايىم بىلەن هازىرغىچە ئالتۇندىن ئۈتىغات قىساتتىم» دەپ كاللامنى ئۇچاق قىلىۋەتتى، ئاخىرى ئاچچىقىمغا چىدىماي شاپىلاق بىلەن بىرنى سېلىپ، «ئاناڭنىڭ ئۆيىگە بار، ئاشۇ باي-سودىگەرلەرنى تېپىپ تويۇڭنى قىلىۋال» دەپ قوغلىۋەتتىم، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ. لېكىن يەنە كۈلۈپ كەتتى، — دېمىدىمۇ تۆگەشتىم دەپ، ئازراق دەردىنى كۆتۈرەلمەي سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭنى غەش قىلدىم، بىراق بىزلار سەندەك مۆڭدىشمنى ئاران كۆرگەندە دېيىلىپ قالغان مۇنداقلا گەپ جۇمۇ! «ئاداش-ئاداش بولايلى، بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى» دەپ ئويناپ يۈرىدىغان چاغلىرىمىز يادىڭدا بارمۇ؟ هە...ي! كىچىكلىك ئەسلى ئەڭ بەختىيار چاغلىرىمىز ئىكەن... بولدىلا، قېنى ئۇششاق-چۈششەكلەردىن ئالغاچ ئولتۇرە...

ئەزىمەت ئەينى ۋاقىتتىمۇ كۆپ سۆزلەيدىغان، خۇشچاقچاق، بالا مىجەز يىگىت ئىدى. شۇڭا سىنىپىمىزدىكى، مەكتەپتىكى نۇرغۇن قىزلار ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. گەرچە مۇشۇنداق يىگىتنىڭ ئايالدىن تەلىيى چىقمىغىنىغا ئەپسۇسلانغان بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ تېخىچە ئۆزگەرمىگىنىگە ئىچىمدە سۆيۈنۈپ كەتتىم.

ئۇ شىرە ئۈستىدىكى پاپىروستىن بىر تال ئېلىپ قېلىن كالپۇكلىرى ئارىسىغا قىستۇرغاچ توساتتىن سوراپ قالدى:

— قانداق، بۇ نەرسىگە ئۆگىنىپ قالمىغانسەن؟

— مەن پاپىروستىن بىر تال ئېلىپ چاقمىقىمنى چىقىرىپ ياندۇردۇم.

— پاھ! جاھاندا ئۆزگەرمەيدىغان ئادەم يوقكەن، — دېدى ئۇ بويىنىنى سوزۇپ پاپىروسنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، — سېنى بەش يىل زورلاپ چەكتۈرەلمىگەنىدۇق، ئەمدىزە ئالىي دەرىجىلىك چاقماق ساقلاپ يۈرىدىغان كونا بەڭگە بوپسەنغۇ، قاچاندىن بېرى؟

— ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بىرەر يىلدىن كېيىن...

— ساڭمۇ ئېغىر دەرد كەلگەن چېغى، بولدى، بۇ گەپلەرنى سەل تۇرۇپ قىلىشىمىز...

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ بىر خۇرۇم سومكىنى كۆتۈرۈپ چىقتى:

— سەن بىر دەم-يېرىمدەم هاردۇقىڭنى چىقارغاچ تۇر، مەن ئازراق لازىمەتلىك ئېلىپ كېلەي، هايال بولمايمەن. ئاۋۇ ئەلبۇمدا ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدىكى سۈرەتلەر بار، خالىساڭ كۆرگەچ ئولتۇر...

ئۇ چىقىپ كەتتى، مەن ئەلبۇمنى قولۇمغا ئالدىم.

ئەزىمەت سومكىدىن كاۋاپ، توخۇ گۆشى، توخۇم ۋە خام سەيلەرنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە تىزغاندىن كېيىن سائىتىگە قاراپ قويۇپ بىر بوتۇلكا «ئىلى ئالاھىدە هارىقى» نىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئەينەك رومكىغا بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيدى.

— ئۇلار كەلگىچە قانغۇدەك مۆڭدىشىۋالايلى.

— كىملەر؟

— سورىما، ۋاقتى كەلگەندە بىلىسەن. يەنە تېخى بىرەر سائەت بار ئىكەن، — ئۇ رومكىنى قولىغا ئالدى، — بىلەمسەن، ئۆلۈپ كەتكەن بوۋام تىرىلىپ كەلگەندىمۇ بۈگۈنكىدەك خۇشال بولمايتتىم، تېخى ئاخشاملا سېنى چۈشۈمدە كۆرۈپتىمەن، ئىشقىلىپ بۈگۈن مەن ئۈچۈن بەش يىلدىن بېرىقى ئەڭ خۇشاللىق بىر كۈن. سېنىڭ يوقلاپ كەلگەن شەرىپىڭ ئۈچۈن، ئىككىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك دوستلۇقى ئۈچۈن! خوش!...

هاراق نەچچە رومكا ئايلاندى. گاللىرىمىز قىزىپ، كۆزلىرىمىز خۇمارلاشتى. ئەزىمەت گەپتىن توختاپ ماڭا خىتاب قىلدى:

— قېنى ئەمدى سۆز سەندىن!...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاڭلىسام تېخىچە بويتاق يۈرگىدەكسەن. ئەگەر راھىب بولمىغانلا بولساڭ، ئۇنداقتا چوقۇم قىز بالىدىن قاتتىق ئازار يېدىڭ، شۇنداقمۇ؟

مەن پاپىروسنى كۈچەپ ئىككىنى شورۇۋەتكەندىن كېيىن كۈلدانغا بېسىپ ئۆچۈرۈۋېتىپ، كۆڭلىكىمنىڭ تۈگمىسىنى ئاستا يېشىپ ياقىسىنى قايرىدىم. ئەزىمەت مەيدەمگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى:

— ھوي، نېمە تاتۇق بۇ؟...

ئۇنىڭ نۇرغۇن سوئاللار بىلەن تولغان كۆزلىرىگە قاراپ، ئالدىمدىكى رومكىنى بىر كۆتۈرۈشتىلا بوشاتتىم-دە، ئېغىر بىر تىنىپ ئاشۇ ۋاپاسىزلىق قىسسىنى قايتىدىن ئېسىمگە ئالدىم.

— ئەزىمەت، سەن دائىم مېنى مازاق قىلىپ «ھەي بەختىيار، مۇشۇ مۆرىمەس، ياۋاش مىجەزىڭنى ئۆزگەرتمەيدىغان بولساڭ قىزلار بۇرنىڭدىن چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ تۆگىنى يېتىلىگەندەك يېتىلەيدىغۇ سېنى» دەيتتىڭ. مەن ئۇ چاغلاردا بۇ سۆزلىرىڭگە ئانچە ئېتىبار قىلمىغانىكەنمەن. چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدە قىزلار سەن دېگەندەك ئۇنچىلىك يامان ئەمەس ئىدى (ئەلۋەتتە، بۇنداق قىزلار ساناقلىقلا)، مەن ئۇلارنى چىن قەلبىمدىن ھۆرمەتلەيتتىم، چۈنكى ئۇلار سەن، بىزلەرنى ئاق سۈت بېرىپ باققان ئاشۇ ئۇلۇغ ئانىلىرىمىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتى...

— خىزمەتكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مەن بىلەن تەڭ بىر ئىدارىگە بۆلۈنگەن پەرىدە ئىسىملىك ساھىبجامال قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. قىزنىڭ مەندە قالدۇرغان ياخشى تەسىرى ۋە يېقىملىق ئوبرازى (كېيىن بىلدىمكى، بۇ ئۇنىڭ باشقىلارنى قىلتاققا ئىلىندۇرۇشتىكى دەسمايىسى ئىكەن) مېنى ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيدۈرۈپ، چىرايىمنى كۈندىن-كۈنگە سارغايتىۋەتتى. ئاخىرى چىدىيالماي ناھايىتى زور غەيرەت بىلەن ئۇنىڭغا ئۆز مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلدىم. ئارقىدىنلا مۇھەببىتىمنى رەت قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ قاتتىق ئازابلاندىم. لېكىن ئىش پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. قىز ناھايىتى ئوچۇقلۇق بىلەن تەلىپىمنى قوبۇل قىلدى. بىراق ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىنس-جىنغا تىنماسلىقىمنى شەرت قىلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ئۆز نەزىرىمدە دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئىنسانلار قاتارىغا ئۆتتۈم، كۆڭلۈم خۇشال، ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق يۈرۈشتى. گەرچە ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باقمىغان بولساممۇ (نەزىرىمدە پاك مۇھەببەت ئۈچۈن بۇلارنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى) لېكىن ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزۈمگە تەئەللۇق ھېسابلايتتىم. بەزىدە ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغان ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى يىگىتلەرنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ «ئۇ تولۇقتىكى ساۋاقدىشىم، بۇ دوستۇمنىڭ سۆيگىنى....» دېگەندەك چۈشەندۈرۈشلىرىگە قارا قويۇق، خۇددى ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سۆزىنى مۇقەددەس بىلگەندەك ئىشىنەتتىم. ئۇنىڭغا شۇ دەرىجىدە قاتتىق مەپتۇن بولغان ئىدىمكى، ئۇ مېنى ئۆلۈشكە بۇيرۇسا بىر جېنىم ئەمەس، ئون جېنىم بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىق بىلەن قۇربان قىلاتتىم...

ئاھ! قارىغۇلارچە ياخشى كۆرۈش ئىنساننى ھالاكەت گىردابىغا باشلايدىكەن...

مەن بۇ ساختا مۇھەببەت كومېدىيىسىدە ئۆز رولىمنى سادىقلىق بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ، بارغانسېرى مەست-ئەلەس بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە تۇيۇقسىز مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردى.

ئىيۇن ئايلىرىنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى سائەت ئالتىلەر ئەتراپىدا شەھەر باغچىسىدىكى بىر خالىي گۈللۈكتە پەرىدەنى كۈتۈپ، شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ تۇرسام يىراقتىن بىرسىنىڭ بىركىملەرنى[1] ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىنى ئاڭلاندى.

ئارقىدىنلا بۇياققا بۇرۇلىدىغان ئايلانما يولدا پەرىدە پەيدا بولدى، ئۇنىڭ چىرايىدا قان قالمىغان بولۇپ ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ كېلىۋاتاتتى. 25 ياشلاردىكى قامەتلىك بىر يىگىت ئۇنى تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كېلەتتى، ئەپتىدىن قاتتىق مەستلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. مېنىڭ تومۇرلىرىمدىكى قانلار ئۇرغۇپ، يىگىتلىك غۇرۇرۇم خوددى ۋولقاندەك مېڭەمگە ئېتىلىپ چىقتى-دە، پەرىدەنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم، ئۇنىڭغىچە ھېلىقى مەست يىگىتمۇ تىللىغىنىچە يېتىپ كەلدى:

— ھۇ ئالدامچى، ئىپلاس قانجۇق، نەچچە مىڭ كوي پۇلۇمنى خەجلەپ بولدۇڭ. بۈگۈن سەندىن بۇ ھېسابنى قىلمىسام «ئەركىن شاپاق» دېگەن نامىمنى يۆتكىۋېتىمەن!

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە زەن سېلىپ تۇرماستىن پەرىدەنى باغرىمغا ئالدىم. قىز جالاقلاپ تىترىگىنىچە خۇددى ئانىسىنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن كېپىك بالىسىدەك ئارقىمغا مۆكتى. ئۇنىڭ نازۇك قوللىرى بەدىنىمگە تەگكەندە پۈتۈن بەدىنىم لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان گۈلخاندەك قىزىپ، جاسارەتكە تولۇپ شىردەك ھەيۋەت بىلەن يىگىتكە يۈزلەندىم:

— ئاغىنە، ئاستا يولۇڭغا ماڭ!

يىگىتنىڭ قانغا تولغان كۆزلىرى ماڭا قادالدى. يۈرىكىم «شۇر» قىلىپ قالدى. چۈنكى ئادەملەرنىڭمۇ مۈشۈنداق يىرتقۇچلارچە كۆزلىرى بولىدىغانلىقىنى تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. ئۆزىنى «ئەركىن شاپاق» دەپ ئاتىغان ئۇ يىگىت خۇددى قانغا تەشنا بولغان بۆرىدەك ھۆركىرىدى.

— سەن نېمە ئادەم؟! جېنىڭدىن تويمىغان بولساڭ، ئاۋۇ قانجۇقنى تاشلاپ نېز يوقال!

ئۇنىڭغا بەس كېلەلمەيدىغانلىقىمنى سېزىپ قورقۇپ تۇرساممۇ لېكىن پەرىدەنىڭ دۈمبەمگە سۈركىلىۋاتقان يۇمشاق كۆكسىلىرىنىڭ سېھرىي كارامىتى بىلەن تەمتىرىمەي جاۋاب بەردىم:

— مەن ئۇنىڭ سۆيگۈنى، ئەگەر يەردىن دەرھال كەتمىسەڭ ئادەم چاقىرى-مەن!

گەپلىرىم ھاراقنىڭ تەسىرىدىن يولۋاس قىياپىتىگە كىرگەن ئۇ يىگىتنىڭ غەزىپىنى پەلەككە يۆتكۈزدى بولغاي، ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپلەر بىلەن تىللىغىنىچە ماڭا ئېتىلدى. مەنمۇ ئىختىيارسىز پۇت-قوللىرىمنى ئىشقا سالدىم، ھايت-ھۇيت دېگۈچە بىر-بىرىمىزگە يېقىنلاشتۇق. قانداقتۇر بىرنەرسە يېتىۋاتقان قۇياش نۇرىدا پارقىراپ قالدى، ئارقىدىنلا ئوڭ مەيدەمنىڭ بىر يەرلىرىنىڭ كۆيگەندەك بولغىنى-نى سەزدىم ۋە بەدىنىمنى كونترول قىلالماي ئارقامغا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدىم. قۇلىقىم تۇۋىدە پەرىدەنىڭ قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھېلىقى يىگىتمۇ نەلەگىدۇ يوقالدى...

ئېسىمگە كەلسەم كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپتىمەن، ئانام ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ يېنىمدا ئولتۇرۇپتۇ. دادامنىڭ قاپاقلىرى سېلىنغان بولۇپ، تىترەۋاتقان قوللىرى موخۇركىسىنىمۇ يۆگىيەلمەيۋاتاتتى.

كۆزۈمنى ئاچقىنىمنى كۆرۈپ ئانام ئالللا-تۈۋە-نى باشلىۋەتتى:

— ۋاي جېنىم قوزام، كۆزۈمنىڭ نۇرى بالام! ھېلىمۇ رىسقىڭ بار ئىكەن، ئۇلۇغ ئالللاغا مىڭ قەترە شۈكرى...

پىچاق ئوڭ تەرەپكە تېگىپ ئۆپكەمنى تېشىۋەتكەنىكەن. ئاتا-ئانامنىڭ بىر ئۆمۈر يىغقان مال-دۇنيالىرىمۇ دوختۇرخانىدا قالدى، ئەمما ئۇلار مېنىڭ ھايات قالغىنىمغا خۇش...

شۇ جەرياندا پەرىدە بىرنەچچە قېتىم يوقلاپ كەلدى، كۆپتىن-كۆپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. يالغۇز قالغانلىرىمىزدا بىر ئۆمۈر خىزمىتىمنى قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق تالاي ۋەدىلەرنى بەردى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئوتلۇق قاراشلىرىدىن تەسكىن تېپىپ كېسىلىمنى ئۇنتۇدۇم. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە شۇ كۈنى

مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېلىۋاتقاندا ھېلىقى ناتونۇش يىگىت (كېيىن ئۇنىڭ پەرىدەگە ھەرگىزمۇ «ناتونۇش» ئەمەسلىكى ئايان بولدى) تۇيۇقسىز كېلىپ ئېسىلىۋالغانمىش، ئۇ قېچىپ مېنىڭ يېنىمغا كەلگەنىكەن...

مەن ئۇنىڭغا ئىشەندىم. دوختۇرخانىدىن چىقىپ تۆت ئايغىچە ئۇنىڭ بىلەن «ئەڭ بەختلىك» كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن بولدۇم. چۈنكى بۇ جەرياندا قىز بىرنەچچە قېتىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن مېنى قۇچاقلاپ، تاتلىق سۆيۈشلەرنى ھەدىيە قىلدى.

ئۆكتەبىر ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ مېنى ئىزدەپ كەلدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان بولۇپ كۆزلىرىدە ياش ئەگىيتتى، مەن نېمە ئىش بولغىنىنى نەچچە قېتىم سورىغاندىن كېيىنلا:

— ئانامنىڭ يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قالدى، دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە ئانامنىڭ يەنە نەچچە كۈنلا قاپتۇ. بۇنداق يۈرەك كېسىلىنى پەقەت بېيجىڭدىلا داۋالىيالايدىكەن. بىراق داۋالىتايلى دېسەك قولىمىزدا پۇل يوق، مەن بىر يېتىم، سىڭىللىرىمنىڭ ھەممىسى كىچىك، ئانامدىن ئايرىلىپ قالساق بىز قانداق... — دېدى ۋە شۇ گەپلەر بىلەن مەيدەمگە بېشىنى قويۇپ ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى، مەن قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك تىپىرلاپ قالدىم، ئۇنىڭغا بەرگىدەك پۇل ئۆيدىمۇ قالمىغانىدى. بىراق مېھرىبان ئانىنىڭ ھاياتى قىل ئۈستىدە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مېنىڭ يۈرەك پارەمنىڭ ئانىسى، كەلگۈسىدە ھەم مېنىڭمۇ... ئەجەبا نۇرغۇن ئاشىقلار مەشۇقلىرى ئۈچۈن جېنىنىمۇ قۇربان قىلغان، ئۇنىڭ ئالدىدا پۇل دېگەن نېمە ئىدى...

مەن شۇ خىياللار بىلەن پەرىدەگە پۇل تېپىپ بېرىشنى ۋەدە قىلدىم-دە، دەرھال ئۆيگە بېرىپ ئۆيىنىڭ يەر خېتىنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ چىقتىم، بانكىدىكى تونۇشلىرىمنىڭ ياردىمى بىلەن 5000 كوي نەق پۇل قەرز ئېلىپ، ئۇچقاندەك تېزلىك بىلەن پەرىدەنىڭ قېشىغا باردىم-دە، پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم، ئۇ پۇلنى ئېلىپ ماڭا ئۇزۇن تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— بەختىيار، بۇ ياخشىلىقلىرىڭىزنى ئۆمرۈمدە ياندۇرۇپ بولالمايمەن، — دېدى ۋە قوللىرىمنى ئالقىنىغا ئېلىپ مەڭزىلىرىگە سۈركىدى، — مەن ئەتە ئانامنى ئېلىپ بېيجىڭغا ماڭىمەن. ئىدارىدىن رۇخسەتنى ئېلىپ بولدۇم، بۇ مېڭىشىمدا نەچچە ئايدا قايتىپ كېلىشىمىزنى ئۇقمايمەن، شۇڭا بۈگۈن ئاخشامنى سىز بىلەن بىرگە ئۆتكۈزسەم...

مەن ھېسابىتا بىر شېرىن ئاخشامنى ئۆتكۈزگەن بولدۇم، بىز ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇنى ئۇزىتىشقا چىقىدىغانلىقىمنى ئېيتسام ئۇ قەتئىي رەت قىلدى...

ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى پەرىدەنى ئىزدەپ ئىدارىگە كەلگەندە مەن ھەممىگە كېچىككەندىم:

ئۇ مېنى ۋە ئىدارىنى ئالداپلا قالماي يەنە ئانىسىنىمۇ ئالدىغانىكەن. ئەسلى ئۇ ھېلىقى «ئەركىن شاپاق» دېگەن يىگىت بىلەن داشۆدە ئوقۇۋاتقان چاغدىلا تونۇشقان بولۇپ، ئەركىن شاپاق ئىچكىرىدىكى مەلۇم بىر ئوغرىلىق گۇرۇھىنىڭ باشلىقى ئىكەن. ئۇلار شاڭخەيدە (پەرىدە شاڭخەيدە ئوقۇغانىدى) بىرنەچچە ئاي بىر ئۆيدە بىللە تۇرغان بولۇپ، بۇ جەرياندا پەرىدە ئەركىننىڭ زەھەرلىك چېكىملىك سودىسىغا ياردەم قىلغان. جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى سېزىپ قالغان مەزگىلدە پەرىدەنىڭ ئوقۇشى پۈتكەن، ئەركىننىڭ قالغان شېرىكلىرى قولغا چۈشۈپ، ئۇ يالغۇز ئۆزىلا جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ شىنجاڭغا قاچقان. ئۇلار بۇ جايدىمۇ داۋاملىق ئارىلىشىپ يۈرگەن ھەم زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى

بىلەن شۇغۇللانغان، پەرىدە ئەركىنىڭ نەچچە مىڭ كوي پۇلنى خەجلەپ بولغان. ھېلىقى ۋاقىتتا ئەركىن ئۇنى شۇ سەۋەبتىن قوغلىغان-كەن. ئەركىن ماڭا پىچاق سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئىچكىرىگە قاچقان. پەرىدە ئۇنىڭدىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلدۇم دەپ ئويلىغان. ئەمما ئۈچ ئايدىن كېيىن ئەركىن خۇپپىيانە قايتىپ كەلگەن ھەم پەرىدەگە ئەگەر تېزلىكتە 20-30 مىڭ كوي جايلاپ بەرمىسە جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىغا ئۆزى ھەم ئۇنى بىللە مەلۇم قىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆلتۈ-رۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالغان. چىقىش يولى تاپالمىغان پەرىدە ئاخىرى ئۆزى ئالداپ يۈرگەن مەندەك بىرنەچچە يىگىتنى ئىشقا سېلىپ پۇلنى ھەل قىلغان. شۇ جەرياندا ئۇ ھەتتا ئىشنىڭ چىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئانىسىنىمۇ گوللەپ، بىر مەزگىل باشقا جايغا كەتكۈزۈۋەتكەن...

مانا شۇنداق قىلىپ مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ياخشى كۆرگەن قىز ئاخىرى شۇ دەرىجىدە ئېپلاس بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالدى. كېيىن ئاڭلىشىمچە، ئەركىن شاپاق بىلەن پەرىدە قېچىپ گۇاڭجۇغا بارغاندا ئەركىن باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، پەرىدەمۇ قولغا ئېلىنىپ شۇ جاي تۈرمىسىگە مۇددەتلىك بەش يىللىق قاماقا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ... مەن شۇنىڭدىن بېرى بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈش ھەۋىسىدىمۇ بولمىدىم، توي قىلماسلىق قارارىغا كېلىپ پۈتكۈل زېھنىمنى خىزمەتكە قاراتتىم. ھازىر ئىشلىرىم يامان ئەمەس، يېقىندا ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ ئۈرۈمچىگە بىر ئايلىق ئوقۇشقا كېلىپ سەن قەدىردان دوستۇمنى يوقلاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىم...

ھېكايەمنى ئاياغلاشتۇرغاندا ئەزىمەت بوتۇلكىدىكى ئاخىرقى ھاراقنى رومكىغا تولدۇرۇپ ماڭا ئۇزاتتى. ئۇنىڭمۇ چىرايى تۈرۈلگەن بولۇپ ئۆزى كۆرۈپ باقمىغان پەرىدەگە غايىبانە قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— ھە...ي! ئۇ مېكىجىن سېنىڭدەك بىر ياخشى يىگىتنى شۇنچىلا كۆنگە قويۇپتۇ-دە، تىرىك تۇرغۇزۇپ سويۇۋەتسىمۇ ئازلىق قىلغۇدەك. راست، بانكا ھېلىقى قەرزنى سۈيلىدىمۇ؟

— ئۇ پۇللارنى ئۇرۇق-تۇغقانلاردىن قەرز ئېلىپ يۈرۈپ تۆلىدۇق، ئاتا-ئانام يۈزۈمگە سالمىغىنى بىلەن مەن شۇ جەرياندا مىڭ ئۆلۈپ-مىڭ تىرىلدىم، بىرەر يىلغىچە ئۇلارنىڭ يۈزىگە بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىيالماي يۈردۇم. شۇ چاغلاردا ئەگەر پەرىدەنى ئۇچرىتىپ قالغان بولسام ئېزىق چىشلىرىم ئارىسىغا ئېلىپ چاينىۋەتكۈدەك بولاتتىم. خەير، ئۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئادەم غەلىتە نېمە ئىكەن. ھازىر ئويلىسام ئۇنىڭغا بولغان تاغدەك ئۆچمەنلىكلىرىم يوقاپ، قالغىنى پەقەت نەپرەتلا بولدى... شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا-ئانام نەچچە قېتىم توي تەرەددۇتىنى قىلدى، بىراق مەن زادىلا قوشۇلمىدىم، ئۇلار ھازىرمۇ يەنە شۇ باش ئاغرىقنى قىلىپ يۈرىشىدۇ...

— «يىلاندىن قورققان ئارغامچىدىنمۇ قورقۇپتۇ» دېگەندەك، بۇ ئىشىڭ بولماپتۇ. جاھاندا ياخشى قىزلارمۇ نۇرغۇن. مانا قارا، ئايالىم ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكىلى ئىككى ئاي بولار-بولماي مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بىرنى تاپتىم. ئۇ ئايالىمدەك چىرايلىق بولمىسىمۇ لېكىن كۆڭلى ياخشى، مەن توي قىلغاندا نۇرغۇن قىزلارنى تاللاپ يۈرۈپ ئاخىرى چىرايىنى دەپلا ئۇنى ئالغانىدىم. بىراق كېيىن نېمە بولدى؟ ھەدېسىلا كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەت جېدىلى قىلىپ ئۆھ دېگۈچىلىك ماجالىمنى قويمىدى. بۇ قېتىمقىسى بىر ئەردىن چىققان، دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ئايال، بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىشىپلا بىر-بىرىمىزنىڭ ھال-مۇڭىغا يەتتۇق، راست ساڭا دەپ قوياي، ئۇ ھېلى بىر دوستىنى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ جۇمۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەن چۆچۈپ كەتتىم.

— بۇ... بۇ قانداق... مەن قانداق قىلمەن؟

— نېمە قانداق؟ ئۇنىڭ دوستى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرسەن، ئۇنىڭ دېيىشىچە دوستى بەك چىرايلىق ئىكەن. بۇرۇن ئىچكىرىدە لۈكچەكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغاچقا تۈرمىگە كىرىپ قېلىپ نۇرغۇن دەرد تارتىپتۇ، كېيىن ئىپادىسى ياخشى دەپ قارىلىپ ئىككى يىلدىلا قويۇپ بېرىلىپتۇ. شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىشتىن نومۇس قىلىپ ئۈرۈمچىدە قالغانىكەن. ئاشخانىلاردا ئېغىر-يېنىك ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىدە بىزنىڭ كەلگۈسى خوتۇنىغا ئۇچراپ قاپتۇ، قارىسا ھېلىقى ئايال ئاشخانا خوجايىنىنىڭ قاتتىق گەپلىرىنى ئىشىتىپ تۇرسىمۇ غىڭ-پىڭ قىلماي ئىشى بىلەن بولىدىكەن. ئىچى ئاغرىپ يېنىغا چاقىرىپ ئەھۋال سورىسا ئۇ ئايالنىڭ گەپ-سۆزلىرى جايىدا، خېلى سەۋدىيىلىك بولۇپ چىقىپتۇ. قارا بۇ ئىشنى، ئەسلى ئۇ ئىچكىرىدىكى داڭلىق داشۆدە ئوقۇغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كەلگۈسى ئايال دادىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق يول مېڭىپ ئۇنى بىر ئىدارىگە ۋاقىتلىق خىزمەتچىلىككە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇنى كۆرمىگەن بولساممۇ تولىمۇ قىزىقتىم، ئادەمنىڭ بېشىغا قانداق قىسمەتلەر كەلمەيدۇ-ھە! بۈگۈن سېنىڭ باھانەڭ بىلەن ئۇنىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشىمىز، ئىسمىنى نېمە دېدى، پەرىخەمۇ؟... ياق، پەرىدە!

— پەرىدە؟!

ئىككىلىمىز چۆچۈپ بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق.

— قارا ماۋۇ تەقدىرنى، سەن ئېيتقان پەرىدە بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟

مېنىڭ تىنچ تۇرغان كۆل سۈيىدەك قەلبىم خۇددى تەيپىك بورىنىغا ئۇچرىغاندەك شىددەت بىلەن دولقۇنلىنىپ كەتتى.

— ئاشۇ پەرىدەمىدۇ؟

— ئۇنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن سەن ئېيتقان قىزنىڭ ئۆتمۈشى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىكەن، مۇنداقمۇ توغرا كېلىپ قالغان بارمۇ؟

شۇ ئاردا ئىشىك يەڭگىل چېكىلدى، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلاتتۇق، مەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچاي.

— ئەزىمەت، ئەگەر راستىنلا شۇ بولۇپ قالسىچۇ؟

— ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ سەن بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى ھالىتىنى تاماشا قىلىمىز. ئۆچۈڭنى چىقىرىۋالىمىز.

— بىراق ئاغىنە مەندە ھازىر ئۆچمەنلىك يوق، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقۇم ئەسلا يوق.

ئىشىك يەنە بىر قېتىم چېكىلدى، بىز ئالدىراپ قالدۇق.

— ئەزىمەت، ياخشىسى مەن ئۆزۈمنى چەتكە ئالاي.

— ئۇنداقتا ماۋۇ ئۆيگە كىرىپ تۇر.

ئۇ مېنى ئىشىكنىڭ ئىچكىرىسىدىكى مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۆلۈمچىگە كىرگۈزدى ۋە ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ:

— ھەببەللى، ئەمدى ئوبدان بىر مەيدان كومېدىيە ئوينىلىدىغان بولدۇق، — دېگىنىچە ئىشىكنى ھىم ياپتى. مەن نېمە بولۇشىنى كۈتۈپ سافاغا چۆكتۈم-دە، جىم بولدۇم. بۇ بۆلۈمچە بىلەن مېھمانخانىنىڭ ئارىلىقى ئىككى مېترمۇ كەلمەيتتى، ھەممە گەپ-سۆزنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى.

ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئۈنى، كەينىدىنلا بىر ياش ئايالنىڭ «ۋاي-ۋوي ئەزىمەت، ئىشىك تۈۋىدە تازا ساقلاتتىڭىزغۇ» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كەچۈرۈڭلار، سىلەرنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇخلاپ قاپتىمەن.

— بۇ قىز سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن دوستۇم پەرىدە، بۇ ياق ئەزىمەت.

— ياخشىمۇسىز.

« ئاھ! پەرىدەنىڭ ئاۋازىغۇ بۇ! »

يۈرىكىم قىپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى مىڭ تۈرلۈك شاۋقۇن-سۈرەنلەر ئىچىدىنمۇ پەرق قىلالايتتىم. شۇنچىلىك تونۇش ئىدىكى، ھېلىغۇ بەش يىل ئىكەن، 50 يىل ئۇچراشمىسامۇ بىلىۋالالايدىغىنىمغا چوڭقۇر ئىشىنەتتىم.

ئىسمىگە كەلگىنىمدە ياش ئايال سۆزلەۋاتاتتى:

— ئەزىمەت، گېپىنى قىلغان ھېلىقى جان-جىگەر دوستىڭىز قېنى؟ سىزنى تاشلاپ قېچىپ كەتمىگەندۇ؟

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، مېنىڭ ئۇ دوستۇم ھەقىقىي دوست بولۇشقا لايىق بىر ئىنسان. باشقىلارغا ئوخشاش ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەي تاشلاپ قاچىدىغانلاردىن ئەمەس.

ئۇنىڭ بۇ دارىتما سۆزىنى ئاڭلاپ ئىچىمدە كۈلۈپ تاشلىدىم. چۈنكى ئۇ ئاخىرقى جۈملىنى مېنى ئاڭلىسۇن دەپ ئەتەي ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ قىلدى.

— ئەمسە ئۇنى بىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرمەمسىز؟

— كەچۈرۈڭلار، مەلۇم بىر ئىش بىلەن چىقىپ كېتىۋىدى، سەل تۇرۇپ پەيدا بولىدۇ. بىز ئۇنىڭغىچە ئۆز پارىڭىمىز بىلەن ئولتۇرىمىز.

ئارقىدىنلا نەرسە-كېرەك، شىشە-بوتۇلكىلارنىڭ شىرە ئۈستىگە تىزىلىۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

— نېمانچە كۆپ نەرسە بۇ، خۇددى بىر زال مېھمان باشلىغۇدەك تەييارلىق قىپسىزغۇ؟ ئەكىلىڭ، مەن تىزاي، سىلەر ئەرلەر زە مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ قاملاشتۇرالمايسىلەر.

— ئەتە-ئۆگۈن سىز بۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسى بولغاندا ئاستا-ئاستا ئۆگىنىۋالامدىمەن ھا... ھا...

— قىلىنىڭ قىلغان گېپىنى، مېھمان بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ جۇمۇ.

— بىرەر رومكىدىن ئىچكەچ ئولتۇرۇڭلار قىزلار، بۇ تۇرپاننىڭ يېگىدىن ئىشلەنگەن داڭلىق ئۈزۈم ھارىقى، ئەكس تەسىرى يوق... پەرىدە سىزنىڭ ئەسلى يۇرتىڭىز نەدىن؟

ئەزىمەت پەرىدەدىن گەپ ئالماقچى بولۇۋاتاتتى.

— قەشقەردىن.

— قەشقەر؟ ... مۇنداق دەڭ، مېنىڭ يېقىن بىر ئاغىنەممۇ قەشقەرلىق، ئىسمى بەختىيار.

— بەختىيار؟!

پەرىدەنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— قەشقەر شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىدە، خىزمەتكە چىققىلى بەش يىل بولدى. ئۇ يېقىندىلا ئۈرۈمچىگە كەلدى.

— ... بەختىيار... ئۈرۈمچىدىمۇ؟

بۇ ئاۋازدا قورقۇش، سېغىنىش، پۇشايمانغا ئوخشاش تۈرلۈك مۇرەككەپ مەنىلەر ئەكس ئېتەتتى.

— ئۇنى تونۇمسىز؟

— ھە ئە...

— ھەي ئەزىمەت، ماۋۇ گۆش تېخى پىشماپتىكەنغۇ؟ — ئەزىمەتنىڭ كەلگۈسى ئايالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — قارىماي ئاپسىزدە؟... سىلەر ئولتۇرۇۋېرىڭلار، مەن بۇنى قايتا قورۇپ چىقاي، ئەزىمەت، پەرىدەنى خاپا قىلماڭ جۇمۇ.

ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشى ئەزىمەتكە شارائىت يارىتىپ بەردى.

— ئۇ دوستۇم تولىمۇ ئوبدان يىگىت ئىدى. ئەپسۇس بىر ۋاپاسىز قىزنىڭ ئالدام خالتىسىغا

چۈشۈپ جىق دەرد تارتىپتۇ، ھەتتا جىنىدىن ئايرىلغىلى تاس قاپتۇ، شۇ قىز تۈپەيلى ئۇ ھازىرغىچە توي قىلماي تەنھا ئۆتۈۋېتىپتۇ.

— ئۇ تېخىچە توي قىلماپتىمۇ؟...

— ياق، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيگەن قىزى داغدا قويغاندىن كېيىن ئۇ ھەممە قىزلاردىن نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— بىراق... بىراق ياخشى قىزلارمۇ كۆپقۇ؟

— مەسىلەن، سىزگە ئوخشاش-ھە؟ ئاسىيەدىن ئاڭلىشىمچە سىز تولىمۇ ياخشى قىز ئىكەنسىز.

تۇيۇقسىز ئۇرۇلغان بۇ ئىككى بىسلىق زەربىدىن پەرىدە گاڭگىراپ قالدى بولغاي، بىرھازاغىچە ئاۋازى ئاڭلانمىدى.

— پەرىدە، نېمىشقا يۇرتىڭىزغا قايتمايسىز؟... دەۋېرىڭ، مەن ئاسىيەدىن ئۇقتۇم، ھەممىمىز دەردمەن ئىكەنمىز، دەردمەننىڭ ھالىغا دەردمەن يەتمىسە باشقىلار چۈشىنىپ بولالمايدۇ.

— نېمە دېسەم بولار؟... بەلكىم مېنىڭ ئۆتمۈشۈمنى بىلىدىغانسىز. ئۆزۈمنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى ئويلىسام، ئۆزۈمدىن بىر ئۆمۈر يىرگىنىمەن، — ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى، ئېھتىمال يىغلاۋاتسا كېرەك، بىرپەستىن كېيىن ئۆزۈپ-ئۆزۈپ، — گۇناھلىرىمنى قانچە يىل يۇساممۇ تازىلاپ بولالمايمەن، پۇشايمان ۋە ئازاب ئىچىدە تولغىنىمەن، بىراق ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتكەن-دە، قانداقمۇ ئورنىغا كەلسۇن؟ — دېدى.

چىن يۈرەكتىن چىققان بۇ تۆۋەنامىنى ئاڭلىغاندا مۇزدەك توڭلاپ كەتكەن قەلبىم شۇررىدە ئېرىپ كۆز ئالدىمنى خىرە تۇمان باستى...

— بىلمىسىڭىز كېرەك، دوستىڭىز بەختىيارنى داغدا قويغان ئاشۇ ۋاپاسىز قىز مەن بولىمەن.

— سىز؟

ئەزىمەت قەستەنگە ھەيران قالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىۋاتاتتى.

— ھە، مەن ئۇنىڭ پاك مۇھەببىتىنى ۋەيران قىلغان، ئۇنى، باشقىلارنى ھەتتا مېنى تۇغۇپ مىڭ مۇشەققەتتە بېقىپ چوڭ قىلىپ داشۆدە ئوقۇتقان ئانامنىمۇ ئالدىغان. شۇ قىلغانلىرىم ئۈچۈن ماڭا ئۆلۈممۇ ئازلىق قىلىدۇ. لېكىن تەقدىرىنىڭ قىسمىتى بىلەن يەنىلا تىرىك تۇرۇپتىمەن، ئەمما روھەن ئۆلگەن. مەن بىر گۇناھكار ئىنسان، ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ بېرىشقا قۇدرىتىم يەتمەيدۇ...

— ئۇنداقمۇ ئويلاپ كەتمەڭ. سىز تېگىشلىك جازاغا ئۇچراپ ھازىر قايتىدىن ياخشى ئادەملەر قاتارىغا ئۆتتىڭىزغۇ، قايسىبىر ئىنسان ئازمايدۇ.

— مەن دوستىڭىزنى ئالداپ ئىچكىرىگە قاچقاندىن كېيىن كۆرمىگەن كۈننى كۆردۈم. لالما ئىتلاردىنمۇ بەكرەك خارلاندىم. ئانامنى، مەن ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان بەختىيارنى چەكسىز سېغىندىم؛ ئۇلارنىڭ ئالدىدا سانسىز قېتىم غايىبانە تىزلىنىپ گۇناھىمنى تىلىدىم، بىراق قايتىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم، ئۇلارنىڭ مېنى كەچۈرۈشىگە كۆزۈم يەتمىدى. دېمىسىمۇ مەندەك ۋاپاغا جاپا قىلغان ئايال ھەر نېمە بولسام ھەق ئىدى، ھازىر بىرلا ئارمان بىلەن ياشاۋاتىمەن: ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ گۇناھىمنى تىلەش. بۇ تىلىكىمگە يەتسەم شۇ مىنۇتلاردىلا ئۆلۈپ كېتىشكە رازى...

— بۇنداق مىنۇتلارمۇ كېلىپ قالار، ئەمما ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلماڭ...

شۇ ئارىدا ئاسىيەنىڭ كىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ پارىڭى توختىدى.

— ھوي، پەرىدە، يىغلاپسەنغۇ؟... ئەزىمەت ئۇنى بوزەك قىلدىڭىزمۇ؟!

— ياق، ئاسىيە، ئەزىمەت بوزەك قىلمىدى، ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئەسكە ئېلىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم.

— قارا سېنى! بۇ يەرگە خۇشال قىلىمەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— قارا سىڭنى! بۇ يەرگە خۇشال قىلمەن دەپ ئەكەلسەم يەنە مەشلداپ ئولتۇرغىنىڭ نېمىسى؟... مە، مانى ئال، ماڭا قاراپ كۈلگىنە، ئۆتكەن ئىشلار ئالللقاچان كەلمەسكە كەتتى، بىز ئەمدى ئالدىمىزغا قاراپ ياشىشىمىز كېرەك.

— شۇنداق پەرىدە. ئاسىيە توغرا ئېيتىدۇ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ. قاراڭ، ئاسىيە بىلەن ئىككىمىزمۇ ياشلىق قەدەملىرىمىزنى خاتا باسقان، مانا ھازىر توغرىلاش ئالدىدا تۇرىمىز، ئۇنى ئالسام...

— ۋېيەي، تېخى كىم سىزگە تېگمەن دەپتۇ...

ئۇلار شۇ گەپ بىلەن كۈلۈشۈپ كەتتى، يەنە ئاسىيەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھوي ئەزىمەت، قاچانغىچە مۇشۇنداق ئولتۇرىمىز، ئۇ دوستىڭىز تېخىچە كەلمەيدىغۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم سىلىپ كەتتى، «ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟»

— سىلەر دوستۇمنى كۆرمەكچى، شۇنداق-مۇ؟ ئۇنداقتا بىر شەرتىم بار، كۆرسەتكىلار ئۇنى نەچچە سېكۇنتقا قالماي مۇشۇ جايغا پەيدا قىلىمەن.

— قىزىق گەپقۇ بۇ، نېمە شەرت، ئېيتىڭ-گا؟

— ئىككىڭلار كۆزۈڭلارنى چىڭ يۇمۇسلەر، مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ئاچساڭلار بولمايدۇ، ئۇنداق بولمىغىنىدا سېھرىم كارغا كەلمەيدۇ.

— سىزنىڭ مۇشۇ بالا مىجەزىڭىزنىزە... بولىدۇ، بىز ماقۇل بولدۇق. كۆزۈڭنى يۇم پەرىدە، قېنى، ئەمدى بولغاندۇ، دوستىڭىزنى پەيدا قىلىڭ!

ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپ ئەزىمەتنىڭ بېشى كۆرۈندى.

— قوپ ئاغىنە، سولىنىپ ئولتۇرۇۋەرمەي!

مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم.

— بۇ... بۇ...

— نېمە بۇ، بۇ؟... قوپ دەيمەن!

ئۇ قولۇمدىن تارتىپ قوپتۇرۇپ مېھمانخانىغا سۆرەپ كىردى.

ئۇدۇلدىكى سافادا ئىككى ئايال رايىشلىق بىلەن كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئاسىيە، يەنە بىرى — پەرىدە ئىدى!

ئا...ھە! پەرىدە، دەل ئۆزى! ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى گۈلدەك چىرايى سەل سولغان، دەرد-ئەلەم ۋە پۇشايمان بۇلاقتەك كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا ۋاقىتسىز نەچچە تال قورۇق پەيدا قىلغان بولسىمۇ لېكىن يەنىلا شۇنداق گۈزەل كۆرۈنەتتى. تولغان ئاياللارغا خاس قامىتى مەن-مەن دېگەن ئەركەكنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قوياتتى. گەرچە شۇ ۋاقىتلاردىكى مۇھەببىتىم ئالللقاچان كۈلگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى قايتا كۆرۈپ كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى «پىژ» قىلىپ قالدى. بۇ ئۇچرىشىش كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا كۆمۈلۈپ ياتقان سۆيگۈ چوغلىرىنى قايتا يېلىنجاتماقتا ئىدى. مۇھەببەت-نىڭ يىلتىزى نېمىدېگەن چوڭقۇر-ھە! گەرچە بۇ ئايال ماڭا شۇنچىلىك نۇرغۇن ئازابلارنى قالدۇرغان، مەندە چەكسىز ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا شۇنى بىلدىمكى: ئۇنىڭغا ھازىرغا قەدەر نەپرەتلىنىشىم، ئۇنى ھازىرغا قەدەر ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقانلىقىمدىن ئىكەن...

— قېنى ئەمدى كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار!

ئاسىيە مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن ئىتتىكلا تۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى.

— ياخشىمۇسىز؟

پەرىدە ئالدىدىكى كۆرۈنۈشكە ئىشەن-مەيۋاتقاندەك بۇلاقتەك كۆزلىرىنى تېخىمۇ چوڭ ئاچقىنىچە ماڭا قاراپ قېتىپ قالدى. دەقىقە ئىچىدىلا چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ قىمىرلاتقان لەۋلىرىنىڭ ھەركىتىدىن

ئىسمىنى ئاتىغانلىقىنى سەزدىم...

— پەرىدە! — ئاسىيە ئۇنى نۇقۇغاندىن كېيىنلا ئۇ چۈشىدىن ئويغانغان ئادەمدەك بىلىنەر-بىلىنمەس سىلكىنىپ كەتتى ۋە ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى.

— ياخشىمۇسىز؟ — دېدى ئارانلا ئاڭلانغىدەك پەس ئاۋازدا.

— قەدىر ئەھۋال.

بىزگە قاراپ كۈلۈۋاتقان ئەزىمەت ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— قانداق، كارامىتىم قالتىسمكەن؟ ئۇچراشمىغىلى بەش يىل بولغان ئاشىق-مەشۇقلارنى نەچچە سېكۇنت ئىچىدىلا بىر يەرگە جەم قىلدىم.

— نېمە؟! سىز بەختىيارما؟ — ئاسىيە ئىتتىكلا پەرىدەگە بىر نەزەر تاشلىدى-دە، ئاندىن مېنى قايتا كۆرۈۋالغۇسى كەلگەندەك باشتىن-ئايىغىمغا سەپسېلىپ چىقتى، — ئىسمىڭىزنى پەرىدە ۋە ئەزىمەتتىن تولا ئاڭلىغان، بۈگۈن كۆرۈشۈشكە نېسىپ بوپتۇ.

— هوي ئاسىيە، بۇ يەردە مەن بار جۇمۇڭ، ئەمدى بەختىيارغا كۆزىڭىز چۈشۈۋاتامدۇ؟ — دېدى ئەزىمەت يالغاندىن قاپىقىنى تۈرۈپ، — يۈرۈڭ، سىزگە دەيدىغان ئايرىم گېپىم بار.

ئەزىمەت بىزنى يالغۇز قالدۇرۇش ئۈچۈن ئاسىيەنى چاقىرىۋالغانىدى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن يەڭگىل نەپەس ئېلىپ نەزىرىمنى پەرىدەگە يۆتكىدىم. ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى، بىز بىرپەس شۇك بولۇشۇپ كەتتۇق، ئاخىرى سۈكۈتنى مەن بۇزدۇم.

— ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگىنىڭىزگە ئۇزۇن بولدىمۇ؟

ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەستىن پىچىرلىدى:

— ئىككى يىل ئاۋۋال تۈرمىدىن چىقىپ قايتىپ كەلگەنچە...

سورىغىدەك باشقا گەپمۇ قالمىغانىدى، ئۇنىڭ ھېلىلا دېگەن گەپلىرى قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلىدى: «ئۇلارنىڭ ئالدىدا گۇناھىمنى تىلەش، بۇ تىلىكىمگە يەتسەم شۇ مىنۇتلاردىلا ئۆلۈپ كېتىشكە رازى!»

ئۇ ئۇزۇل-كېسىل ئۆزگەرگەنىدى، «ئادەم توغۇلىشىدىنلا ئەسكى بولۇپ يارالمايدۇ، ئۇ ھەرقانچە گۇناھ ئۆتكۈزسىمۇ، پەقەت چىن قەلبىدىن تۈۋا قىلىپ ياخشى يولغا ماڭسىلا يەنە ئۇنى قىيناش، كەچۈرمەسلىك ھەقىقىي ئىنسانلارغا خاس پەزىلەت ئەمەس» مەن شۇ خىياللارغا كەلگەندىن كېيىن گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرمىدىم.

— مەن بىلەن قەشقەرگە قايتامسىز؟

ئۇ ئىتتىكلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئىشەنمەيۋاتقاندەك كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە تىكىلدى. سۆزلىرىمنىڭ چىن قەلبىمدىن چىقىۋاتقانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز يامغۇردەك ياش قۇيۇلدى. نەچچە يىلدىن بېرى يۈرىكىگە يىغىلىپ قالغان زەھەرلىك دەرد-ئەلەملىرى بىراقلا ئېتىلىپ چىقتى بولغاي، بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا تىزلاندى:

— بەختىيار، مېنى كەچۈرۈڭ!

مەن تېزلا ئۇنى يۆلىۋالدىم، ئۇ باغرىمغا ئۆزىنى تاشلاپ بېشىنى مەيدەمگە قويدى:

— مەن ئادەم ئەمەس، مەن سىزنى نۇرغۇن ئازابلارغا سالدىم!...

— بولدى، دېمەيلا قويۇڭ، مەن ھەممىنى بىلدىم...

ئۇنىڭ قايقارا چاچلىرىغا لەۋلىرىمنى باستىم، شۇ تاپتا مېنىڭمۇ كۆزلىرىم نەملەشمەكتە ئىدى...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مىكرو ھېكايىلەر

ئىسمايىل قاسىم

## ئىشىك چېكىلمىگەن بولسا...

ئاخىر پەقەت ئىككىمىزلا قالدۇق. ئېغىر سۈكۈت يۈرىكىمنى سىقماقتا. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە خىيالچان ئولتۇرۇپتۇ. بىراق ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇ بەكلا جەلپ قىلارلىق ئىدى، مەن ئۇنىڭغا سۆزلەپ باقماقچى بولدۇم، ئەمما نېمە دېيىشىمنى بىلمەي خېلى ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئۇ ماڭا يەر تېگىدىن بىر قاراپ قويۇپ، ئىتتىكلا كۆزىنى ئېلىپ قاچتى-دە، يەنە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، ئاندىن يېنىك ئۇھ تارتىپ قويدى، مەن كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭ گىلاستەك لەۋلىرىگە قارىدىم، ئۇ لەۋلەر... مەن ئىختىيارسىز لەۋلىرىمنى تامشىپ قويدۇم. ئۇ لەۋلەۋ... مېنى ئۆزىگە تارتىۋاتقان نەرسە ئۇنىڭ گۈزەل سىياقى، تۇرۇپلا ئايالىمنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ باققۇم كەلدى. داغ باسقان يۈز، تومپايغان قورساق، كېلەڭسىز بەدەن... كەھرىۋادەك سۈزۈك يۈز، تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم بەل... بىر نەرسە ئىچىمنى تاتىلىغاندەك قىمىرلاپ ئولتۇرالماي قالدىم. كۆڭلۈمدە غەيرىي خىياللار باش كۆتۈرمەكتە ئىدى. نېمە بولسا مەيلى، باشقا كەلگىنىنى كۆرەي... شۇ چاغدا ۋۇجۇدۇمدىكى يەنە بىر «مەن» مېنى توستى.

«ئايالىڭنى ئويلا...»

كېكەچ تىلىمدىن ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەپ بېرىش كەلمىسىمۇ «سىز بەك چىرايلىق ئىكەنسىزا» دەۋەتتىم، ئۇ ماڭا قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى. يۈرىكىم شادلىقتىن سەكرەپ، ۋۇجۇدۇمنى ئىللىق بىر سېزىم قاپلىدى.

مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئاستا سۈرۈلدۈم.

«ئازما، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، سېنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغان ۋاپادار ئايالىڭنى ئويلاپ قوي!»

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇرىدىغان، يۈرەكلەرنى پىژ-پىژ كۆيدۈرىدىغان نۇر چاقنىماقتا. مەن بۇ ئاڭلىغۇدەك قىلىپ پىچىرلىدىم.

«ئاھ! سىز نېمىدېگەن گۈزەل، سىزنىڭ ھۆسن-جامالىڭىز مېنى مەھلىيا قىلىۋالدى.»

«ۋىجدانىڭنى بۇلغۇما، سەن بۇرۇن ئۆزۈڭ سۆيۈپ ئالغان ئايالىڭغا نېمە ۋەدىلەرنى بەرگەن. كاللاڭنى سىلكىۋەت.»

ئۇنىڭ زىلۋا بەدىنى يېنىك تىترەپ كەتتى، بەلكىم مېنىڭ سۆزۈم ئۇنىڭغىمۇ تەسىر قىلغان، يۈرەكلىرىدىكى مۇقەددەس ئەقىدىلىرىنى تەۋرەتكەن، ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتقان بولسا كېرەك. مەن ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم، ئۇنىڭ قولى بەكلا يۇمشاق ھەم ئىسسىق ئىدى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا

ئامالسىز قىلىۋاتاتتىم، قەلبىمدىكى قورقۇنچ، تارتىنىش، ئىككىلىنىشلەر بارغانچە تاراپ بارماقتا. مەن قولۇمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدۇم.

«هاي! ئۇچمە كۆكۈل، ئادىمى هايۋان ئۇيالساڭچۇ، ئايالىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلىشقا، بىر سەبىي، پاك قىزنى ئالداشقا يۈرىكىڭ قانداق چىدايدۇ؟ يۈرىكىڭ ئالدىدا ئۇيالمامسەن؟»

«سىزنى سۆيىمەن...» مەن لېۋىمنى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە ياقتىم، ئۇنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرى يۇمۇلدى.

«نائەهلى، تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ئۆز ۋۇجۇدىڭدىن تامغان بالاڭنى ئويلا... شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرمە، كېيىن مىڭ پۇشايمان قىلساڭمۇ بىكار...» مەن شېرىنلىك ئىچىدە ئۆزۈۋاتىمەن، ئۇ يىنىك-يىنىك هاسىراپتى... مەن ئۇنىڭ نازۇك بەللىرىدىن چىڭ قۇچاقلىدىم. ئۇ قاتتىق ئىڭرىۋەتتى، تاتلىق، جەلپ قىلارلىق. ئۇ نازۇك قوللىرىنى بوينۇمدىن ئارتۇلدۇرۇۋالغانىدى. بىز بىر-بىرىمىزگە يۆگىمەچتەك چىرمىلىشىپ كەتتۇق، مەن مەڭگۈ مۇشۇنداق تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتاتتىم، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىنمۇ شۇنداق بىر ئۈمىدنىڭ سايىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم، ئۆتتەك سۆيۈشلەر دائىم قىلماقتا... ئۇرگانىزمىمدا كۆچۈيۈۋاتقان بىر خىل شېرىن تەقەززا مېنى يەنىمۇ يۇقىرى پەللىلەرگە ئۈنتەرمەكتە، ئۆزۈمنى مۇشۇنچىلىك يىرىدە تۇتۇپلىشقا كۆندۇرۇشۇم كېرەك دېگەن بىر ئوي مېڭەمدىن يالت قىلىپ ئۆتتى.

«راست شۇنداق قىل، يېتەر هېلىمۇ قىلغانلىرىڭ.»

مەن راستتىنلا تېڭىرقاپ قالدىم، ئايال... بالا... ۋىجدان... قىز... لېۋىمنى ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن ئاجراتماقچى بولدۇم، بىراق، ئۇنىڭ نازۇك قوللىرى دەرهال بېشىمدىن چىڭ قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ مېنى قويۇۋەتمىدى، ئۇ هاسىراپ-هۆمىدەپ يۈز-كۆز، لەۋلىرىمگە تەلۋىلەرچە سۆيمەكتە، بۇنۇن بەدىنىم تەسۋىرلىگۈسىز ئىللىق بىر هارارەت تەپتىدىن ئېرىپ ئاقماقتا. پەسىيۋاتقان تەقەززالىرىم شىددەت بىلەن ئۆرلەپ چىقتى. شۇنداق بىر مۇرادقا يېتىش ئويى مېنى ئارامسىزلاندۇرماقتا ئىدى، مەن ئۇنىڭ بېلىدىن چىڭ قاماللىۋالغان قوللىرىمنى ئاستا تۆۋەنگە سىيرىدىم، ئۇ بىر قولى بىلەن قولۇمنى يېنىك تۇتتى.

مەن يەنىلا... بۇ چاغدا ئۆي، بالا، ئايال، ۋىجدان... ئۇلۇغ ئاتالغانلىكى هەممە نەرسىلەر غۇۋا چۈشتە كۆز ئۆڭۈمدىن ئۆچۈپ بارماقتا ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى بىر قولۇم بىلەن چىڭ تۇتۇۋېلىپ، يەنە بىر قولۇمنى ئۇنىڭ بەللىرىنى سىلاشتۇرغاچ تۆۋەنگە سىيرىدىم...

تاك... تاك... تاك...

ئىشىك چېكىلدى.

## يېڭىلىنىش

كاللام قۇيقۇرۇق. ئەسلى مەن كۆپ نەرسىلەرنى ئويلايتتىم. يول بويىدا سوغۇقتىن دۈگدىيىپ تۇرىمەن. سېنتەبىرنىڭ باشلىرىدىلا هاۋا مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى، ئۆيدە تۇرۇشتىن تولىمۇ زېرىكتىم، قاچانلا بولسا لاكىسىر ئۇرۇلغان تامغا چاپلانغان جەت ئەللىك كېچىك بالىلارنىڭ سۆيۈشۈۋاتقان رەسىمىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالاتتى. مەن لېۋىمنى يالاپ قويدۇم. بويتاقچىلىق. ئۆزۈم كىر يۇيۇشتىن بۇگۈن تۇنجى قېتىم بىزار بولدۇم. ۋانىنغا چۈشۈپ ئىلمان سۇدا راهەتلىنىپ يۇيۇنغۇم كېلىپ تۇرسىمۇ لەۋلىرىنى قىپقىزىل بوياۋالغان ساتىراش قىزغا بىر يۈەن بېرىپ چېچىمنى يۇغۇزدۇم. مۇشۇ كۈندە كىنو كۆرۈشمۇ بىر ئازاب، مائاش ئالغان كۈنۈم «يەنە كېلىڭ» رېستورانىنىڭ لوژىسىدا چىلاشقۇچە ئىچمەكچى بولدۇم، لېكىن ئايىنى قاتتىق نان غاجىلاپ ئۆتكۈزۈشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەسلىكىدىن بىر قارارغا كېلەلمەي يۈرىمەن.

يېڭى پەيدا بولۇۋاتقان قائىدە-يوسۇنلارنىڭ كۆپلۈكىدىن بېشىم ئايلىنىپ كېتىدۇ. تۇغۇلغان كۈن، مەسلىھەت چاي، توي خاتىرىسى... ئۆتكەندە بىزنىڭ ئىدارىدە بىرى توي خاتىرە كۈنىنى تەبرىكلەپتىكەن، هازىر ئەمدى شۇمۇ بىر قائىدىگە ئايلىنىپ قېلىپتۇ. كۈمۈش تويى، ئالتۇن تويى، قەلەي تويى... ئاپتوبۇسدا قىلىشنى ئويلىسام پىيادە ماڭغۇم كېلىدۇ، پەقەت شۇ خىزمەتكە كېچىكىپ مۇكاپاتىمدىن قۇرۇق قېلىشتىن قورقىدىغان گەپ.

كوچىدا ماشىنىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاران ئۆتتۈم يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە. ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگەن بايىقى قىزغا ئىككى خىل يېزىقتا باستۇرغان ئىسىم كارتۇچكامنى بەردىم. ئۇ ماڭا تېلېفون ئۇرماقچى بولدى. ئىدارىنىڭ تېلېفونى بۇزۇلۇپ قالغىلى نەچچە ئاي بولغانلىقىنى ئۇنىڭغا دەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قېلىپتىمەن. هەي... قاراڭغۇ بازاردىن ئەرزان باهادا ئالغان چاقىرغۇ ئاپپاراتىم بارغۇ. هازىر بەزى ئايالالار ئەرلىرىگە مائاشىنى يىغىپ چاقىرغۇ ئاپپاراتى ئېلىپ بېرىدىكەن، ئاندىن دائىم «نەدە سەن» دەپ سۈرۈشتۈرۈپ تۇرىدىكەن. بارغانچە غەلىتە زاما بولۇپ كېتىۋاتىدىغۇ-بۇ.

كەچلىك بازارنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرىدىن قورقسامۇ چىداپ ئولتۇرۇپ پىۋا ئىچتىم. چۈنكى بۈگۈنكى كۈننى بىر خاتىرە كۈنى قىلىپ بېكىتىپ قويۇش ئويۇم بار ئىدى. مۇزدەك پىۋا مېڭەمگە چىقتى. مازغاپلىرىغا قاراپ سوپۇن سۈيى بىلەن ئوخشاشلىقى بارمىكىن دەپ ئويلاپ قالىمەن بەزىدە پىۋىنى.

پۈتۈم ئۆزۈمنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنماي قالدى. مانا بۇ هالاكەت. ئۆتكەندىمۇ قولۇمنى باشقۇرالماي بىرىنى ئۇرۇپ قويۇپ كۆپ جەرىمانە تۆلىگەنىدىم، كۆڭلىكى يوتىسىنىمۇ ياپالماي قالغان بىر قىز ئالدىمدا كېتىپ بارغىنىنى كۆرۈپ چاقچاق قىلىپ باقماقچى بولدۇم.

— نەگە ماڭدىڭىز؟

— ئۆزۈم خالىغان يەرگە.

خوپ بولدىمۇ، ئاغزىمغا بىر كاچات سالدىم. ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ، ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەپ كەتتى. مەن پەقەت «هازىرلا قاتار چايدىن كەلدىم مەن» دېگىنىلا ئاڭقىرالدىم. قاتار تويدىن كەلگەن بولساڭمۇ مەيلى، دەۋەتمەكچى بولۇپ، ئۆزۈمنى تۇتىۋالدىم.

«مەيلىڭىز بولسا ئەتە مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭ، كۈن بىلەن تەڭ پەيدا بولىمەن. بۈگۈن بەك چارچاپ كەتتىم تولا ئويناپ.»

يوقال دېدىم ئىچىمدە، ئۇنىڭ گېپى ماڭا بەكلا هار كەلدى. ئوينايدىغان يەر، ئوينىتىدىغان ئەر چىقماي قالغاندا ماڭا يېپىشارمىش.

ئاچقۇچنى ياتاقنىڭ ئىچىدە قويۇپ تاقاپ قويۇپتىمەن، ئىشىكنىڭ قولۇپىنى چېقىپ ئىچىشمۇ ئادەمگە غەلىبىگە ئېرىشكەندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. ئۆزۈمچە خۇش بولۇپ باقاي دەپ ئويلىدىم، كىرلىشىپ كەتكەن يوتقاننىڭ بىر يەرلىرىدىن شۇۋە يۇراپ تۇرسىمۇ، ئادەمنى ئۆزىگە تارتالايدىكەن.

ئىدارىنىڭ تېلېفونى تۈزۈلۈپ بىرىنچى قېتىم كەلگەن تېلېفون هېلىقى قىزنىڭ بولدى. ئۆزۈمنى ئۇنىڭ سۆيگۈنىدەك هېسسىياتتا سېزىپ تۇرۇپ سۆزلەشتىم.

چۈشۈمگە كىرىپ قالغىنى ئۇ ئەمەس، قاتار چايدىن قايتقان قىز ئىدى. مەن ئارزۇيۇمدىكىدەك چۈش كۆرەلمىگەنلىكىمگە قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئىككىنچىلەپ چۈش كۆرمەسلىك قارارىغا كەلدىم. هەر نېمە دېگەن بىلەن تاماڭا تاشلاپ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. ئەمدى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغان كاللامغا يېڭى ئوي-پىكىرلەرنى قاچىلاشنى باشلايمەن.

# شېئىرلار

## ئىلھامجان ئابلىز



**ئاپتوردىن:** شېئىر — رېئاللىق بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدىكى يارقىن بىر ئىمكانىيەت. ئۇنى ماڭا بالىلىق ئازابلىرىم سوۋغا قىلغان. مېنىڭ بىلىدىغىنىم ئۇنىڭ ماڭا تەئەللۇقلىقى. مېنىڭ قىلىدىغىنىم ئۇنى تەبىئەتكە قايتۇرۇپ بېرىش. مېنىڭ ئېرىشىدىغىنىم ئۇنى ئۆزلۈككە ئېرىشتۈرۈش. دەل مۇشۇ ئىستەك، دەل مۇشۇ ئارمانلار مېنى بۇ كوچىغا باشلاپ كىرگەن. مەن تېخى ھېلىغىچە ئۆزۈمنىڭ قورشاۋىدىن ئۇنىڭغا قاراپ بىرنەچچە قەدەملا باستىم. لېكىن شۇنىسى ماڭا ئايانكى، شېئىر مېنىڭ بالىلىقىم، شېئىر مېنىڭ تەنھالىقىم، شېئىر مېنىڭ رېئاللىقىم. ھەر بىر مىسرا مەۋجۇتلۇقۇمنى دەلىللەپ تۇرىدىغان بىر بەلگە. مەن ئاشۇ بەلگىلەردىن ئۆزۈمنى ئاۋۇندۇرۇۋاتقان جىمجىت ئاۋاز. ھەر قېتىم قولۇمغا قەلەم ئالغىنىمدا، ئەنئەنە بىلەن ھازىرقى زامان ئېگىز ئۇماق ئىككى بالامدەك مېنى تەڭلا قۇچاقلايدۇ، ھازىرغىچە مەن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئوخشاشلا سۆيۈپ كەلدىم. بۇ بەلكىم ماڭا نېسىپ بولغان سۆيۈشتۇر ياكى ئۆزۈمنىڭ تاللىشىدۇر. ئىشىنىمەنكى، خىلۋەتىمدىن سوزۇلغان بۇ ئىككى چىغىر يول مەن بىلەن كىتابخانلىرىم ئوتتۇرىسىدا گۈزەل بىر مۇناسىۋەتنىڭ قۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى پىچىرلايدۇ...

## ئاشىق ئارىلى

يوق بۇ يەردە شېرىن كۆز يېشى،
يوق بۇ يەردە پەرھاد كەچمىشى.
بۇ يەردە بار يالىڭاچ قۇياش،
پەرۋاز قىلغان تەنلەر ئۆركىشى...

ئېرىمەكتە بۇندا بىر بوشلۇق،
ئېرىگەندەك كۆڭۈلدە خىيال.
بەكمۇ يىراق، يىراق بىر جايدا،
ھەمراھ بولۇپ لەۋ سۇرۇقىغا،
ئېغىر تىنار ئاخشامقى ئايال.
ئالدانمىدى تۇيغۇم ئېھتىمال...

ساقلىمىدەك يىرىك قۇملۇقتا،
سىلكىنمەكتە تومۇرۇم ھەر يان.
قۇملار گويا نۇر بەرگى بولۇپ،
ئەركىلەيدۇ بەرمەك بولۇپ جان.
قاراپ-قاراپ ئۆزۈمگە ئۇزاق،
باغاشلىدىم چەكسىز ئۆزۈمنى.

كەپ باقمىغان ھېچكىم بۇ يەرگە،
بولمىغان ھەم بۇنداق بىر ئارال،
لېكىن تونۇش ئاشىقلارغىلا...

## يالغۇزلۇق

خۇدادەكلا يالغۇز قەلبىمنى،
تىمتاسلىقنىڭ قىلماقتا تارمار.
ئەڭ سەممىي سۆيگۈم ئۈچۈنلا،
ئالدىنىشقا رازى مەن تەكرار.

يالغۇزلۇقنىڭ يالغۇز قەلبىمگە،
تۆكۈلمەكتە يامغۇردەك تال-تال.
ئايان بولار بىزگە ھازىرلا،
يالغۇزلۇقنىڭ چېكى ئېھتىمال...

## بەخت ياكى بەختسىزلىككە بېغىشلاپ

يۈرىكىمنى كۆرۈشتىن باشقا،
ئويلىغۇم يوق بەخت ھەققىدە...

بەخت
رەسسام سىزغان ساھىبجامالسەن.
ھەممە ئادەم
ئېرىشمەكنى ئىستەيدۇ ساڭا.
لېكىن سېنى تونۇماس ھەرگىز،
يۈرسەڭمۇ گەر ئادەملەر ئارا.

بەختسىزلىك
سەن ھەممىگە تونۇش فورمۇلا
يېرىمى يوق پۇلنىڭ رەڭگىدەك.
ئىشەنمەيمەن، بەختسىزلىككە —
كۆز ياشلىرى بولسىلا گۇۋاھ.

ھەممە ئادەم بەختلىك ئەسلى،
ساختىلىقنى ئۇنتۇپ قالغاندا.

نىقاپلاغلىق بۇندا ھەممىسى،
لاتارىيە بېلىتىگىچە...
پەقەت يىراق، يىراق يېزىدا،
سۇلار ئاقار يالىڭاچ پېتى.

ئادەملەرنى بەختسىز قىلار،
كەچمىشلەرنىڭ ساختا ھەسرىتى.

ساختىلىقىم قايتىپ كەل، قايتىپ،
بەخت تىلەپ قىلمىغىن قەغىش.
ئەنە، تۇرار بەخت روبىرو،
تەشتەكتىكى گۈلدەكلا رايىش.

گۈزەل ھەسرەت سۆيۈپ تۇر مېنى،
مەن بەختنىڭ قاچقانىغا قەدەر.
بەخت ھەممە،
بەخت دېگەننى،
تەرجىمانسىز چۈشەنسەك ئەگەر...

## ئۇنتۇلغان بۇلۇڭ

ئابدۇقادىر جالالىدىن

نەملىككىنى بىر سەھەرگە ئايلاندۇردۇق بىز
قۇلۇلە قېپىدا ئېزىپ قالغان

ئۇ يەردە
ئېزىتقۇ شەھەرلەرنىڭ قورشاۋىدا
تاش چېچەكلىرى كەبى بوي سوزماقتىسەن
يۈكسىلىشلىرىڭ يىلتىزىڭنىڭ روھىغا ھەمراھ
يىراقلاپ ئېقىۋاتقان بىر بۇژغۇن ئاسمان
نىگاھىڭنىڭ بىپايان پەرۋازى ئارا
تىخىچە ئاۋازىڭدا بىز
ئاۋازىڭدا شەكىلسىز تەن گۈلخانلىرى
چىڭقى چۈشلەردە
تەنھا مۇنارلارنىڭ ئەستەكلىرىدە
ئۆچكەن يوللار بەلگىسىنىڭ رىتىملىرىدە
تۇغلارنىڭ كۆپۈپ كەتكەن خادىسى كەبى

ئاۋازىڭ مانا بۇگۈن ئەينەك تالقىنى
سۆزۈكلۈكتە مەنىسىگنى تارتقان
يۇمشاقلىقى دولقۇنىڭغا سادىق بىر تەقلىد
ۋاھىغا يەتكەن چېقىلىشنىڭ يالدامىسى ئۇ
سۇنۇق ھالدا كۆرسىتىدۇ پۈتۈن ئاسمانىنى
تۇگىلەرنىڭ پەنجىسى
چوڭقۇرلۇقىدا
كەتتى ئەمدى ئايلىنىپ خادا تاشلارغا
ئاۋازلىرىڭ نەق بىزگە
دولقۇنىڭنى تومۇزلاردىن قوروپ چىقتۇق بىز
نەملىكلىرىڭ ئاينىڭ كۆكۈش شەربىتى كەبى
مۇقام پەرۋازىنىڭ يەلپۈشلىرىدە
بىر سالقىن سىياقىدا كەزمەكتە جاھان
ئوت بىلەن يېزىلماقتا قوشنىڭ ئۆكسۈشى
ئوت بىلەن سىزىلماقتا دېڭىزنىڭ ھۆسنى
ئوت بۇ يەردە ئورتاق بىر تىل
چۈشىنىمىز پويىزنىڭ گۇدۇكلىرىنى
ئالدىراش كۆيۈۋاتقان گاز يالقۇنىنى
رېلىسلاردا يالترايدۇ بىزنىڭ تىلىمىز
پىتنالماس قار
تۇرۇپ قېلىشقا
ئۇنى قالار جىسمى كېتەر ئۇكيانغا
شۇندىن بېرى ئۇكيانلاردا يېلىنجاشلار
كۆچكەن كەبى شامان دەۋرى دېڭىزلار تامان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەسرلەرنى ساناپ چىقىش تەس ئەمەس زىنھار
قۇملار شاھىد بولسا دەقىقىلەرگە
دەقىقىلەر ئۆركىستىرنىڭ سۇنايلىرىدىن
چىقىپ ئاستا قونار ئىدى ئەسرلەرگە
بوۋاي بولۇپ چىقىپ كەتتى بوسۇغلاردىن
ئۇسسۇلچىنىڭ جىلۋىسىدە ئۇنتۇلغان بالا
چېقىلدى دەقىقىلەر
يامراشلىرى ئەسرلەرنى تاشلىدى تېتىپ
مەڭگۈلۈككە يۈزلەندۈردى دېڭىزلارنىمۇ
سوغۇق ئالقان ئۇچۇمدا قايىنتىپ

ئانتىنلار شۇنچە يىراق
قوڭغۇراقنىڭ ئۈنلە شلىرىدىن
موخۇركا پۇراقلىرى تارقىلار بىردىن
ۋىجىك يامغۇر ئەرۋاھىنى يۇدۇپ كوچىدا
دەقىقىلەرنىڭ پارتىلاشلىرىدىن
ئېغىر تۇمان
يۇلتۇزلارنى قىلماقتا زۇكام
دوقمۇشلاردىكى ئامالسىز مۇنەججىملەر
تۇز سۈيىدە چايقىماقتا سۆڭەكلىرىنى
ئانتىنلار شۇنچە يىراق
مەيلىرىمىزنىڭ ئىسيانلىرىدىن
تونجۇققان قارلىغاچلارنىڭ جەسىتىدىن
سۆزلەر ساھىلى
ئىسلىرىغا توشۇپ كەتتى بىراك ماللارنىڭ
سەھىپىسىدە قىپقىزىل ماۋزۇ
ئوردىنىدەك بىلىنگەن
يۇلتۇزلارنىڭ تېرىسىدەك گىرزىتلەرنىڭ
مۇملاردىن سىلجىۋاتقان سىيالار
تۇلپارلار چەشمىسىگە خوش دېيىشمەكتە
جىمىقماقتا مەنىلەرمۇ زاۋال قۇشلىرىدەك
شاخلار يىشىللىقا ھامىلدار چاقماق
مۇگدەشلەردە ئاسماننىڭ رەڭگى
پەرۋاز ئارمان ھالىتىدە تاغ كۆلەڭگىسىدە
ئۇندەشلەر
قانلارنىڭ ساقىشىدىن تۆرەلگەن ئەسلى
شوڭلاشقا سىيالار قىزىل

شۇڭلاشقا سورۇلغاندا چاقنار مەنگەنلەر
شۇڭلاشقا كۆكتات بازىرىدا ئۆچرەتتە بىز
تىترەڭگۈ شەبنەملەرگە ئوخشار تىلىمىز
تۇپراقلارنىڭ سەبرىسىگە يۈزلەنگەنچە
تاڭ گىردابىدا شۇڭلاشقا
شەپىمىزنى يۇتۇۋېتىپ ئاستا ئاقىمىز.

يىراقتىكى دەرەخ ئاستىدا
ئىسمىمىزنىڭ كۆيۈشلىرى شۇنچە بىپايان
سىڭمەكتىمىز كۈيلەۋاتقان نەپەسلەرگە
تۇنەيمىز قوزۇقتىكى قومۇش نەي ئىچرە
سازلىقتىكى سۇ يۈزىنى يەلپۈيمىز گاھى
تەرگە ئايلىنىمىز ئەمچەكلەردە
بىز شۇنداق يازدۇق
نيۇ-يوركتىن خېلىلا يىراق بىر جايدا
سۆزلەيمىزكى سۆزلىرىمىز يىپەكلەرسىمان
قۇياش مەپسىگە يوپۇقلارسىمان
كۆزلەرگە تېرىلغان ئۇرۇقلارسىمان
شۇنداق ئوقۇدۇق
كېلىشىم ئۈستىلىدىن يىراق بىر جايدا
ھېرىپ قالدۇق ھەرپلەرنىڭ ئورمانلىرىدا
سىزىقلار كېسىلگەن
كەپىدىن يىراق
نىگاھىمىز شاخلارنى بويلاپ
ھاۋالارغا سىڭەلمەستىن ھالسىراپ
تۆكۈلدۇ ئۈستىمىزگە غازاڭلارسىمان

تونۇردا قۇياش
نانلىرىمىز قۇياشقا شۇنچە ئوخشىغان
قۇچار ئۇنى سان-ساناقسىز تەنها سەپەرلەر
مېھنەت شارقىراتمىسى
قۇچار ئۇنى ئاۋايلاپ
بىزدىن يۈز ئۆرۈگەن پەرىشتىلەرمۇ
مەركىزىمىز ئالقۇنلار سىياق
ئىشكىلەرگە بەنت بولغان سەپەرلىرىمىز
مەيدانلاردا ئىقلىملارنىڭ مۇراسىملىرى
تالىپلارنىڭ ئايىغىدا پەشتاقلار

ئۇلارنىڭ ھالىتىدەك قوتۇپلار سايان
ئۇلارنى قونۇپ ئېرىپ كەتكەن يوپيورۇق كۆلدە
ئىككى غوچىنەك كۆڭلىمىز ئايان

ياغۇنچاقلار كۆچ بىلەن ئەمەس
ئالىمنىڭ پەسىللەرنىڭ ناخشىسى بىلەن
تەقدىر چەكسىزلىكى يالىغاچ ئاخشام
ئېچىرقاشسىن كەتكەن ھالسىراپ
باشلىنىشلاردا!
ئۆگۈلمەكتە قويىندىكى مەرۋايىتلىرى
ياغۇنچاقلار توققۇز قات ئاسمان
ئەۋرىشىمدىن قۇيۇلار زامان
ئايرىم ئەمەس تەقدىر بىلەن مەڭگۈلۈك ئەسلى
بۇ ئۇرۇسدا جىم تۇرغان كارۋان
پىرقىرايمىز ئېرىپ كەتمەي ئۆلۈم ئاغزىدا
چەۋەندىمىز جۇغلىنىدۇ دەقىقىلەردە.

1995-يىل ماي، چاڭچۈن.

# ئىككى شېئىر

## مۇسا ئەھەت

### يۈرىكىمگە كىردى كىم مېنىڭ؟

ئەرۋاھ شەپىسىدەك بىر سىرلىق تاۋۇش،
روھىم ئۆزرە كۆتۈرەر غەليان.
يۈرىكىمگە كىردى كىم مېنىڭ؟
يا تۇماندا ئازغان غېرىب قۇش،
ۋۇجۇدۇمدىن ئىزلەپ پاناھلىق،
كەلگەنمىدۇ ئىزلەپ بىر تال دان؟

بوران ھۇۋلار ماكانلاشقان كۆك،
چايقىلىدۇ دولقۇن ئەۋجىدە،
ئېزىپ قالغان نامەلۇم يەلكەن.
يۈرىكىمدە يۈرەر كىم مېنىڭ؟
دېڭىزدىكى يەلكەن تەقدىرى،
روي بەرگەنمۇ ياكى قەلبىدە؟

يوق ھېچنېمە باقسام ئۆڭدەرەپ،
ئەرۋاھ يا قۇش، مۇساپىر يەلكەن.
كۆزنەكلەردىن ئاي سۇنار سەدەپ.
قانداق ھال بۇ ۋە قانداق قىسمەت،
چۈشلىرىمدىن گۈل ئۈزگەن ھۆرنىڭ،
كەلگەنمۇ يا ئۇچۇپ لەۋلىرى،
يۈرىكىمنى قويغىلى بەزلەپ؟



## قايتىش

بىر كەپەم بولسا ئۆزۈم ياسىغان،
ھېچكىم بىلمەس خىلۋەت ئورماندا.
ئىپتىدائىي قەدىم ھۇر ئاھاڭ،
كېپىنەكتەك ئۇچسا سابادا.
زۇمرەت كەبى سۇلار ئالدىمدا،
بىر خىل رەۋىشتە ئاقسا شىلدىرلاپ.
بۈككىدە ئورمان، ئۇندا ھەر خىل قۇش،
تۈمەن ئاھاڭدا توكسە قەسىدە.
يېپەكتەك مەيىن نۇر ھالقىلىرى،
تۇرسا جىلمىيىپ سۈزۈك كۆكتە.
بىلىق كۆكسىدەك كەلسە ئاقىرىپ،
قار مەلىكىدەك قۇتلۇق ھەر سەھەر.
داغلاردىن خالىي چوققىلار ئۆزرە
گۈلگۈن، قىزغۇچ كەچكى شەپەقمۇ،
ئاپئاق پەرەڭگە چۈمكەلسە تۇتاش،
قۇياش ئالەمگە تۆككەندەك ئاق زەر.
ئاق قىرولاردەك تۇرسا كۆز چېقىپ،
گۈل-گىياھ، تاللار قوينۇق ئورمانمۇ.
ئوخشىسا ھۆرلەر ئاق ئىگىنىگە،
يامغۇردىن شەپە بەرگەن تۇمانمۇ.
ئېخ، بۇ يەر قانداق خىلۋەت ئارامگاھ،
پەقەت شائىرنىڭ ئوي-خىيالىدەك.
بۇ يەردە ھايات خۇددى ھۆرلەرنىڭ،
چۈشلەردە تۇنەپ ياتقان خۇلقىدەك
ئاڭلىسام بۇندا سادا، غەرەزسىز،
قەلبىمنىڭ يۇتكەن كۆلكىلىرىنى،
كۆرسەم ۋە روشەن چېگرا-قاشاسىز،
كۆنىنىڭ يوگەنسىز جىلۋىلىرىنى.

## جاراھەت

### ئەسقەر ياسىن

يۇلتۇزلار تۇركۇمى سىرلىق ۋە سوغۇق،
ئۇچىدۇ كېچىنى سۆيۈپ پەرىشان.
ئۇلارنىڭ دولقۇنى ئىگرايدۇ ھالسىز،
تېنىنى سىلايدۇ غايەت زور ئالقان.

كىرمىدىڭ تېخىچە جۈملە ئىچىگە،
تىكلەندى تېنىمدە بارچە ئىستىكىڭ.
ئەركىسىز، نىشانسىز، نازۇك ۋۇجۇدسەن
مەستخۇشتۇر شۇ قەدەر لەززەتلىك تېنىڭ.

يول قېنى؟ بارمىكىن مېڭىشقا ئىمكان؟...
تەھدىتلىك غايىدىن بولمىدىم يىراق.
قەلبىمنى ھەسرەتكە سالىدۇ چەكسىز،
لەۋلىرى ئۇمچىيىپ تۇرغان شور تۇپراق.
قەيەرگە تەگدىكىن ئوۋچىنىڭ ئوقى،
نۇردۇر ئويۇقنىڭ جاراھەت ئىزى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىگانە شەنبە

## ئابلىكىم ھەسەن

بويۇن قىسىپ تۇرغان شامالنى
چاقىرمىدىم ياتاقتا،
دېرىزەمنى تىرىقشىتسىمۇ.
جىمجىتلىقىم ناخشا ئېيتماقتا،
تىڭشىغۇملا كېلىدۇ شۇنى...
بوتۇلكا،
ناز كۆلكە،
گۈگۈمدىكى سەيلىگاھ
شۇتاپ نېسىپ بولارمۇ ماڭا؟
سارغۇچقىنا بارمىقىم،
يەنە بىرنى ئوراۋېتەيا.
ئىچ-ئىچىمنىڭ بىر يەرلىرىگە
كىرىۋالغان شەنبە كۆڭلۈك زېرىكىشىمنى
چەمبىرەكلەپ ۋە يەنە ئۆرتەپ
ئىسلار بىلەن پۈركۈۋېتەيا!

بەلكىم،
ئۇمۇ ئالبۇمغا قاراپ
شەنبىمىزنى ئىزلەۋاتقاندۇ؟
يا سىرىنگۈل ئاستىدا
سايىسى مېنىڭدىن ئۇزۇن بىرىگە
خۇددى ماڭا پىچىرلىغاندەك
شۇنداق تاتلىق پىچىرلاۋاتقاندۇ؟..
شەنبە،
كەلسەڭ ئىدى يېنىمغا يۇرتۇم!
تاش ئالمىلىق باغلىرىڭ ئىچىرە
يالغۇزلۇق يۈگۈرسەم دەيمەن!
باغ ئۈستىنىڭ قاۋاشلىرىدىن،
ئالمىلارنىڭ توكۇرلىشىدىن
بۇ لەنجۇنىڭ شەنبە كۈننى
پاك-پاكىز ئۇنتۇسام دەيمەن!

# ئىككى شېئىر

## زۆھرەگۈل ئەخەت

### تىرىلىش

ئېھ، ھەقىقىي تىرىلىش ئۈچۈن
ئۆز-ئۆزۈمنى يېڭىشىم كېرەك.
ئۈمىدسىزلىك قىلما مەھلىيا
ئەڭ سۆيۈملۈك يېقىن كىشىمدەك.

تىترىمەيدۇ سوغۇق قوللىرىم،
يۈرىكىمگە خەنجەر تەگلىسەم.

ئۆز-ئۆزۈمدىن ئالىمەن قىساس،
كاج تەقدىرىم سېنى يەڭمىسەم.

توزۇماقتا كۆزۈمدە كېچە
ئازاب بىلەن يۈرىمەن ئۆچۈپ.
كۆيۈۋاتقان خىياللىرىمغا
سوغۇق كۈلۈپ نەپرەتلەر ئوقۇپ...

# شەيتان لىرىكىسى

مەن ئىنسانمۇ ياكى پەرىشتە
يا ئەزرائىل، مۇقەددەس خۇدا...
بىلىپ تۇرۇپ ئازدۇرغىنىڭنى
چىن دىلىمدىن بولدۇم مەھلىيا.
قاچان كىردىم كۆيۈك شەھەرگە،
خۇرسەنمەن چىقىپ كېتەلمەي.
ھىلال ئايغا ئوخشايسەن بەخت
سەرسانمەن، قوغلاپ يېتەلمەي.
تون كۆزىدە ئۇلغايغان قۇياش
مەجنۇنتالسەن چۈشۈم پەسلىدە.
ئۇچماقتىمەن قاناتسىز ساڭا
يالقۇنلىغان دېڭىز ئۈستىدە.

كەچۈرمەيمەن ئۆزۈمنى مەڭگۈ
سوغۇققىنە ئىنتىلىپ ساڭا.
ۋاز كېچىپ ھەم تاتلىق ئۇمتۇلۇپ.
كۆز ياشلىرىم لىق تولغان قەدەھ
پىچىرلايدۇ مەيىن شامالدەك،
ئۆز-ئۆزۈمگە تەڭلىدىم كولۇپ.

## كېلەر ساندىكى بەزى مۇھىم ئەسەرلەر

**مۇسكۋا خىياللىرى** (داۋامى) ...نەبىجان تۇرسۇن

ئېلان قىلىنىش بىلەنلا، ھەرقايسى ساھەدىكى كۆپلىگەن كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان ھەمدە بىر مەيدان قىزغىنلىق پەيدا قىلغان بۇ ئەدەبىي خاتىرىنىڭ داۋامىدا، ئاپتورنىڭ چەت ئەلدە كۆرگەن-بىلگەنلىرى، ئاڭلىغان، ھېس قىلغانلىرى ئاساسىدا زامانىۋى مەدەنىيەت پەللىسىدە تۇرۇپ خەلقىمىزنىڭ بەزى ئارتۇقچىلىرى، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ نۆۋەتتە جىددىي تۈزىتىشكە، يېڭىشقا تېگىشلىك ئەجەللىك ئاجىزلىق ۋە يېتەرسىزلىكلىرى تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

**ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن سۆھبەت** (سۆھبەت خاتىرىسى)

بۇ سۆھبەت خاتىرىسىدە، ياش شائىرلارنىڭ مەرھۇم شائىرىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى ئەينەن خاتىرىلەنگەن بولۇپ، «ئويغانغان زېمىن»، «ئىز» رومانلىرى، پروزا بىلەن شېئىرىيەتنىڭ، تارىخىي رومان بىلەن ھازىرقى رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى... قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە كەڭ ۋە مول بىلىملەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

**ئۇلارنىڭ تىنىقى ھەممىدىن ئۇلۇغ** (ئەدەبىي ئاخبارات) ... ئەركىن روزى

جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا خەلق زىممىسىگە يۈكلەنگەن قانۇنسىز باج-سېلىقلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئارتىپ كېتىشىدەك ئىجتىمائىي ھادىسە ئەمەلىي مول پاكىتلار ئارقىلىق دادىل ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىر كىتابخاننى بۇ خىل قاتمال ھادىسىگە خاتىمە بېرىشنىڭ كونكرېت يوللىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا ۋە ئىزدىنىشكە ئۈندەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

# گۈزەل دىيارغا سەپەر

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئاڭلىشىمچە، ئامېرىكىلىقلار ئۆز تەۋەلىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ باي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، «ئامېرىكىنىڭ پۇلى يەھۇدىيلارنىڭ يانچۇقىدا» دەيدىكەن. بۇ بىر جۈملە سۆز ئادەمنى ئىختىيارسىز چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ باي دۆلەت ئامېرىكىنىڭ شۇنچىۋالا جىق پۇلى قانداقلارچە ئامېرىكىدىكى شۇنچە ئاز يەھۇدىيلارنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ قالىدۇ؟ ئامېرىكىدا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ تۆت پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدىغان يەھۇدىيلار ئارىسىدىن چىققان مىليونېرلار نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا جىق؟ ئىنسانىيەت تارىخىدا غايەت زور روللارنى ئوينىغان ۋە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان ھېنرىخ ھېينى، بىتخوۋېن، ماركس، فروئىت، سېمېنىخوف، سپىنوزا، گېنسوربىلىن، چاپلىن، ئاللانپوئى، پىكاسو، ئېينىشتېين قاتارلىق مەشھۇر ئالىم، سىياسىيون، سەنئەتكارلارنى يېتىشتۈرگەن يەھۇدىي مىللىتى بۈگۈنكى كۈندە ھېچقانچە تەبىئىي بايلىقى بولمىغان ئىسرائىلىيىنى قانداق قىلىپ دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگۈزەلىدى؟

بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى پەقەت بىرلا: يەھۇدىي مىللىتى مائارىپقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار «ۋەتىنى يوق ئادەمنىڭ مال-مۈلكى ھەر ۋاقىت بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچراش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ، لېكىن بىلىم ۋە ھۈنەر مەڭگۈ تۈگىمەس بايلىقتۇر» دەپ قارايدۇ. شۇڭا پەرزەنتلىرىگە ئىلىم ھەم ماھارەت ئېگىلىتىش يولىدا خانىۋەيران بولۇپ كېتىشتىنمۇ قورقمايدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ مائارىپقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، بىلىمنى قەدىرلەش ئېڭى، مەرىپەتنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسى ئۇلارنىڭ دۆلەت سىياسىتىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا ئىسرائىلىيىدە ئىختىساس ئىگىلىرى تۈركۈم-تۈركۈملەپ مەيدانغا كېلىپ، بۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن ھەمدە دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا يەھۇدىي مىللىتىنىڭ نوپۇزىنى ئۆستۈرگەن.

يەھۇدىيلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، مائارىپ تەرەققىي قىلغان مىللەتنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، ئېرىشكەن ماددىي ھەم مەنىۋى بايلىقى مول، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى زور بولىدۇ.

بۈگۈنكى ۋەتەندە ئۇيغۇرلارنىڭ سۈپىتى، مائارىپ ئېڭى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر ئۇيغۇرلار داڭلىق، ئەقىللىق، مەدەنىيەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر دېسە، بەزىلەر ئۇيغۇرلار نادان، قالاق، ئەخمەق، ئاڭسىز مىللەت دېيىشمەكتە. مېنىڭچە، بىر مىللەتنىڭ ئىچىدىكى ئاڭسىز، قالاق، نادان، ئەقىلسىز كىشىلەرنىڭ ئىللەتلىرىنى كۆرۈپلا، پۈتۈن مىللەتنى چۈشكۈرۈش، قارىلاش، ھەتتا ھاقارەتلەشنى ھەرگىزمۇ ئاقىلانىلىق دېگىلى بولمىسا كېرەك. مىللەتنىڭ ئىللىتى شۇ مىللەتنى ھاسىل قىلغان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئېتىدىغانلىقى راست، بۇ خىل ئىللەتلەرنى

كۆرمەي، ئىتراپ قىلماي، تۈزەتمەي تۇرۇپ، مىللەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولمايدىغانلىقىمۇ راست، لېكىن مىللەتنىڭ ئىللىتىنى تۈزىتىش يولىدىكى ھەرقانداق ئۇرۇنۇش مىللىي ئىنكارچىلىق ياكى ئۈمىدسىزلىك خاھىشىغا ئايلىنىپ قالسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېچىنارلىق بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر بىزنىڭ ئارىمىزدا مىللەتنىڭ ساپاسىنى، مائارىپ ئىگىنى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش يولىدا ھەقىقىي تەر ئاققۇزۇۋاتقانلار، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقانلار، باش چۆكۈرۈپ ئەمەلىي ئىش قىلىۋاتقانلار ئاز ئەمەس. پاكىتلار مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىگى كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈۋاتقانلىقىنى، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، تۈرتكە بولۇۋاتقان، مىللىي مائارىپقا ماددىي ھەم مەنىۋى جەھەتلەردىن خالىسانە ياردەم بېرىۋاتقان مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

گۈزەللىك ئالدىمىزدا گويا يۇمران غۇنچىلاردەك جۇلالىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى چەيلىۋېتىش قەستىدە بولۇۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئاشۇ غۇنچىلارنى ھارام چۆپلەر قاتارىدىن يۇلۇپ تاشلاش بولماستىن، بەلكى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن پەرۋىش قىلىپ، ئاسراپ، ۋايىغا يەتكۈزۈش، دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان غۇنچىلارنى ئېچىلدۇرۇپ، ئىنسانلار ئارىسىغا گۈزەللىك ئۇرۇقى چېچىش مىللەتنىڭ ساپاسى، ئىستىقبالى ھەققىدە قۇرۇق گەپ ساتقاندىن كۆپ ئەۋزەل.

مەن يېقىندا كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىختىيارسىز لەرزىگە سالىدىغان ئاجايىپ گۈزەل بىر دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆز نەزەر دائىرەمنىڭ خېلىلا تار ئىكەنلىكىنى، يۇرتىمىزدا بىز بىلمەيدىغان يېڭىلىقلار بىلەن بىزنىڭ يورىتىپ بېرىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئەھمىيەتلىك تېمىلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

بۇرۇن بەزى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن تىجارەتچى، سودىگەرلەر قىزىلكۆز بولىدۇ، ئۇلار بىرىنىڭ دوپپىسىنى يەنە بىرىگە كىيگۈزۈپ يۈرۈپ پۇل تاپىدۇ. پۇلنى كۆرسە، دادىسىنى سېتىۋېتىشتىنمۇ يانمايدۇ دېگەندەك گەپلەرنى پات-پات ئاڭلاپ قالاتتىم. مەن ئوقۇغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ تىجارەتچى، سودىگەرلەر كۆپىنچە سەلبىي پېرسوناژلار سۈپىتىدە تەسۋىرلىنەتتى. لېكىن مەن غۇلجىدا كۆرگەن ھەم ئاڭلىغان ئاجايىپ تەسىرلىك ۋەقەلەر بۇنداق ئېيىپلاشلارنىڭ ئىنتايىن بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى، سودىگەر، تىجارەتچىلەرنىڭ ئارىسىدا ئالتۇنغا بەرگۈسىز يىگىتلىرىمىزنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى ماڭا يەنە بىر قېتىم تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدۇردى.

1994 — 1995-يىللىرى غۇلجىدا بىرقانچە تىجارەتچى بىلەن تونۇشۇش، سىردىشىش، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بۇ يىگىتلەرنىڭ بىيىغان چاغدا مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى، ئەۋلادلارنى، يېتىم-يېسىر، يوقسۇل پەرزەنتلەرنى ئۇنتۇپ قالماي، ئۇيغۇر مائارىپىغا ئاڭلىق ھالدا نۇرغۇن مەبلەغ سالغانلىقى مەندە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى.

1994 — 1995-يىللىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ مىللىي مائارىپ تارىخىغا ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئىككى سەھىپە قېتىلدى. بۇ شانلىق سەھىپىنىڭ بىرىنچىسىنى 1994-يىلى ئابلىمىت ھاجىم خالىس قاتارلىق بىر تۈركۈم مەرىپەتپەرۋەر ياش تىجارەتچىلەر بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ، غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتىنى قۇرۇشتەك ئۆچمەس تارىخىي تۆھپىسى ئارقىلىق ئاچتى.

غۇلجا شەھەر شەرق مەھەللىسىدىكى يەككە تىجارەتچى ئابلىمىت ھاجىم خالىس مىللەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى كۆپلەپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرمىسە بولمايدىغانلىقىنى، ئەمما نۆۋەتتە مائارىپ راسخوتى بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدا خېلىلا زور پەرق مەۋجۇتلىقىنى، بەزى ئۆسمۈر-باللارنىڭ ئوقۇش راسخوتى يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قېلىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭدەك بەزى ياشلارنىڭ ئالىي

مەكتەپلەرگە، چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1994-يىلى 7-ئاينىڭ 20-كۈنى غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى ۋە ئۆز يېنىدىن 400 مىڭ يۈەن چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. غۇلجا شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئالىيجاناب خىسلەتكە ئىگە بۇ ياش تىجارەتچىنىڭ خەلقىمىزنىڭ مائارىپىنى، مەرىپىتىنى قەدىرلەشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەندى ھەمدە ئۇنى قىزغىن قوللاپ، 1994-يىلى 9-ئاينىڭ 12-كۈنى ئۇنىڭ تەكلىپى ھەققىدە تەستىقى يوليورۇق چۈشۈردى ۋە ئۇنىڭغا قانۇنىي رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بەردى. مەرىپەت يۇلتۇزلىرى ئۈزلۈكسىز چاقناپ، ئىلىم-پەن ئەھلى ئەتىۋارلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ خاسىيەتلىك زېمىندا دۇنياغا كەلگەن مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى ئاخىرى غۇلجا شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاش ئورنىدىن گۇۋاھنامە ئالدى...

«پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە» دېگەن گەپ بار. چۈنكى ھالال تەر تۆكۈپ، پۇل تاپماق ئوڭاي ئەمەس. پۇل تېپىش يولىدا نى-نى جاپا-مۇشەققەتلەرنى چېكىشكە، زور خەۋپ-خەتەر ھەم قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە، ئېغىر ئازاب، ئاچچىق ئەلەم ھەم خاپىلىقلارنى تارتىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق مىڭ تەستە قولغا كەلگەن شۇنچىۋالا جىق پۇلنى قىلچە ئىككىلەنمەي مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئاتىغان ئاڭلىق ئەزىمەتلەر بىزنىڭ پەخرىمىز. خەلقىمىز شان-شەرەپ گۈلىنى ئەزەلدىن ئاشۇنداق پىداكار پەرزەنتلەرگە تەقدىم قىلىپ كەلدى، لېكىن بەزىلەر مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا كۆيۈنۈۋاتقان ئاشۇ مەرىپەتپەرۋەر يىگىتلەرگىمۇ ھەسەت قىلىشىپ، ئۇلار شۆھرەت قازانماقچى بولۇۋاتىدۇ دەپ كۈتۈلداشنى [illegible] ئۇلار تارىخ بېتىدە ئۆزلىرىنىڭ خالىسانە تۆھپىسىنىڭ ئىزلىرى قېلىشىنى ئارزۇ قىلغان بولسا، بۇ[illegible] نېمىسى يامان؟! مېنىڭچە، بۇنداق شۆھرەت قازىنىش ئىگىسىنى قەدىرلەش كېرەك. ئەگەر مۇشۇنداق ئاڭ بىزدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسا، ئۇيغۇرلار ھازىرقىدىنمۇ مول تارىخىي تۆھپىلەرنى ياراتقان، ھازىرقىدىنمۇ يۈكسەكرەك شان-شۆھرەتكە ئېرىشكەن بولاتتى.

ئابلىمىت ھاجىم خالىس ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى قۇرۇشقا نېمىشقا شۇنچە قىزىقىدۇ؟ ئۇلارنى مۇشۇنداق خاسىيەتلىك ئىشنى قىلىشقا يېتەكلىگەن مەنىۋى كۈچ زادى نېمە؟ ئابلىمىت ھاجىم خالىسنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىزنى بۇ سوئاللارنىڭ توغرا جاۋابى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىر يېرىم يېشىدىلا ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ بوۋىسى مۇھەممەت ھوشۇر ھاجىمنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئابلىمىت ھاجىم خالىس بىلىمنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى، ئىلىم-پەن ئىگىلەشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى جەنۇبىي دېڭىز ياقىسىدىكى تەرەققىي قىلغان رايوندا سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن چاغلىرىدا تېخىمۇ روشەن ھېس قىلدى. تۇرمۇش قايىنىمىدا خېلىلا پىشقان 20 نەچچە ياشلىق بۇ يىگىت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە تىجارەتكە بارغانلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغانلارنىڭ ئوقەتنىڭ تېز يۈرۈشۈپ، تىجارەت يولىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى جىقراق پۇل تېپىش ئۈچۈنمۇ تىل بىلمىسە، ئىگىلىگەن بىلىملىرى مول بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاپەتلىك يىللاردا بىلىم ئىگىلەش، جۈملىدىن تىل ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن ئەسلىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپرەك پۇل تېپىپ، ئۆزىگە ئوخشاش تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە قالغان ئۆسمۈر-بالىلارنىڭ بىلىم ئېلىشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت يۈكسەك ئارزۇ ئۇنىڭ قەلبىدە بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. 80-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە

ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇ مۇشۇنداق ساپ ئارزۇ بىلەن 30 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇلنى ئېلىپ، غۇلجا شەھرىدىكى نوپۇزلۇق، پېشقەدەم مائارىپچىلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئۇلارغا ئېيتتى. قىممەتلىك ھاياتىنى ئۆسمۈر-بالىلارغا بىلىم بېرىشتەك ئۇلۇغ مېھنەتكە بېغىشلىغان بۇ ئاق كۆڭۈل تەربىيىچىلەر ئابلىمىت ھاجىم خالىس ۋۇجۇتقا چىقارماقچى بولۇۋاتقان خاسىيەتلىك ئىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا زور ئىلھام بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇنداق چوڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنىمۇ ئېيتتى. پېشقەدەم مائارىپچىلارنىڭ قىزغىن قوللىشى ھەم سەمىمىي مەسلىھەتى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇ تىجارەت دېڭىزىغا يەنىمۇ چوڭقۇر شۇڭغۇپ، كۆپرەك پۇل تاپقاندىلا، ئۆزىنىڭ گۈزەل ئارزۇسىنى جەزمەن ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمى تېزلىتىلگەن يىللاردا رايون ئاتلىماي تۇرۇپ، تىجارەتنى دېگەندەك يۈرۈشلەشتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇپ يەتكەن ئابلىمىت ھاجىم خالىس سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش تەكىتلەنگەندىن كېيىن، پاكىستان، ئىران، ئىراق، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقىپ سودا تورىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئانىسى بىلەن بىللە ھەج پائالىيىتىدە بولدى. سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ مائارىپ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى ئۇنى ئېلىمىزنىڭ ئىچكى دېڭىز ياقىلىرىدا كۆرگەنلىرىدىنمۇ بەكرەك تەسىرلەندۈردى. ئىسلامئاباد، باغدات، تېھران، ئىستانبۇل، مەككە قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەردىكى تەرەققىيات ھەم يېڭىلىقلار ئالدىدا ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، پىكرى چوڭقۇرلىشىپ، ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق خىيال باسىدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ يادىغا بىردىنلا بۇرۇن غۇلجا شەھرىدىكى ئايخان مەكتىپىدە ئوقۇپ، كېيىن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن بىرەيلەننىڭ يېقىندا ئايخان ئانىنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ، ئانا مەكتىپىگە سوۋغا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت تەسىرلىك ۋەقە كەلدى. ئۇ، بىز بىلەن بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا يەنىلا مائارىپ سەۋىيىسى جەھەتتە خېلىلا زور پەرق مەۋجۇتلىقىنى، ئۇ دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنىڭ مائارىپ ئېڭى بىزدىن زور دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى روشەن ھېس قىلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىردىنلا ئايخان ئانىنىڭ ئۇلۇغ ئوبرازى نۇرلاندى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆلپەتلىك زامانىدىمۇ مائارىپقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئاتىغانلىقى، مائارىپنى ھەممىدىن مۇھىم بىلگەنلىكى بۇ مەرىپەتپەرۋەر ياش يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىختىيارسىز لەرزىگە سالدى.

راست ئەمەسمۇ، غۇلجىدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس زېمىندا ئۆتكەن مەشھۇر مائارىپچىلار، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئازمۇ؟! دۆڭ مەھەللىدىكى روشەن مەكتەپ (ھازىرقى 5-باشلانغۇچ مەكتەپ)نى غېنى ھارۋىكەش، شەرق مەھەللىدىكى شەرق مەكتەپ (ھازىرقى 11-باشلانغۇچ مەكتەپ)نى سىپتۇۋالدىباي، ناغىرچىدىكى ناغىرچى مەكتەپ (مۇرات مەكتەپ)نى ئىبراھىم كېمچى، تاجىۋاي كوچىسىدىكى تائالىيە مەكتەپنى ئابدۇمۇتائالى خەلپەم بىلەن ئاتابەكرى ھاجىم، ئايدىڭ مەھەللىسىدىكى ئايدىڭ مەكتەپ (ھازىرقى 10-باشلانغۇچ مەكتەپ)نى جۇماخۇن ھاجىم، ئاغۇ مەھەللىسىدىكى ئاغۇ مەھەللە مەكتىپىنى مەتقۇربان ھاجىم، ئىمىناخۇن ھەم توختاخۇنلار، شەھەر ئىچى مەكتەپ (3-باشلانغۇچ مەكتەپ)نى بېشىرھاجىم، ئايخان مەكتەپ (خەيرىيە مەكتەپ)نى بېشىرھاجىمنىڭ سىڭلىسى ئايخان، ئىلى مەكتەپ (3-ئوتتۇرا

مەكتەپ)نى مامۇت ھاجى، قارا دۆڭ مەكتەپ (ھازىرقى 14-ئوتتۇرا مەكتەپ)نى ياردەم شىركىتى، ھەرەمباغ مەكتەپ (ھازىرقى 9-باشلانغۇچ مەكتەپ)نى ئوسمان كېۋىر، ئۈمىد مەكتەپ (ھازىرقى 2-ئوتتۇرا مەكتەپ)نى ھۈسەيىنبەگ يۇنۇسوۋ سالدۇرغانلىقى ئۆچمەس تارىخىي پاكىت سۈپىتىدە مىللىتىمىزنى، ئىلىم-پەننى، مائارىپنى قەدىرلەشكە ئۈزلۈكسىز ئىلھاملاندۇرۇپ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قەلبىدە ئەجدادلاردىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا مەرىپەتپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى تارقىتىپ كەلمەكتە. مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر بېشىرھاجىم 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا غۇلجىدا ئاچقان تۇنجى يېڭى مەكتەپكە قازان شەھىرىدىن ئايال ئوقۇتقۇچى (ئاۋۇستاي) تەكلىپ قىلىنغانلىقى، بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ قازاندىكى ئۆيىگە غۇلجىدىن ئىككى ئايال خىزمەتچى ئەۋەتىلگەنلىكى، بېشىرھاجىمنىڭ مەرىپەتپەرۋەر سىڭلىسى ئايخان 1934-يىلى قازانچىدىكى كاتتا قورۇ-جايىنى ۋە بىر قانچە مو يېرىنى مەكتەپكە بېغىشلاپ، 300 دىن ئارتۇق يېتىم ئوقۇغۇچى، 30 غا يېقىن ئوقۇتقۇچى ھەم ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ بارلىق خىراجىتىنى ئۆزى كۆتۈرگەنلىكى، ئەمما جاھالەت ۋە نادانلىق ئىلكىدە ياتقان خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىققان مۇشۇ ئۇلۇغ ئانىنىڭ جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە تۆت يىل يېتىپ، قاتتىق ئازابلانغانلىقىنى، ئۈمىد مەكتەپىنى سالغان ھۈسەيىنىڭ 1917-يىلى قازاندىن غۇلجىغا مەتبەئە ماشىنىسى ئېلىپ كىرىپ، باللارغا دەرسلىك ھەم دەپتەر بېسىپ بەرگەنلىكىدەك تەسىرلىك تارىخىي ۋەقەلەر كىشىلەر ئارىسىدا تا ھازىرغىچە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە.

شۇنداق، بۇ دىياردا ئۆتكەن پۇللۇق ئادەملەرنىڭ كۆپى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، لېكىن مىللەتنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا خالىسانە ئەجىر سىڭدۈرگەن ئايخان ئانىدەك مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازى خەلقىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قەلبىدە تېخىچە نۇر چېچىپ تۇرماقتا. 1995-يىلى 8-ئاينىڭ 3-كۈنى غۇلجىدىكى ئايخان باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئايخان ئانا ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئايخان مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى داغدۇغىلىق خاتىرىلەنگەن چاغدا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماھىنۇر قاسىمنىڭ ئاياللارنى ئايخان ئانىنى ئۈلگە قىلىپ، يېرىم دۇنيالىق رولىنى يەنىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە چاقىرغانلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاتاقلىق ناخشىچى پاشا ئىشانىڭ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا «سېغىنىپ كەلدىم» ناملىق ناخشىنى ئېيتقانلىقى ۋە ئاتاقلىق شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ قايناق ھېسسىيات جۇش ئۇرۇپ تۇرغان «ئانا بولسا سىزدەك بولسا» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇغانلىقى مىللىتىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر تۆھپىكارلارغا، ئايخان ئانىدەك مەرىپەتپەرۋەر ئەجدادلارغا بولغان ئاجايىپ يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنىڭ، يۈكسەك ھۆرمىتىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟!

تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، بىز ئەزەلدىن مەرىپەتپەرۋەر خەلق. بىز مەرىپەتپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ئۈزلۈكسىز ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتىمىز. بىزنىڭ مائارىپ ئېڭىمىز، مائارىپ سۆيگۈمىز، دۇنيادىكى بەزى مىللەتلەردىن كېيىن قالغانلىقى، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ بىلىم ئېلىشنىڭ قولايلىق پۇرسىتىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويۇۋاتقانلىقى، ھەتتا مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقانلىقى مىللىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى غۇۋا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. رىقابەت دەۋرى رېئاللىق ئالدىدا كۆز يۇمۇۋالىدىغانلارنى ياقتۇرمايدۇ. بىزنىڭ مائارىپ ئېڭى جەھەتتە دۇنيادىكى بەزى مىللەتلەردىن كېيىن قالغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلغانلىقىمىزنىڭ ئۆزىمۇ

بىر خىل ئىلگىرىلەش.

ئابلىمىت ھاجىم خالىسنىڭ غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى قۇرۇشتەك زور ئىشقا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن كىرىشىشىگە، بىر تەرەپتىن چەت ئەللىكلەرنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى ئىلغار تەرەپلىرىنى دادىللىق بىلەن ئىېتىراپ قىلغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن ئايخان ئانىدەك مەرىپەتپەرۋەر ئەجدادلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكى سەۋەبچى بولدى. شۇڭلاشقا ئۇ، ئەجدادلىرىمىز باشلاپ بەرگەن خاسىيەتلىك ئىشلارغا ئىزچىل ۋارىسلىق قىلماسلىقنى ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق دەپ قاراپ، ئۆزىگە ئارام بەرمەيۋاتقان يۈكسەك ئارزۇ توغرىسىدا ئانىسىغا مەسلىھەت سالدى. ئانا دۇئا قىلىپ، ئوغلىنىڭ ساپ ئارزۇسىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى. ئانىسىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشكەن ئابلىمىت ھاجىم خالىس 1994-يىلى مايدا يەنە ئابدۇۋەلى مۇقىيىت قاتارلىق مائارىپچىلارغا ئۆزىنىڭ پىلانىنى، ئارزۇسىنى، تەييارلىق ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. مەرىپەتپەرۋەر ياش تىجارەتچىنىڭ يېلىنجاپ تۇرغان مىللەتپەرۋەرلىك روھى ئابدۇۋەلى مۇقىيىت قاتارلىق مائارىپچىلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. نەزەر دائىرىسى كەڭ يىگىتنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مائارىپ ئىشىنى ئۇستۇرۇش ئارزۇسى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئىدىيىسى، مىللىي مائارىپقا بارلىقىنى بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب روھى، ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاشتەك يىراقنى كۆرەرلىكى كىشىلەرگە كۈچلۈك ئىلھام بەردى. خالىس فوندى جەمئىيىتى قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭلا مۇھەممەتئىمىن قارىھاجىم، ئابدۇرىشىت قادىر، سادىقجان، دىلشات سابىت، غوپۇر ھاجىم، ئۆمەر ھاجىم، ئابدۇرۇسۇل، شاۋكەت، ئابدۇشۈكۈر ھاجىم، ساقى ھاجىم قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە يېقىندىن ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتى...

غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدىكى تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلمە يدۇ.

1994-يىلى 10-ئاينىڭ 6-كۈنى غۇلجا مىللىي مائارىپ تارىخىدا ھەقىقەتەنمۇ ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولدى. شۇ كۈنى غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ زالىدىن ئالقىش سادالىرى ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇردى. قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا ئالدى بىلەن مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى، فوند باشقۇرۇش چارىسى ئوقۇلدى ھەم ئىشلەنگەن تەييارلىق خىزمەتلىرى توغرىسىدا دوكلات بېرىلدى. ئاندىن غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەستىقى ھۆججىتى ئوقۇلدى ھەم مەمۇرىي قانۇنىي رەسمىيەتلەر جەمئىيەتنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى ئابلىمىت ھاجىم خالىسقا تاپشۇرۇلدى. يىغىندا سايلام ئارقىلىق ئابلىمىت ھاجىم بۇ جەمئىيەتنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئابدۇۋەلى مۇقىيىت باش كاتىپلىققا سايلاندى. غۇلجا شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىدىن خۇۋاڭ جيەنجۇاڭ، پولات ئۆمەر، ھەسەنجان ئىبراھىملار پەخرىي مۇدىرلىققا تەكلىپ قىلىندى. جەمئىيەتنىڭ 250 نەپەر ئەزاسى ئىچىدىن 80 نەپەر دائىمىي ھەيئەت، 16 نەپەر مۇدىرىيەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى.

يىغىندا يەنە غۇلجا شەھىرىنىڭ باشلىقى پولات ئۆمەر دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ يىغىنغا تېلېفون ئارقىلىق يوللىغان تەبرىك سۆزىنى ئوقۇپ بەردى.

جەمئىيەت مۇدىرى ئابلىمىت ھاجىم خالىس غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى-نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، زالدا

www.uyghurkitap.com

گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. غۇلجا شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ھەسەنجان ئىبراھىم يىغىندا سۆز قىلىپ، غۇلجا شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا غۇلجا شەھىرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر يەككە تىجارەتچىلەر ئارقا-ئارقىدىن سەھنىگە چىقىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىلىم-پەننى ئۇلۇغلاشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتىگە بەس-بەس بىلەن پۇل ئىئانە قىلدى. خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن بۇ جەمئىيەتكە مۇھەممەت ئىمىن قارىھاجىم، سادىقجان، ئابدۇرۇشت قادىر، دىلشات سابىت قاتارلىق تىجارەتچىلەر 100 مىڭ يۈەندىن، ئابدۇللام ھاجى، ئۆمەر ھاجى، سالاھىدىن ھاجى، ئابلىمىت مەخسۇم قاتارلىق تىجارەتچىلەر 50 مىڭ يۈەندىن؛ غوپۇر قادىر، ھوشۇر ھاجى، جاپپار زەيىندىن، ھەبىبۇللا مۇسابايوۋ قاتارلىق تىجارەتچىلەر 30 مىڭ يۈەندىن؛ مەتىمىن تەۋەككۇل ھاجى، نىجات مۇھەممەت، ئەنۋەر ئەزىز ھاجى، جېلىل ھاجى، ئۈمىد ھاجى، كېرىمجان تېيىپ قاتارلىق تىجارەتچىلەر 20 مىڭ يۈەندىن؛ مۇھەممەت قارىھاجى، تاش ھاجى، تاي ھاجى، نىجات ھاجى، تۇرسۇنمۇھەممەت، ھاجى ھاجى قاتارلىق تىجارەتچىلەر 10 مىڭ يۈەندىن؛ تاشپولات، يارمۇھەممەت، تاشپولات ياسىن قاتارلىق تىجارەتچىلەر 5 مىڭ يۈەندىن پۇل ئىئانە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللەت ئالدىدىكى پەرزەنتلىك بۇرچىنى، قەرزىنى ئادا قىلدى. يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق، خەلقپەرۋەرلىك، پىداكارلىق روھىنى نامايان قىلدى. بۇ جەمئىيەتكە يەنە غۇلجا شەھەرلىك دۆكمەھەللە گۈللۈك مەسچىت جامائىتى 20 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. رابىيە قادىر ئۈرۈمچىدىن تېلېفون بېرىپ فوند جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەمدە 100 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. ئاتۇشلۇق كېرەم ھاجى ئۈرۈمچىدىن تېلېفون ئۇرۇپ 50 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. 90 ياشتىن ھالقىغان پېشقەدەم مائارىپچى خەمىت ۋەكىلى ئاكا يىغىنغا ئۆز نامىدىن ئوغلىنى ئەۋەتىپ، فوند جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەم 5 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. غۇلجا شەھەرلىك 19-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى شىرزات ئىختىيارىي سۆزگە چىقىپ، فوند جەمئىيىتىگە ئاتا-ئانىسى بەرگەن پۇللاردىن خەجلىمەي يىغقان 12 يۈەننى ئىئانە قىلغاندا يىغىن مەيدانى بىردىنلا تەۋرەپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ئىسسىق ياشلار تۆكۈلدى. چۈنكى بۇ ئۆسمۈر ئىئانە قىلغان ئاشۇ 12 يۈەن ئەۋلادلىرىمىزنىڭ فوند جەمئىيىتىگە، شۇنىڭدەك مىللىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان چەكسىز ئۈمىد ھەم ئىشەنچىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەنىدى.

قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا ئابلىمىت ھاجىمغا تون كىيگۈزۈلدى. ئابلىمىت ھاجىم فوند جەمئىيىتىگە «خالىس» دەپ نام قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن ئابدۇشۈكۈر ھاجىمغا بىر تون ياپتى. ئابدۇشۈكۈر ھاجىم ئۈستىدىكى توننى ئېلىپ، «بۇ تون ماڭا ئىلىم بەرگەن ئۇستازىمغا مەنسۇپ» دېدى-دە، ئۇنى ئۇستازى لۇتپۇللا قارىھاجىمغا ياپتى. غۇلجا شەھەرلىك 4-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى تەبرىكنامە ئوقۇپ، ئابلىمىت ھاجىم خالىسقا گۈل تۇتتى. ئابلىمىت ھاجىم خالىس فوند جەمئىيىتىگە پۇل ئىئانە قىلغانلارغا خاتىرە بۇيۇمى تارقاتتى... قۇرۇلۇش مۇراسىمىدىكى بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر مىللىتىمىزنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي-پەزىلىتىنى، مەرىپەتنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسىنى روشەن نامايان قىلىپ يىغىن ئەھلىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتتى...

فوند جەمئىيىتى قۇرۇلۇپلا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىئانىگە ئىگە بولدى ۋە ئۆز نىزامنامىسىدە كۆرسىتىلگەن نىشانلارنى

ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

جەمئىيەتنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىنتايىن غەلىبىلىك بېسىلدى. جەمئىيەت قۇرۇلۇپ بىر ئايدىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن 1200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن مەكتەپتىن چېكىنگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇنىڭ ئىچىدە 845 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن، يەنى كىتاب، ئوقۇش قوراللىرى ئېلىشقا قۇربى يەتمىگەنلىكتىن مەكتەپتىن چېكىنگەنلىكى مەلۇم بولدى. مۇدىرىيەت يىغىنى بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ، دەرھال مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش خىزمىتىنى ئىشلەشنى قارار قىلدى. فوند جەمئىيىتى 84 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى. تېخى يېقىندىلا دۇنياغا كەلگەن غۇلجا مىللىي مائارىپ -خالىس فوندى جەمئىيىتىنىڭ بۇ ئەھمىيەتلىك خىزمىتى جامائەتچىلىك ئارىسىدا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى. نۇرغۇن چىرايغا بەخت كۈلكىسى يامرىدى، نۇرغۇن كۆز چاناقتىن ياشلار تۆكۈلدى، نۇرغۇن يۈمران قەلب شادلىقتىن تىپچەكلىدى، نۇرغۇن ئاتا-ئانا بۇ جەمئىيەتكە ئامانلىق، بەرىكەت، ئامەت تىلىدى، كۆپنى كۆرگەن ئاق چاچلىق بوۋاي-مومايلار ئاللادىن ئابلىمىت ھاجىم خالىس قاتارلىق خەلق سۆيەر ئەزىمەتلەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر بېرىشنى ئۆتۈندى...

خالىس فوندى جەمئىيىتى 1995-يىلى مارتتا موڭغۇلكۈرە شوتا يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ يېزا بويىچە 130 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ، شوتا ئۇيغۇر مەكتىپىنى كېڭەيتىپ سېلىش ئۈچۈن تەرەددۇت قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. بۇ ئەمەلىيەتتە غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتىنىڭ مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇشقا باشلىغانلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسى ئىدى. شۇڭا فوند جەمئىيىتىنىڭ ئابلىمىت ھاجىم خالىس قاتارلىق رەھبەرلىرى شوتا يېزىسىغا بېرىپ دېھقانلارنى يوقلىدى ھەمدە ئۇلارغا 5 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، شوتا خەلقىنىڭ مەرىپەتنى قەدىرلەش ئەنئەنىسىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ماختىدى.

شوتا يېزىسىدىكى ئۇيغۇر مەكتىپىدە ئەسلىدە پەقەت تۆت ئېغىزلا ياغاچ ئۆي بار بولۇپ، بۇ مەكتەپ 1937-يىلى قۇرۇلغانىدى. 1948-يىلى ئەخمەتجان قاسىمى، ئەنۋەرخان بابالار شوتا يېزىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە بۇ مەكتەپكە بارغان. مەكتەپنىڭ دەۋر ئېھتىياجىدىن چىقالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەخمەتجان قاسىمى شوتا خەلقىگە جامائەتچىلىك مەبلەغ چىقىرىپ مەكتەپ سېلىشنى تەشەببۇس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن 1949-يىلى بۇ يەرگە ئون سىنىپلىق زامانىۋى بىر مەكتەپ سېلىنغان. بۇ يېڭى مەكتەپنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا ئەنۋەرخان بابا لېنتا كەسكەن ۋە ئەخمەتجان قاسىمنىڭ شوتا خەلقىگە يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزگەن. شوتا خەلقىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئىئانە توپلاپ، كېڭەيتىپ سالماقچى بولۇۋاتقىنى ئەينى يىللاردا مەيدانغا كەلگەن ئاشۇ مەكتەپ ئىدى. چۈنكى غۇلجا شەھىرىدىن 300 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شوتا بۇلاق تېغىنىڭ شىمالىي باغرىغا جايلاشقان موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شوتا يېزىسىدىكى 62 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ ئۇيغۇر مەكتىپىدە يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان سىنىپ يېتىشمەي ئوقۇغۇچىلار نۆۋەتلىشىپ ئوقۇۋاتاتتى. بۇ ھال ئوقۇش سۈپىتىگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتىزامىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىۋاتاتتى. شۇڭا بۇ يېزىدىكى غوپۇرقارى بىلەن

ھاجىمۇھەممەت قاتارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەر غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان غەيرەتكە كېلىپ، ھوشۇراخۇن، ئادىلجان قاتارلىق كادىر، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن شوتا يېزىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى قانداق قىلغاندا ھازىرقى ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاما ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈپ، نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ رولى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئاخىرىدا يېزىلىق ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شوتا ئۇيغۇر مەكتىپىگە ئىئانە توپلاش فوندى جەمئىيىتى دۇنياغا كەلدى. گۈزەللىك گۈزەللىكنى ياراتتى. مەرىپەت تۈپرىقى مەرىپەت مايسىلىرىنى كۆلدۈردى.

بۇ جەمئىيەت قۇرۇلۇشى بىلەنلا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن مەكتەپتىن چېكىنگەن 130 ئوقۇغۇچىنى مەكتەپ قويىنىغا قايتۇرۇپ كېلىش، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن، لېكىن ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، يېڭى سىنىپ سېلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۆۋەتلىشىپ ئوقۇش ھالىتىگە خاتىمە بېرىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشقا كىرىشىپ كەتتى. جامائەتچىلىك غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتىنىڭ يىراق شوتا يېزىسىدىكى بۇ يېڭىراق ئەكس سادادىن چەكسىز سۆيۈندى.

خالىس فوندى جەمئىيىتى غۇلجا شەھىرىدىكى مەملىكەتلىك بىر نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆرلەش ئىمتىھان نومۇر سىزىقىدىن ئۆتكەن، لېكىن ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشقا بارالماي قېلىش ئېھتىمالى بولغان ئوقۇغۇچىلارغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىش چارىسىنى يولغا قويدى. بۇ چارە ئوقۇغۇچىلاردا يۆلىنىۋېلىش خاھىشى پەيدا بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش مەقسىتىدە تۈزۈلدى. بۇ بەلگىلىمە بويىچە ئوقۇغۇچىلار قەرزىنى خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن تۆلىسىمۇ بولاتتى. فوند جەمئىيىتى تۈزگەن بۇ ئاقىلانە تەدبىر قىيىنچىلىق گىردابىغا پېتىپ قالغان نۇرغۇن تالانت ئىگىسىنى نابۇت بولۇشتىن ساقلاپ قالدى. فوند جەمئىيىتى 1995-يىلى مۇشۇنداق ئوقۇغۇچىلاردىن 22 نەپەرنى مەملىكەت ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتتى. جەمئىيەت بۇنىڭغا 36410 يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى. بۇ مەبلەغ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا 1500 يۈەندىن توغرا كەلدى.

توغراق يېزا قارايەر كەنتىدىكى دېھقان رۇستەم قىزى شېرىنئاينى كىچىكىدىن تارتىپلا خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتقان بولۇپ، بۇ قىز 1995-يىلى شىخەنزە تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ داۋالاش كەسپىگە قوبۇل قىلىنغانىدى. لېكىن تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن بۇ يىل ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يۈز بېرىپ، شېرىنئاينىڭ ئىستىقبالى جىددىي خەۋپكە دۇچ كەلگەنىدى. دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە خالىس فوندى جەمئىيىتى بۇ ئائىلىگە مىڭ يۈەن ياردەم قىلىپ، شېرىنئاينى شىخەنزىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇنداق سەممىي غەمخورلۇق رۇستەم ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قەلبىدە ئىللىق ئېقىم پەيدا قىلدى.

ھازىر ئامېرىكىنىڭ ئىللىنوس شتاتىدىكى ئامېرىكا بويىچە ئەڭ چوڭ ئون ئالىي مەكتەپنىڭ بىرى بولغان چىكاگو داشۆسىدە بىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان 22 ياشلىق قېيۇم كامالنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيالىشىمۇ خالىس فوندى جەمئىيىتى بىلەن مەرىپەتپەرۋەر ئابلىز قەمبەرنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي-پەزىلەتكە ئىگە شەمشىدىن ۋە ئابدۇشۈكۈر ھاجىم قاتارلىق پەرزەنتلىرىنىڭ سەممىي ياردىمى بىلەن زىچ باغلانغان.

قېيۇم ئەسلىدە غۇلجا شەھەرلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ 1989-يىلى تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 1-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەلەپ قىلىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر قاتاردا ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا قاتناشتى ۋە دۆلەت بەلگىلىگەن چەكتىن 128 نومۇر ئارتۇق نەتىجە بىلەن ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىدا ئىلى ۋىلايىتى بويىچە بىرىنچى بولۇپ، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ تەبىئىيلىق پاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى نەتىجىسى تېخى ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن بۇ ئوقۇغۇچىدا ئۆزىگە خاس تالانت بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

قىيۇملارنىڭ ئائىلىسىدە ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق بار ئىدى. تۆزۈكرەك ئىش ئورنى بولمىغان ئاتا-ئانا ئوقۇۋاتقان تۆت بالىسىنىڭ خىراجىتىنى تولۇق ھەل قىلىپ كېتەلمەيتتى. بۇ تىرىشچان ئوقۇغۇچى ئاشۇنداق شارائىتتىمۇ جاپاغا چىداپ قەيسەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، 1991-يىلىدىكى تاللاش ئىمتىھانىدىن 266 نومۇر بىلەن بىرىنچى بولۇپ ئۆتۈپ، بېيجىڭ داشۆسى يەر شارى فىزىكىسى فاكۇلتېتىنىڭ ئاسترونومىيە كەسپىگە قوبۇل قىلىندى.

ئەينى يىللاردا ئائىلىسىنىڭ ئۇنىڭغا ھەر ئايدا ئەۋەتىدىغان پۇلى پەقەت ئۇنىڭ بىرقانچە كۈنلۈك تاماق راسخوتىغىلا يېتەتتى. شۇڭا ئۇ تاماق خىراجىتى ۋە باشقا خىراجەتلەرنى غەملەش ئۈچۈن، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا بېيجىڭ داشۆ قارىمىقىدىكى «خەيشېڭ» شىركىتىدە ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ يۇمشاق دېتال قىسمىدا ھەپتىسىگە ئالتە سائەتتىن ئىشلىدى. بېيجىڭ داشۆسى كىتابخانىسىنىڭ كىتابلىرىنى يايما قىلىپ سېتىپ بەردى. باشقا ۋاقىتلىرىدا سىنىپتىن چىقماي دەرس تەكرار قىلدى. ئۇ، سىنىپتا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن بىللە شىنجاڭ داشۆسىدە باشلىغان ئۆزلۈكىدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. شۇڭا ئۇ ئىنتايىن ئاز سانلىق ئوقۇغۇچىلارلا ئالالايدىغان ئوقۇش مۇكاپاتىدىن ھەر يىلى بەھرىمەن بولۇپ تۇردى.

قىيۇم 1992-يىلى قىشلىق تەتىل مەزگىلىدە ئابلىز قەمبىرىنىڭ ئوغلى شەمشىدىنىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ھازىر ئۆزىنىڭ بېيجىڭ داشۆسىدە ئوقۇۋاتقانلىقىنى، ئۇ يەردە بىلىم ئېلىش پۇرسىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ھازىردىن باشلاپ پۇختا تەييارلىق قىلىپ، ئامېرىكىغا چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسى بارلىقىنى، بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل كېتىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن شەمشىدىنىنىڭ ئىنىسى ئابدۇشۈكۈر ھاجىمنى مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات دەپ ئاڭلىغانلىقىنى، ئۆزى ھازىر ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە جىددىي مۇھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. شەمشىدىن بۇ ئىقتىدارلىق يىگىتنىڭ ئىرادىسىدىن تەسىرلىنىپ: «ھازىرچە ساڭا مەن ياردەم قىلىپ تۇراي، ئىنىم ئىچكىرىدىن يېنىپ كەلگەندە مەسلىھەتلىشىپ ئېھتىياجىڭغا لايىق ياردەم قىلايلى، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشقا قىلچە ئىككىلەنمەي پۇختا تەييارلىق قىلىۋەرگىن، ھەممىدىن مۇھىمى سېنىڭ نەتىجەڭ» دەپ ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئىلھام بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ قىيۇمنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى شەمشىدىنىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

ئەينى يىللاردا شەمشىدىن ئابلىزنىڭ بىر بالىسى ئالىي مەكتەپتە، ئۈچ بالىسى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ راسخوتىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. شەمشىدىن قىيۇمنىڭ ئۆگىنىش ماتېرىيالى، فۇداۋ ھەققى، چەت ئەللەردىكى مەكتەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىش ھەققى، تۇرمۇش راسخوتى قاتارلىقلارغا نۇرغۇن پۇل كېتىدىغانلىقىنى، ئۆزى يالغۇز بۇنداق ئېغىر يۈكنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ ئەھۋالنى ئۇرۇق-تۇغقان، يارۇ-بۇرادەرلەرگە يەتكۈزدى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ھەم باغرى يۇمشاق تىجارەتچىلەر ئاز-ئازدىن يىغقان پۇللىرىنى بۇ تىرىشچان يىگىتكە كەينى-كەينىدىن ياردەم قىلدى. 1993 — 1994-يىللىرى قىيۇمنىڭ چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىش تەييارلىقىغا خېلى جىق پۇل سەرپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قىلىندى. مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئابدۇشۇكۇر ھاجىم قېيۇمغا ھەر دائىم: « جەزمەن ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگىن، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرى غورىگول ئۆتسە كۆپرەك بىلىم ئالغىلى بولىدۇ. سەن ھەقىقەتەنمۇ بەختلىك ئىكەنسەن. چۈنكى نۇرغۇن ئادەم ساڭا ياردەم قولىنى سوزۇۋاتىدۇ. شۇڭا تىرىشمىساڭ بولمايدۇ » دەپ ماددىي ھەم مەنىۋى جەھەتلەردىن ئۈزلۈكسىز ياردەم بېرىپ تۇردى.

1994- يىلى 3- ئايدا شەمشىدىن ئىغىر ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى. دەل شۇ كۈنلەردە قېيۇمنىڭ 2500 يۈەنگە ھاجىتى چۈشۈپ قالدى. داۋالىنىۋاتقان شەمشىدىن بۇ ئەھۋالنى مەرد تىجارەتچى ساقى ھاجىمغا ئېيتىۋىدى، ئۇ قېيۇمغا دەرھال 2500 يۈەن ئەۋەتىپ بەردى.

قېيۇم 1994- يىلى يازلىق تەتىلدە غۇلجىغا كەلدى. بۇ كۈنلەردە شەمشىدىن ئۆيىدە داۋالىنىۋاتاتتى. قېيۇم ئۇنىڭغا 1995- يىلى ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىقىش تەييارلىقى پۈتەيدىغانلىقىنى، ئەمما يەنە پۇل لازىم بولىدىغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. شۇ كۈنى ئابلىمىت ھاجىم خالىس شەمشىدىنلەرنىڭ ئۆيىدە ئىدى. ئۇ قېيۇمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن « مەن پات ئارىدا مىللىي مائارىپ فوندى جەمئىيىتى قۇرىمەن. شۇڭا بۈگۈن بۇ يەرگە مۇشۇ ھەقتە ئابدۇشۇكۇر ھاجىم بىلەن مەسلىھەتلەشكىلى كەلدىم. بىز سىزنىڭ ئېشىشىڭىزنى جەزمەن ھەل قىلىمىز. سىز خاتىرجەم ئوقۇڭ. ئەگەر ئامېرىكىغا مېڭىپ قالسىڭىز، سىزنى ئۈزۈم ئۈزىتىپ قويىمەن » دەپ، بۇ تەلەپچان يىگىتكە مەدەت ۋە ئىلھام بەردى. شۇنىڭ بىلەن قېيۇم كامال غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتىدىن ئىبارەت يەنە بىر كۈچلۈك يۆلەنچۈككە ئىگە بولدى.

قېيۇم كامال 1995- يىلى چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئاساسلىق ئۈچ پەندىن يۇقىرى نومۇر ئالغان خالىس فوندى جەمئىيىتى بىلەن ساخاۋەتچى كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ئارقىلىق قېيۇمنىڭ ئىمتىھاندا ئېرىشكەن نەتىجىسى 35 كە يېقىن چەت ئەل ئالىي مەكتىپىگە يەتكۈزۈلدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا 30 غا يېقىن ئالىي مەكتەپتىن ئۇنىڭغا قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى كەلدى. ئۇ خالىس فوندى جەمئىيىتىدىكىلەر بىلەن قايتا-قايتا مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىرى ئامېرىكا چىكاگو داشۆسىنىڭ ھېسابلاش ئىلمى، سودا-سانائەت باشقۇرۇش ئىلمى كەسپىنى تاللىدى. تەرەققىيپەرۋەر تىجارەتچى مۇھەممەت ئىمىن قارىھاجىم بىلەن پېشقەدەم مائارىپچى ئابدۇۋەلى مۇقىيت كۆپ يول مېڭىپ، مىللىتىمىز ئارىسىدىن چىققان بۇ تالانتلىق ياشنىڭ چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. بۇ مەزگىلدە قېيۇمغا يەنە مىڭ ئامېرىكا دوللىرى (شۇ چاغلاردا مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتى 8500 يۈەنگە توغرا كېلەتتى) كېرەك بولۇپ قالدى. بۇ پۇلنى يەككە تىجارەتچى ھەم ساخاۋەتچى سادىقجان چىقاردى. 1995- يىلى 6-- ئايدا قېيۇم كامال بېيجىڭدىن شەمشىدىنگە تېلېفون بېرىپ، 7- ئايدا ئامېرىكىغا ئۇچىدىغان ئايروپىلان بېلىتىگە ھازىر تىزىملىتىش كېرەكلىكىنى، بۇ خىراجەتنى قانداق ھەل قىلىشنى بىلەلمەي بېشى قېتىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. شەمشىدىن ئۇنىڭغا « بېيجىڭدە مېنى تونۇيدىغان بىرەرسىنى يولۇقتۇرساڭ، مەن بىلەن تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلاشقىن، خىراجەتكە مەن مەسئۇل بولىمەن » دەپ جاۋاب بەردى: قېيۇم كامال بېيجىڭدە ھەج سەپىرىدىن قايتقان ھۆسەن خوجاھاجىمغا يولۇقۇپ قېلىپ ئەھۋالنى چۈشۈندۈرۈۋېدى، بۇ ئاق كۆڭۈل ھاجىم ئايرودرومغا بىرقانچە قېتىم چىقىپ، ئۇنى ئايروپىلان بېلىتىگە تىزىملىتىپ قويدى ۋە شەمشىدىنگە ۋەكالىتەن ئۇنىڭغا 3200 يۈەن پۇل بەردى. يۇرتداشلىرىنىڭ چەكسىز ئىشەن-

چىسگە ھەم ئاجايىپ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشكەن 21 ياشلىق بۇ ئۇيغۇر يىگىتى 1995-يىلى 8-ئاينىڭ 9-كۈنى بېيجىڭدىن نيۇ-يوركقا قاراپ ئۇچتى. ئۇنىڭ چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىشىغا غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى 35 مىڭ يۈەن، مەرىپەتپەرۋەر، ساخاۋەتچى كىشىلەر 30 مىڭ يۈەن سەرىپ قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي-پەزىلىتىنى ۋە ئېسىل ئەنئەنىسىنى تولۇپ نامايان قىلدى.

جەمئىيەت مۇدىرىيىتى 1995-يىلى مارتتا مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھانغا تىرىشىپ تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىلھام بېرىش ۋە بۇ ئارقىلىق مىللىي مائارىپ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ئۇيغۇر تىلىدا ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن تۈرى بويىچە «خالىس ئوقۇش مۇكاپاتى» تەسىس قىلىدىغانلىق قارارىنى ئېلان قىلدى. بۇ قارار ئىلى رايونىدىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. مەكتەپلەردە 1995-يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا «خالىس ئوقۇش مۇكاپاتى»-غا ئېرىشىش مۇسابىقىسى قانات يايدى.

1995-يىلى 9-ئاينىڭ 6-كۈنى ئىلى ئالىي مېھمانخانا يىغىن زالىدا غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى داغدۇغىلىق خاتىرىلەنگەندە، ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈش ئىمتىھانىدا ئىلى ۋىلايىتى بويىچە تەبىئىي پەندىن 1-، 2-، 3-بولغان مۇنەۋۋەر ئابدۇرىشىت، رازىيە ۋە ئىجتىمائىي پەندىن 1-، 2-بولغان گۈلنۇر، نۇرىيەلەرگە خالىس فوندى جەمئىيىتى تەرىپىدىن 1000 يۈەندىن 2000 يۈەنگىچە «خالىس ئوقۇش مۇكاپاتى» بېرىلدى. ئالىي ماكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلار نىسبىتى يۇقىرى بولغان غۇلجا شەھەرلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپ 2000 يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلاندى. خالىس فوندى جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان بۇ پائالىيەت بىلىم باغچىسىدىكى تالاي يۈرەككە ئوت يېقىپ، تالاي ئارزۇ مايسىلىرىغا قۇۋۋەت بەردى.

غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى غۇلجا شەھىرىنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە 1995-يىلى «1-ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىدا شەھەردىكى 16 باشلانغۇچ مەكتەپ پۇتبول كوماندىلىرىنىڭ ئايلانما مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى ۋە مۇسابىقە جەريانىدا 1-، 2-، 3-بولغان كوماندىلارغا مۇكاپات تارقاتتى ھەمدە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 9 ياشتىن 11 ياشقىچە بولغان 25 ئۆسمۈرنى تاللاپ، غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى پۇتبول كوماندىسى تەشكىللىدى. بۇ كوماندا ھازىر ئەجدادلىرىمىز ياندۇرغان پۇتبول مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ مەشىق قىلماقتا. غۇلجا خەلقى بۇ كوماندىنىڭ كەلگۈسىدىن زور ئۈمىد كۈتمەكتە.

1995-، 1996-يىللىق يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلانغاندىن بۇيان مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى غۇلجا شەھىرىدىكى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ھەم ئوقۇش قوراللىرىنى سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى تاپشۇرۇۋالدى ۋە بۇ دوكلاتلارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ كۆردى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاتا-ئانىسى يوق، بوۋىسى ياكى موممىسىنىڭ تەربىيىسىدە تۇرۇۋاتقان يېتىم-يېسىر بالىلار ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. فوند جەمئىيىتى ھازىرغىچە 20 نەچچە يېتىم بالىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشىغا ئىمكانىيەت

uyghurkitap.com

تۇغدۇرۇپ بەردى. خالىس فوندى جەمئىيىتى ئوقۇش راسخوتى يېتىشمەيۋاتقان بۇ باللارنىڭ روھىي يۈكىنى يەڭگىللىتىش يولىدا داۋاملىق ئىزدەنمەكتە.

غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىرى 1995-يىلى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئابلەت ئابدۇ- رىشىت، ماھىنۇر قاسىم، مۇھەممەت ئىسمايىل قاتارلىق يولداشلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە مۇيەسسەر بولدى. رەھبەرلەر فوند جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا، خىزمەتلىرىگە ۋە فوند جەمئىيىتىگە پۇل ئىئانە قىلغان مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلەرنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. شۇنداقلا مەرىپەت يۇرتى غۇلجىدا ئىسلاھات دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ مائارىپنى، ئىلىم-پەننى قوللايدىغان ئېسىل ئەنئەنىسنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى. رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ۋە كۆيۈملۈك مەدەت بېرىشى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى، روھىنى ئۇرغۇتتى، ئۇلارغا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى.

مەن فوند جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ئابلىمىت ھاجىم خالىس بىلەن تۇنجى قېتىم پېشقەدەم مائارىپچى ئابدۇۋەلى مۇقىيىتنىڭ ئىشخانىسىدا ئۇچراشتىم. خەلقنىڭ چەكسىز ئىشەنچىسى ھەم يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بۇ مەرىپەتپەرۋەر يىگىتنىڭ شۇ قەدەر ئاددىي-ساددىلىقى، كەمتەر- لىكى مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى. بىزنىڭ سۆھبىتىمىز قىسقا ھەم مەزمۇنلۇق بولدى. ئۇنىڭ «بىز خەلقنىڭ يۈرىكىدىكى ئىشنى قىلىۋاتە- مىز. بۇ بىز ئۈچۈن بىر بەخت» دېگەن بىر جۈملە سۆزى تا ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئەنە شۇنداق خەلقنىڭ ۋاپادار پەرزەنتلا خەلقنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرالايدۇ.

ئابلىمىت ھاجىم خالىسنىڭ غۇلجا شەھىرى ئەخمەتجان كوچىسىغا سېلىۋاتقان يەتتە قەۋەتلىك بىناسىنىڭ ئۈستىگە بىر سېۋەتنىڭ مودېلى چىقىرىپ قويۇلغانلىقى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. ئاڭلىشىمچە، بۇ مەرىپەتپەرۋەر يىگىت ئۈسمۈرلۈك دەۋرىدە يېتىملىكنىڭ دەردىنىمۇ، بىلىمسىزلىكنىڭ ئازابىنىمۇ، ئاپەتلىك يىللارنىڭ كۈلپىتىنىمۇ تويغىچە تارتقان، باققاللىقمۇ قىلغان. شۇڭا ئۇ، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئاشۇ مودېلنى لايىھىلەپ چىققان. ئۆزىنىڭ، ئەجدادلىرىنىڭ، مىللىتىنىڭ ئۆتمۈشىنى، تارىخىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئەۋلادلاردىن ۋاپا ھەم ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

شۇ كۈنكى سۆھبەتتە ئۇ ماڭا خالىس فوندى جەمئىيىتىنى قۇرۇش مەقسىتى ۋە بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىساد باشقۇرۇش چارىسى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ بۇ جەمئىيەتنى قۇرۇشتىكى ئاساسىي مەقسىتىمىز خالىس مەبلەغ توپلاپ، خالىس ئىشلىتىشتىن ئىبارەت، بىز جەمئىيەتتىكى ئىلغار زاتلارغا تايىنىپ، فوندنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز. فوندنىڭ پۇلىنى باشقا ئىشلارغا سەرپ قىلمايمىز. بىز ئەمەلىي ئىش قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئاشۇرىمىز. يېقىندا سودا ساھەسىدىكى كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ، سودا قاينىمىغا كىرمەكچىمىز. ھازىر بىز ئۆزىمىزگە تەۋە بىر جايغا سودا بىناسى سېلىشنى پىلانلاۋاتىمىز. خەلق بىزگە بۇ خىزمەتنى ئىشىنىپ تاپشۇردى. شۇڭا بىز خەلقنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى جەزمەن ئاقلىساق بولمايدۇ».

شۇنداق، كىشىلەر خالىس فوندى جەمئى- يىتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە قۇدرەت تېپىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئابلىمىت ھاجىم خالىس قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر يىگىتلەرنىڭ خاسىيەتلىك سەپىرىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيدۇ. 1995-يىلى مۇھەممەت ئىمىن قارىھاجىم، سادىقجان، ساقى

هاجى، ئابدۇرشىت قاتارلىق يەككە تىجارەتچىلەر-
نىڭ خالىس فوندى جەمئىيىتىگە خالىس خىزمەت
قىلىپ، ئۇلارنىڭ 950 مىڭ يۈەن پۇلىنى
مەبلەغ سېلىپ، بۇ جەمئىيەتكە 468140
يۈەن پايدا تېپىپ بەرگەنلىكى، ئۆز مەنپەئەت-
دىن مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا كۆرۈشتەك
ئالىيجاناب خىسلىتىنى ئۆزلۈكسىز جارى قىلدۇ-
رۇۋاتقانلىقى خەلقىمىزنىڭ فوند جەمئىيىتىگە
چەكسىز ئىشەنگەنلىكىنىڭ، ئۆزلۈكسىز يار-يۆلەك-
تە بولىدىغانلىقىنىڭ جانلىق مىسالى.

مەلۇمكى، مائارىپ — سېلىنمىنى كۆپ
تەلەپ قىلىدىغان، ئۈنۈمى ئۇزۇن مەزگىلدە
كۆرۈلىدىغان بىر ساھە. مۇشۇ مەنىدىن
ئېيتقاندا، خالىس فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئالدىدىكى
مۇساپە ئۇزۇن ھەم جاپالىق، لېكىن بىر
مىللەت كىشىلىرى بىر نىيەتكە كېلىپ، ئۆزىنىڭ
مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە، مۇنەۋۋەر
ئىلىم-پەن خادىملىرىنى يېتىلدۈرۈشكە بەل
باغلىسا بۇ ھەرگىزمۇ سەل چاغلىغىلى بولىدىغان
كۈچ ئەمەس.

مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى
قۇرۇلۇپ سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن،
غۇلجا شەھىرىنىڭ مىللىي مائارىپ تارىخىدا
يەنە بىر شانلىق سەھىپە ئېچىلدى. 1995-يى-
لى 6-ئاينىڭ 15-كۈنى 41 ياشلىق نۇرتاي
ھاجىم ئىسكەندەرنىڭ 1 مىليون 500 مىڭ
يۈەن مەبلەغ سېلىپ يېتىملار مەكتىپىنى
قۇرغانلىقى توغرىسىدىكى خۇشخەۋەر تەڭرىتېغىنىڭ
بويلىرىغا ناھايىتى تېز تارقالدى. نۇرتاي ھاجىم
ئىسكەندەر يېتىملار مەكتىپىنىڭ دۇنياغا كەلگەن-
لىكى مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشىنى ئۆزلۈكسىز
ئۆسۈۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم نامايان
قىلىپ، چاڭقاق يۈرەكلەرگە ئىلىم شەربىتى
ئاتا قىلدى.

چىرايىدىن چىچەنلىك ئۇرغۇپ تۇرغان
33 ياشلىق نۇرتاي 1987-يىلى ئانىسى ئايشەم-
خان بىلەن بىللە ھەج سەپىرىدە بولۇپ،
تۈركىيە، ئوممان، سەئۇدى ئەرەبىستانى
قاتارلىق دۆلەتلەردىكى يېڭىلىقلار بىلەن
ئۇچراشتى. ھەج پائالىيىتى جەريانىدا ئۇنىڭ
يادىغا مەرھۇم دادىسى ۋە يېتىمچىلىكتە ئۆتكەن
باللىق چاغلىرى كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى
ئىسكەندەر 1960-يىلى 2-ئايدا ئالەمدىن
ئۆتكەنىدى. دادىسىدىن ئالتە ياش چېغىدىلا
ئايرىلغان نۇرتاينىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىلىم
ئالىدىغان مەزگىلى قاباھەتلىك يىللارغا توغرا
كەلدى. شۇڭا ئۇ ھەر دائىم قاباھەتلىك
يىللاردا بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن باللىق،
ياشلىق دەۋرلىرىنى ھەسرەت بىلەن ئەسكە
ئالاتتى. چەت ئەللەرنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىنى
كۆرگەن نۇرتاي ھاجىم ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان
يېتىم باللارنى بىلىمسىزلىك گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇش
يولىدا كۆپرەك قان-تەر ئاققۇزۇش قارارىغا
كەلدى. جاپاكەش ئانا ئەقىللىق ئوغلىنىڭ ئىزگۈ
نىيىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ گۈزەل ئارزۇسىنىڭ
ئەمەلگە ئېشىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.
ئانىنىڭ رازىلىقى، دۇئاسى يىگىتنىڭ قەلب
كۆزىنى نۇرلاندۇرۇپ ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى.

ئىرادىلىك ئانا ئىرادىلىك پەرزەنت
يېتىلدۈرەلەيدۇ. ئايشەمخان ھاجىم ئانا
قەدىناسىدىن ئايرىلغان يىللاردا ئېلىمىز
يېزىلىرىدا ئاچارچىلىق بورىنى تېخى بېسىقمىغان-
دى. بىچارە ئانا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى
تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «دولقۇن» غا تاڭ
ئاتماستىلا ماڭاتتى. «دولقۇن» دىن يېنىپ
كېلىپ پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە يولغا سالاتتى.
شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككى بالىسى ئۇرۇمچىدە
ئالىي مەكتەپتە، ئىككى بالىسى باشلانغۇچ
ھەم ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. ئائىلىدە
بولسا ئالتە ياشلىق ئوغلى نۇرتاي بىلەن ئۈچ
ياشلىق قىزى خانىقىز بار ئىدى. ئانىنىڭ
قىينىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بەزى كىشىلەر
ئۇنىڭغا ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتقان چوڭ ئوغلى
تۇرسۇننى چاقىرتىۋېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت

بەردى. ئىرادىلىك ئانا ئۇلارنىڭ مەسلىھەتنى سىلىق-سىپايىلىق بىلەن رەت قىلدى. چۈنكى ئۇ قەدىناسىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلىشنى، باللىرىنى بىلىمسىز قالدۇرۇشنى خالىمايتتى. تىنىمسىز ئېغىر ئەمگەك ۋە پۈتمەس-تۈگمەس ئائىلە قىيىنچىلىقى مېھرىبان ئانىنىڭ چاچلىرىغا مەزگىلسىز ئاق چۈشۈرۈپ قەددىنى ئەگكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىدى. شۇڭا ئۇ ئالتە بالىسىنىڭ بەشىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ ئۆزىنىڭ ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلالىدى. مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان يىللاردا تۈزۈكرەك بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن كىچىك ئوغلى نۇرتاينىڭ يېتىم باللارغا مەكتەپ سېلىپ بېرىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئانىنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ئىختىيارسىز ئىسسىق ياش تۆكۈلدى. بۇ تامچىلار بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلگەن ئانىنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققانىدى.

نۇرتاي ھاجىم 1988-يىلى دېڭىز ياقىسىدىكى تەرەققىي قىلغان شېنجېن، شيامېن، جوخەي، فۇجيەن، گۇاڭجۇ قاتارلىق رايونلاردا ساياھەت قىلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىگىلىك يارىتىش ۋە دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش روھى ئۇنى ئىلھاملاندۇردى. بولۇپمۇ ئىمپورت قىلىنغان چەت ئەل ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىدا كۆرگەن يېڭىلىقلار ئۇنى بەكمۇ قىزىقتۇردى. غۇلجا شەھەرلىك ترانسپورت شىركىتىدە ئون يىلغا يېقىن شوپۇر، ئەترەت باشلىقى، باش باشقۇرغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن نۇرتاي ھاجىم دېڭىز ياقىسىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلاردا ئىمپورت قىلىنغان چەت ئەل ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىشنىڭ تازا ئېقىۋاتقانلىقىنى، چەت ئەلدىن ئىمپورت قىلىنغان بىر ماشىنىنى رېمونت قىلىش ھەققى ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن ئون ماشىنىنى رېمونت قىلىش ھەققى بىلەن تەڭ كېلىدىغانلىقىنى كۆردى ۋە غۇلجىغا قايتىپ كېلىپلا ئۆزى مەبلەغ سېلىپ، غۇلجا شەھىرىدە تۇنجى قېتىم چەت ئەل ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى قۇردى. ئۇ غۇلجىغا شېنجېن، گۇاڭجۇلاردىن چەت ئەل ماشىنىلىرىنىڭ زاپچاسلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ، ئىمپورت قىلىنغان ماشىنىلارنىڭ ئىگىلىرىنى ئىسراپچىلىقتىن، ئېغىرچىلىقتىن، ئاۋارىگەرچىلىكتىن، باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلدۇردى. ئۇنىڭ كارخانا باشقۇرۇش ماھىرلىقى ۋە ئۇ ياراتقان يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەت نۇرتاي ھاجىمنى «ئەتىۋارلىق كوزىر» غا ئېرىشتۈردى. 1993-يىلى ئۇ تەكلىپ بىلەن ئىلى ئوبلاستلىق ئىقتىساد-سودا ئىدارىسى قارىمىقىدىكى جۇڭگو-چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى يىپەك يولى شىركىتىگە مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى. 1994-يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك ئىقتىساد-سودا كومىتېتىدا قۇرۇلغان «دوستلۇق» شۆبە شىركىتىنى ھۆددىگە ئېلىپ، باش دىرېكتور ۋە قانۇنىي ۋەكىل بولدى. 1995-يىلى نەزەرىنى تېخىمۇ يىراققا تىكىپ چېگرا سودىسى قىلىشقا بەل باغلىدى. چېگرا سودىسىدا چېگرا ئېغىز سودا ھوقۇقى بولمىسا چوڭراق ئىش تەۋرەتكىلى بولمايتتى. ئۇ ئىنچىكە ئويلىنىپ، تەپسىلىي پىلان تۈزۈش ئارقىلىق 1995-يىلى 2-ئايدا ئىلى ئوبلاستلىق تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ 6-بۆلۈمىنى كۆتۈرە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تىجارىتى تېخىمۇ يۈرۈشۈپ كەتتى. مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچى نۇرتاي ھاجىم ھەج پائالىيىتى داۋامىدا يالقۇنجىغان ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كۈنلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ دەرھال ئانىسى، قېرىنداشلىرى ۋە ئائىلىسى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان ئانىسى ئائىشەخان ھاجىم، غۇلجا شەھەرلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۇزۇن يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئاكىسى تۇرسۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى

ئۆتەۋاتقان ھەدىسى خالىدە، غۇلجا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ھەدىسى شەمشىقەمەر، شىنجاڭ تەنتەربىيە مەكتىپىدە پۇتبول تېرېنېرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئاكىسى سۇلتان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ نەپەس بۆلۈمىدە دوختۇرلۇق قىلىۋاتقان سىڭلىسى خانقىز ھەم ئايالى شەمشىنۇر ئۇنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭغا كۈچلۈك مەدەت بەردى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1995-يىلى 4-ئايدا غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە يېتىملار مەكتىپى قۇرۇش ھەققىدە تەكلىپنامە سۇندى. تەكلىپنامىدە بۇ مەكتەپنىڭ خاراكتېرى، ئوقۇش-ئوقۇتۇش ئىشلىرى، خىراجەت مەسىلىسى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىندى. غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەكلىپنامىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پەن-تېخنىكا ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ تەستىقلاپ بېرىشىگە سۇندى. 1995-يىلى 4-ئاينىڭ 19-كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەرنى مەخسۇس قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن 15 مىنۇت سۆھبەتلەشتى. ئۇنىڭ مەكتەپ ئورنى ئۈچۈن يەر ھەل قىلىپ بېرىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئاڭلىغان رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ئۆزىنىڭ پات ئارىدا خىزمەت بىلەن ئىلىغا بارىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئالاقىدار رەھبەرلەرگە ئېيتىپ ھەل قىلدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن 95-(16) نومۇرلۇق ھۆججەت تارقىتىپ ئۇنىڭ مەكتەپ قۇرۇشىنى تەستىقلىدى. رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 1995-يىلى 4-ئاينىڭ 28-كۈنى غۇلجا شەھىرىدە غۇلجا شەھىرىدىكى مەرىپەتپەرۋەر يەككە تىجارەتچىلەر ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغاندا، ئىلى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى ھەم غۇلجا شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە نۇرتاي ھاجىمنىڭ ئىشلىرىنى قەتئىي قوللاشنى، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى تېز ھەل قىلىپ بېرىشنى ئالاھىدە تاپىلىدى. غۇلجا شەھىرى دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، تاشكۆۋرۈك يېزا ئايدۆڭ كەنتىدىن ئون مو يەر ھەل قىلدى ھەمدە يەر بەرگەن 11 دېھقاننىڭ نوپۇسىنى شەھەرگە يۆتكىدى، 18 ياشتىن يۇقىرى سەككىز نەپەر كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

1 مىليون 500 مىڭ يۈەن پەقەت يېتىملار مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشىغىلا سېلىنغان مەبلەغ بولۇپ، ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىنكى چاغلاردا نۇرتاي ھاجىمنىڭ بۇ مەكتەپكە ھەر يىلى يەنە 150 مىڭ يۈەندىن 200 مىڭ يۈەنگىچە چىقىم قىلىشىغا توغرا كېلىدىكەن. 11 يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدىكى ياتاقلاشقان بۇ مەكتەپنىڭ ئون نەپەر ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئىش ھەققىنى دۆلەت ئۈستىگە ئاپتۇ. قالغان ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى، مۇكاپات پۇلى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، داۋالىنىش، ياتاق، ئوقۇش راسخوتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي نۇرتاي ھاجىمنىڭ زىممىسىدە ئىكەن. بۇ مەكتەپكە ئوقۇش باشلانغان يىلى 60 نەپەر يېتىم بالا قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلارغا كېيىنكى ھەر ئوقۇش يىلىدا 30 يېتىم بالا قېتىلىپ تۇرىدىكەن. 2000-يىلغا بارغاندا قوبۇل قىلىنغان بالىلارنىڭ سانى 210 غا، سىنىپ سانى يەتتىگە يېتىدىكەن. نۇرتاي ھاجىم ئىمكانىيەت يار بەرسىلا بۇ مەكتەپنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشنى، راۋاجلاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر نامىدىكى بۇ يېتىملار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1300 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە دەرسخانا، تەنتەربىيە زالى، ئۇنىۋېرسال زال، ئېلېكترلەشكەن تىل

www.uyghurkitap.com

سىنىپى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى سىنىپى، كىتابخانا، قىرائەتخانا، دوختۇرخانا، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى، مەكتەپ مۇدىرى ئىشخانىسى، ئىلمىي بۆلۈم، تەجرىبىخانا، تەبىئەت تەجرىبىخانىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ سىرتىغا ياتاق، ئاشخانا، تاماق يېيىش زالى، قىز-ئوغۇللار مۇنچىسى، تەرەت-خانا، ئىسكىلات قاتارلىق ئەسلىھەلەر سېلىن-غان. بۇ قورۇلۇشلارنىڭ ئۇستى ئىككى قەۋەت قاڭالتىر بىلەن چىرچە قىلىپ يېپىلغان. قىسقىسى، قورۇلۇشى يورۇشلە شكەن، مۇئەسسەسىلى-رى مۇكەممەللەشكەن بۇ مەكتەپ كىشىگە زوق ھەم جۇشقۇن كەيپىيات بەخش ئېتىدۇ.

مەن سۆز-ھەرىكىتىدىن، چىراي-تۇرقىدىن ئۆزىگە خاس تېتىكلىك ۋە چىچەنلىك ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ يىگىت بىلەن ئۇنىڭ پاكىز ۋە ئازادە ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ئۇزاق پاراڭلاشتىم. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يېتىملار مەكتىپى قورۇشقا قىزىقىپ قالغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: « سىيا-سەت كەڭ بولدى، ئىشىك ئېچىۋېتىلدى، چەت ئەللەرگە چىقتۇق. دېڭىز ياقىلىرىغا باردۇق، پۇل تاپتۇق. بىزنىڭ بۇ پۇلنى پەرزەنتلەرگە، تۇغقانلارغا مىراس قالدۇرۇش نىيىتىمىز يوق. ئۇنى مىللەتكە سەرپ قىلساق كەلگۈسىدە باللار بىزنى ياد ئېتىدۇ. مائارىپنى قوللىساق بىزنى خەلقمۇ، ھۆكۈمەتمۇ ئۇنتۇمايدۇ. مىللەتنىڭ مائارىپى تەرەققىي قىلمىسا مىللەتنىڭ ساپاسىمۇ ئۆسمەيدۇ. جەمئىيەتتە بەزى باللارنىڭ ئىگە-چاقىسىز، ئاچ-يالىڭاچ، ئوقۇشسىز يورۇ-ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەندە ئۇلارنى قۇتقۇزۇش، تەربىيىلەش ئارزۇسى تۇغۇلدى. ئانامنىڭ يېتەكچىلىكى، بەش قېرىندىشىمنىڭ قوللىشى ۋە ئايالىمنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ مەقسىتىم ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى.»

مىللەتكە، ئەۋلادلارغا، يېتىم-يېسىرلارغا، كەلگۈسىگە مەسئۇل بولۇش — قە[illegible] تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاق، ئالىيجاناب [illegible] ئەمدىلا 42 ياشقا كىرگەن نۇرتاي ھاجىمنىڭ ئاشۇنداق گۈزەل ئەخلاقى، ئاشۇنداق ئالىيجاناب روھقا ئىگە قەيسەر ئەزىمەت ئىكەنلىكىگە ئانا زېمىن گۇۋاھ. خەلقىمىز گۇۋاھ، ئەۋلادلىرى-مىز گۇۋاھ، بۇنداق پىداكار ئەزىمەتلەرنىڭ نامى زېمىن بىلەن بىللە ياشايدۇ. ئەسىرلەر-دىن ئەسىرلەرگە ھالقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى مىللەتكە بېغىشلاش روھى تۇمەنمىڭ قەلبكە گۈزەللىك ئۇرۇقى چاچتى، ئۈمىد گۈلخانى ياقتى. مائارىپقا كۆڭۈل بۆلىدىغان مىللەت — ئۈمىدلىك مىللەت. ئىستىقباللىق مىللەت مىللىي مائارىپ سېپىدە چاقنىغان بىر پىداكارنىڭ نۇرلۇق ئوبرازى تۇمەنمىڭ كىشىنىڭ مەرىپەتنى قەدىرلەش ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

پېشقەدەم مائارىپچى ئابدۇۋەلى مۇقىيتنىڭ غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى بىلەن نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر يېتىملار مەكتىپىنىڭ دۇنياغا كېلىشى جەريانىدا سىڭدۈر-گەن ھالال قان-تەرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ.

شىنجاڭ داشۆسىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ئابدۇۋەلى 1972-يىلدىن 1994-يىلى-غىچە غۇلجا شەھىرىنىڭ مائارىپ سېپىدە جاپالىق خىزمەت قىلىپ، مىللىي مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە مىللىي مەكتەپ-لەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ 1993-يىلى يازدا ئىلى مىللىي مائارىپىنىڭ تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان « مەرىپەت گۈلزارى — غۇلجا » ناملىق تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىمىنى ئىشلەپ، تاماشىبىنلارنىڭ، بولۇپمۇ مائارىپچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1994-، 1995-يىللىرى غۇلجىدا مىللىي مائارىپنى قوللاش، مىللىي مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشتەك بىر ئويغىنىش دولقۇنى بەرپا قىلىشتا بۇ تېلېۋىزىيە بەدىئىي

فىلىمى مۇھىم جامائەت پىكرى قورالى بولۇش رولىنى ئوينىدى.

ئۇ 1994-يىلى غۇلجا شەھەرلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىگە يۆتكەلگەن بولسىمۇ لېكىن مائارىپتىن زادىلا مېھرىنى ئۈزەلمىدى. شۇڭا ئۇ مائارىپ سېپىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپمۇ مىللىي مائارىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلغىلى بولىدىغان بىر يولنى ئىزدىدى. ئاخىرى مىللەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان ياش تىجارەتچىلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ئۇلارنى تەربىيىلەپ، يېتەكلەپ، ئابلىمىت ھاجىمدەك بىر بايراقنى تىكلەشكە مۇيەسسەر بولدى. ئاندىن باشقىلارنى ئابلىمىت ھاجىمدەك مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلەرنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. فوند جەمئىيىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن ياش تىجارەتچى تاشپولات 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ غۇلجا شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. كەينىدىنلا نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر يېتىملار مەكتىپىنىڭ بىخى يېتىلدى. ئابدۇۋەلى بۇ يۇمران مايسىنىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۆلىدى، پەرۋىش قىلدى، ئاسرىدى. بولۇپمۇ يېتىملار مەكتىپىگە يەر ئېلىش، مەكتەپنىڭ كۆلىمىنى، قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەش، پىلانلاش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرتاي ھاجىمغا يۆلەنچۈك، مەسلىھەتچى ھەم مەدەتكار بولدى.

ئابدۇۋەلى مۇقىيت مىللىي مائارىپنى قوللاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەككە تىجارەتچىلەرگە ئۆز قەلبىنى تاپشۇرالىغاندىلا، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغىغىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تەلەپ، مەقسەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەر دائىم دېگۈدەك بەزى پەرقلەر ساقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى روشەن ھېس قىلدى. بۇ پەرقنى قانداق قىلغاندا ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتقىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمەت بىلەن يەككە تىجارەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولى تىجارەتچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ھۆكۈمەتكە بىلدۈرۈش، فوند جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىنى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە تۈپ سىياسىتى بويىچە تۈزۈش، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش تەرتىپى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ھالقىلىق مەسىلىلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى.

غۇلجا شەھەرلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان بۇ نوپۇزلۇق مائارىپچى ماڭا مۇنداق دېدى: «خالىس فوندى جەمئىيىتى بىلەن نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر يېتىملار مەكتىپىنى قۇرۇشتىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر نۇقتا شۇكى، بۇنىڭدا مىللىتىمىزنىڭ مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. چۈنكى بىر يېتىملار مەكتىپى، بىر فوند جەمئىيىتى ئارقىلىق پۈتۈن مىللەتنىڭ مائارىپ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر نۇرغۇن ئادەم مىللەت ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلغان پىداكارلىرىمىزدىن تەسىرلىنىپ ھەرىكەتكە كەلسە بۇ باشقا گەپ. بىز مۇشۇ مەقسەتكە يېتەلىسەك تازىمۇ ھاردۇقىمىز چىققان بولاتتى».

شۇ كۈنى ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا ئابلىمىت ھاجىم خالىس بىلەن نۇرتاي ھاجىممۇ بار ئىكەن. غۇلجا مىللىي مائارىپىنىڭ تارىخىغا ئاجايىپ ئېسىل سەھىپىلەرنى قوشۇۋاتقان بۇ ئۈچ ئەزىمەتنى بىر يەردە كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلاندىم. ئۇلار كۆزۈمگە گويا ئەجدادلار ياندۇرغان مەرىپەت مەشئىلىنى قولدىن چۈشۈرمەي، سەپنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان پىداكار سەركەردىلەردەك تولىمۇ جاسارەتلىك كۆرۈندى.

**ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىي ئاخبارات**
**تەتقىقات جەمئىيىتى باشقۇرغان سەھىپە**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەلۋىدا، ئۆتكۈر ئاكا!

(ئەسلىمە)

**گۈلنۇر تۇرسۇنبەگ**

ئادەم ئۆمرىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەستە ساقلايدۇ. ئەستە ساقلىنىدىغان ئاشۇ ئەستىلىكلەر ئارىسىدا، بالىلىقتىكى غۇبارسىز كۆڭۈل خاتىرىلىرىنىڭ تۈنجى بەتلىرىگە يېزىلغان ئىشلار گويا «تاشقا مۆھۈر باسقاندەك» مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدۇ. مېنىڭ ئاشۇ بالىلىقتىكى مەسۇم كۆڭۈل خاتىرىلىرىمنىڭ تۈنجى بېتىگە ئۆتكۈر ئاكىنىڭ مۇبارەك نامى، يارقىن ئوبرازى سىڭگەن بولۇپ، گەرچە ئۇ بەختكە قارشى ۋاقىتسىز قازا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نۇرلۇق سىماسى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ، يېقىملىق ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدۇ.

ھازىرمۇ ئېنىق ئېسىمدە: 1984-يىلى يازدا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلى بىرلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قەشقەردە ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى. يىغىن ئاتام تۇرسۇنبەگ ئىبراھىمغىمۇ چاقىرىق قەغىزى ئەۋەتكەن بولۇپ، گەرچە ئۇ چاغدا مەن تېخى ئاران ئالتە ياشلاردا بولسامۇ، ئاتام ئەزەلدىن ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەچكە، «يىغىنغا ئاتاقلىق يازغۇچى-شائىرلىرىمىز، ئالىم، ئەدىبلىرىمىز كېلىدۇ، بېرىپ كۆرۈۋالسۇن، ھازىر بىلىپ يەتمىسىمۇ بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى كېيىن چۈشىنىدۇ...» دەپ مېنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ باردى. ئاتامنىڭ نىيىتىنى گويا يىغىن باشقۇرغۇچىلىرىمۇ بىلگەندەك، تەلىيىمىزگە بىزنى ئۆتكۈر ئاكا بىلەن بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇردى. شۇ كۈنى مەن بالدۇرلا ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەتىگىنى ئويغانسام ئۆتكۈر ئاكا ئاتامغا:

— ئاخشام بۇ قىزچاقنى كۆرۈپ كېچىچە يىغلاپ ئاۋارە قىلارمۇ دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. غەلۋىسى يوق ياخشى قىز ئىكەن، — دەۋاتقانىكەن. ئۇ مېنىڭ ئويغانغىنىمنى كۆرۈپ:

— كېلىڭ قىزىم، كېلىڭ، يۈز-كۆزىڭىزنى يۇيۇپ شاپتۇل يەڭ، — دەپ تومپۇچكا ئۈستىدىكى لېگەنگە تىزىلغان شاپتۇللارنى كۆرسەتتى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۈز-كۆزۈمنى يۇيۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇ مەي باغلاپ پىشقان شاپتۇللاردىن ئىككىنى ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ھەممەيلەن يىغىنغا كىرىشتى. مەن ياتاقتا يالغۇز قالدىم. ياتاق بىلەن يىغىن زالىنىڭ ئارىلىقى يېقىن ئىدى. يىغىن زالىدىكى گەپ-سۆزلەر ۋە ئارىلاپ-ئارىلاپ چېلىنىپ تۇرغان چاۋاكلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن كىشىلەر كۆپ ئاڭلىغان بۇ مەشھۇر شەھەر قەشقەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەنلىكىم ئۈچۈنمىكىن، خۇشاللىقتا ئۆزۈمچە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كېتىپتىمەن. بىركەمدە يىغىندىكىلەر بىرنەچچە مىنۇتلۇق ئارام ئېلىشقا چىقىشتى. ئۇلارنى كۆرۈپ ئىزا تارتىپ توختىۋالدىم. بىرنەچچەيلەن قايتا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. مەن بۇ چوڭلار ئارىسىدا ناتونۇشلۇقتىن يېتىرقاپ، ئاتامنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدىم.

— كېلىڭ قىزىم، كېلىڭ، — دېدى ئۆتكۈر ئاكا بېشىمنى سىلاپ، — سىز دېگەن دولان قىزى. ۋۇجۇدىڭىزدا ئامانىساخانىنىڭ قېنى بار. قېنى بىزگە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىڭ!...

ئەتراپىمدىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئۆتكۈر ئاكا ماڭا بىردىنبىر تونۇش تۇيۇلغان بولسا كېرەك، بايىقى

ناتونۇشلۇق ھېسلىرى يوقاپ كەتكەندەك بولدى. مەن توختىتۇالىغان ناخشامنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناپ بەردىم.

يىغىن داۋامىدا ئۆتكۈر ئاكىنىڭ قايسى مەزمۇندا قانداق سۆزلىگەنلىرى ماڭا قاراڭغۇ. پەقەت يىغىن ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئۆتكۈر ئاكىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاۋاتقانلىقىنى؛ كەچلەردە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ياتاققا كىرىپ، ئۆزلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىغان مەسىلىلەرنى ئۆتكۈر ئاكىدىن سوراپ قايىل قىلارلىق جاۋابقا ئېرىشىپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى؛ يېتىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆتكۈر ئاكىنىڭ ئاتامغا نۇرغۇن مەسىلىلەرنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى غۇۋا ئەسكە ئالالايمەن. ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇنداق ئۈچ ئىشنى مەن تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان كېيىنكى كۈنلەردە ئاتامنىڭ ھاجى ئەخمەت، تاھىر تالىپ، تۇرسۇن نىياز، ئەختەم ئۆمەر قاتارلىق قەلەمكەش ئۇستاز، دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن داستىخان ئۈستىدە قىلىشقان پاراڭلىرىنى قايتا ئەسكە ئېلىپ، ئەينى چاغدىكى بەزىبىر غۇۋا ئەسلىمىلەرنى تولۇقلىۋالدىم. ئۇلارنىڭ بىرى — ئۆتكۈر ئاكىنىڭ تەخەللۇس ھەققىدە ئېيتقانلىرى بولۇپ ئاتامغا مۇنداق دېگەنىدى:

— سىز ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان دولانلىقلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنسىز. «دولانى» دېگەن سۆزنى سىزگە ھەدىيە قىلاي، ئۇ سىزنىڭ تەخەللۇسىڭىز بولۇپ قالسۇن. «ئۆتكۈر» دېگەن تەخەللۇسنىمۇ ئەينى يىللاردا ماڭا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەدىيە قىلغان. مەن لۇتپۇللاغا «ئۆركەش» دېگەن تەخەللۇسنى ھەدىيە قىلغانىدىم. كېيىن شېئىرلىرىدا مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «قايىنام» دېگەن سۆز قېتىلىپ «قايىنام ئۆركىشى» بولۇپ ئۆزلىشىپ كەتتى. بىز ئۇيغۇرلاردا ئىسمى ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋال كۆپ كۆرۈلىدۇ، شۇڭا تەخەللۇس ئىشلەتكەن ياخشى. ئىسىم ئوخشىمىغان تەقدىردىمۇ تەخەللۇس ئىشلەتكەننىڭ زىيىنى يوق. چۈنكى ئىسىم ئاسان ئەستە تۇرمايدۇ، ئىسمىغا قارىغاندا تەخەللۇسنى ئەستە قالدۇرۇش ئوڭاي. ئۇنىڭدىن باشقا، تەخەللۇسنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى — شېئىر مىسرالىرىدا تەخەللۇسنى ئاشۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنىغا سىڭدۈرۈپ مىسرالارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ. بۇ شېئىر ناۋادا ئاھاڭغا سېلىنىپ ناخشا قىلىپ ئوقۇلسا، ئاشۇ ناخشىنى ئاڭلاۋاتقان كىشى ناخشىچىدىن ئۇنىڭ تېكىستى كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئاتايىن سوراپ يۈرمىسىمۇ، مىسرالارغا سىڭىپ كەتكەن تەخەللۇستىن ئاپتورنى دەرھال بىلىۋالالايدۇ. بىزگە مول ئەدەبىي مىسرالارنى قالدۇرۇپ كەتكەن كلاسسىكلىرىمىز ئەنە شۇ ئۇسۇلنى قوللانغان. مىسال ئۈچۈن ئون ئىككى مۇقام ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ باقساق، ئۇنىڭ تېكىستىنىڭ ناۋائىي، زەلىلى، نەۋبىتى ۋە مەشرەپ قاتارلىق كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. تەخەللۇس مەسىلىسىدە بىزدە مۇنداق ئىككى خىل خاھىش مەۋجۇت: بىرى، تەخەللۇسنى ياقتۇرماسلىق، ھەتتا تەخەللۇس قويۇش — ئاتىسىدىن ۋاز كەچكەنلىك دەپ قاراش. ئەمەلىيەتتە تەخەللۇس بىلەن ئىسىم رولى جەھەتتە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئۇقۇم. ئىسىمنى بىر ئادەمنىڭ تاشقى جەھەتتىكى جىسمانىي ۋە ئىجتىمائىي ئوبرازىنىڭ ماددىي تەبىرى دېسەك، تەخەللۇس ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تەئەللۇق بولغان غايىبىي ئوبرازىنىڭ سىمۋوللاشقان مەنىۋى تەبىرىدۇر. مەنىۋى پائالىيەتلەر كۆپىنچە قەلەم ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدىغان بولغاچقا، خەنزۇچىدا تەخەللۇسنى «بىمىڭ» يەنى قەلەم ئىسمى دەپ ئاتايدۇ. دېمەك، تەخەللۇس دېگەن بۇ ئۇقۇمنى خەنزۇلار قوبۇل قىلغان چاغلاردىلا ئۇنى ئادەم ئىسمىدىن پەرقلەندۈرۈپ ئىككىسىنىڭ رولىنى ئايرىغان. بۇ نۇقتا شۇنداق ئېنىق تۇرۇقلۇق يەنە ئىككىسىنىڭ رولىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ «تەخەللۇس قويۇش ئاتىسىدىن ۋاز كەچكەنلىك» دەپ يۈرۈش تولىمۇ بىمەنىلىك. بىزدە 18 مىڭ ئالەمنى ئۆزىنىڭ رايى بىلەن ئۆلچەيدىغان، ئىلمىيلىكتىن تولىمۇ يىراق بولغان كۆزقاراشلىرىنى باشقىلارغا زورلاپ تېڭىپ تۇرۇۋالىدىغان،

ھەتتا خەلقنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغىمۇ ئارىلاشمىسا كۆڭلى تىنمايدىغان ناچار ئادەت بار. ئىككىنچى خىل خاھىش — تەخەللۇسقا مەستانە بولۇپ كېتىپ، شەرت-شارائىت بىلەن كارى بولماي ھە دېسىلا غەلىتە، يوغان سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىۋېلىپ كېيىن ئۇنىڭ ئاستىدىن قوپالماي يېتىش. بۇ خىل خاھىش ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان ياشلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەن بۇ گېپىم ئارقىلىق ھەرگىزمۇ ياشلارنىڭ تەخەللۇس قويۇشىنى تەنقىد قىلماقچى ئەمەسمەن. تېخى بايا دېگىنىمدەك تەخەللۇس قويۇشنى تەشەببۇس قىلىمەن. ئەمما ھەممە ئىشنىڭ ئۆز يولى، ئۆز قانۇنىيىتى بولىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت ياشلىرىمىز ئويلىغاندەك ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس. ھەتتا لۇشۇنمۇ بىر ئۆمۈر بېزىقچىلىق قىلغاندىن كېيىن، بالا-چاقىلىرىغا قالدۇرغان ۋەسىيىتىدە «ھەرگىزمۇ ئەدىب بولۇپ قالماڭلار» دېگەن قۇرلارنى يازغان. دېمەكچىمەنكى، باشتا ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا كىرىپ، كېيىن ئاستا-ئاستا سوۋۇپ قالغانلارمۇ ئازمۇ؟ شۇڭا ئاۋۋال ئۆزىمىزنى ئوبدان دەڭسەپ بېقىپ، تاللىغان يولدا ئاز-تولا مېڭىپ كۆرۈپ بېقىپ، شەرت-شارائىت ھازىرلانغاندا ئاندىن تەخەللۇس قويساقمۇ كېچىكمەيمىز. ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا كىرە-كىرمەيلا، ئاۋۋال تازا يوغان تەخەللۇسلارنى قويۇۋېلىپ، كېيىن بىردىن ئۇ يولنى تاشلاپ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يوقاپ كەتسە، بۇ خۇددى «قالپاقتا چۇشلۇق قىرغىز يوق» دېگەنىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالىدۇ. ئۆتكەندە نەدە بىر يەردە «ئوتتۇرا سەھرايى» دېگەن سۆزنىڭ تەخەللۇس قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم. تەخەللۇس تەخەللۇستەك بولغىنى ياخشى. تەخەللۇسنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، گويا تەخەللۇس ئالۋۇڭى كەلگەندەك دورامچىلىق بىلەن تەخەللۇس قويۇپ نېمە كەپتۇ؟ مىسال ئۈچۈن «ئوتتۇرا سەھرايى» دېگەن سۆزنى تەخەللۇس ئورنىدا بىرەر ئەسەر ماۋزۇسى ئاستىغا يازسا، كۆرگەن ئادەمگە قانداق تۇيغۇ بېرەر؟ خۇلاسە قىلغاندا، تەخەللۇسنى ياقتۇرماسلىق بىلەن تەخەللۇسقا مەستانە بولۇپ كېتىشنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىلمىي ئۇسۇل ئەمەس. شۇڭا بىز ئۈچۈن ھەم تەخەللۇس مەنىسى بولۇپ قېلىشتىن، ھەم تەخەللۇسنى چەتكە ساقلىنىشقا توغرا كېلىدۇ...

كېيىن مەن ئاتامدىن نېمە ئۈچۈن ئۆتكۈر ئاكا ھەدىيە قىلغان «دولانى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانمىغانلىقىنى سورىسام، ئاتام دولان دىيارىدىكى، شۇنداقلا ئەسلىدە دولان دىيارىدىن بولۇپ ھازىر باشقا جايلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان بىرقانچە قەلەمداشلىرىنىڭ دەل ئاشۇ تەخەللۇسقا قىزىقىدىغانلىقىنى ھەتتا ئاشۇ تەخەللۇستا ئەسەر ئېلان قىلىۋاتقانلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتقانىدى.

مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان كېيىنكى كۈنلەردە ئاتامنىڭ قەلەمداش دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن داستىخان ئۈستىدە قىلىشقان پاراڭلىرىدىن قايتا ئەسكە ئېلىپ تولۇقلىۋالغان ئىككىنچى ئەسلىمە — ئۆتكۈر ئاكىنىڭ ئانا تىل ھەققىدە ئېيتقانلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئېسىمدە قېلىشىچە ئەينى چاغدىكى يىغىن داۋامىدا (1984-يىلى - ياز) ئۆتكۈر ئاكا «قەشقەر ھەققىدە ئىككى غەزەل» ماۋزۇلۇق ئالقىشقا سازاۋەر شېئىرىنى يازغان. ئاشۇ شېئىرلارنىڭ بىرى بولسا كېرەك، بىر كۈنى يىغىن ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇستا مۇھەممەت رەھىم ئاكىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئۆزلىرى ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەخەسسىسى، بۇ غەزەلنى بىر كۆرۈپ چىقىپ سىلىقدالمىغان جايلىرى بولسا بىر رەندە سېلىۋەتكەن بولسىلا، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن غەزەلدىكى ئايرىم سۆزلەرنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، ئانا تىل مەسىلىسى كېلىپ چىقتى، ئۆتكۈر ئاكا ئانا تىل مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى:

— بىر ئادەمنىڭ، جۈملىدىن بىر مىللەتنىڭ ھاياتىدا ئانا تىل بەكمۇ مۇھىم ئىكەن، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئانا تىلنى ھەتتا جاندىنمۇ ئەزىز دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. نەزەرىيىۋى گەپلەرنى قويۇپ تۇرۇپ ئەمەلىي مىسال ئالساق، ئالدىنقى يىگىرمە ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، تۈركىيە ئانا تىلنى ساپلاشتۇرۇش بويىچە كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت قوزغاپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەرەب، پارس ۋە باشقا تىللاردىن كىرىپ قالغان سۆز-ئىبارىلەرنى ئەسلى ئانا تىل بويىچە قوللىنىشنى بىر دولقۇنغا كۆتۈردى. ئاشۇ يىللاردا قەشقەرلىق بىر ھاجى تۈركىيگە تۇغقان يوقلاپ بارغان بولۇپ، قايتىشىدا مۇنداق بىر ئىشقا دۇچ كەلگەن: ئۇ پاراخوت پالۇبىسىدا دېڭىزنى تاماشا قىلىۋېتىپ، يىراقتىكى ھەربىي پاراخوتلارنىڭ مەشىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەمدە تازا ئاڭقىرالماي يېنىدىكى بىر تۈركىيلىك ياشتىن: «ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىغان. تۈركىيلىك ياش: «ھەدەف ئاتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ چاغدا تۈركلەر قارىغا ئېتىشنى ئەرەبچە قوللىنىۋالغان بولۇپ، «قارا، نىشان» مەنىسىدىكى «ھەدەف» ئىبارىسىنىڭ ئورنىغا تېخى تۈركچە سۆز تېپىلمىغانىكەن. قەشقەرلىق ھاجىم ھەربىي پاراخوتچىلەرنىڭ قارىغا ئېتىپ مەشىق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، ئانا تىلىدا **«ھە، ئۇلار قارىغا ئېتىۋېتىپتۇ-دە!» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى تۈركىيلىك ياش دەرھال** يانچۇقىدىن قەلەم-خاتىرە ئېلىپ «قارىغا ئېتىش» دېگەن قەدىمكى تۈركچە سۆزنى ھەمدە قەشقەرلىق ھاجىمنىڭ ئىسىم-ئادرېسىنى خاتىرىلىۋالغان، شۇنداقلا ھاجىمنى سۈرەتكە تارتىپ كۆپ رەھمەت ئېيتقان. ئەسلىدە تۈركىيلىك بۇ ياش ئىستانبۇلدىكى بىر گېزىتنىڭ مۇخبىرى بولۇپ، ئەرەبچە قوللىنىپ كېلىۋاتقان «ھەدەف» سۆزىنىڭ قەدىمكى تۈركچە «قارا» دېيىلىدىغانلىقىنى، بۇ سۆزنى قەشقەرلىق ھاجىمدىن ئۆگەنگىنىنى مەخسۇس ماقالە قىلىپ يېزىپ، گېزىتكە ھاجىمنىڭ سۈرىتى بىلەن بەرگەن ھەمدە ھاجىمغا ئاشۇ سان گېزىت بىلەن بىرمۇنچە پۇل ئەۋەتىپ تەشەككۈر ئېيتقان. (گەرچە ج خ ئورۇنلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، دەسلەپتە ھاجىمنى تۈركىيە ئىشپىيونى دەپ گۇمان قىلىپ بىر مەزگىل قاماپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن گېزىتتىكى ماقالىنى ماڭا تەرجىمە قىلدۇرۇپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ھاجىم قويۇپ بېرىلگەن.) يالغۇز تۈركىيىلا ئەمەس، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەت، ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆز ئانا تىلىنىڭ ساپلىقىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ۋەھالەنكى، بىز تا بۈگۈنگىچە بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتمىدۇق. ئۆز ئانا تىلىمىزدا شۇنچىلا گۈزەل، پاساھەتلىك سۆز-ئىبارىلەر تۇرۇپ، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئورنىغا ئاڭلىق ھەم ئاڭسىز رەۋىشتە خەقنىڭ سۆز-ئىبارىلىرىنى ئىشلىتىۋق. ئۆزىمىزدە بولمىسىمۇ كاشكى، بار تۇرۇپ، بولغاندىمۇ خەقنىڭكىدىن ياخشىراقى بار تۇرۇپ ئۆزىمىزنىڭكىنى تاشلىۋېتىپ خەقنىڭكىنى ئىشلىتىش بىلسەك بىز ئۈچۈن ئۇيات ئىدى، ئاۋام خەلق ئۈچۈنغۇ تەلەپنى ئۇنچىلا يۇقىرى قويغىلى بولمايدۇ، ئەمما بىزدەك قەلەم بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ھەتتا مۇشۇ يىغىنغا قاتنىشىۋاتقانلارمۇ «چوكا» نى «كويزا»، «مۇچ» نى «لازا»، «ئورۇندۇق» نى «جوزا» دەۋاتىمىز. مېنىڭچە ھازىرقى شارائىتتا بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا قانداق پوزىتسىيىدە بولغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي بىلىم دەرىجىسىنى پەرقلەندۈرگىلى، ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلىتىگە باھا بەرگىلى بولىدۇ...

ئۈچىنچى ئەسلىمە گەرچە ئۆتكۈر ئاكا بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشتىن ئەمەس، بەلكى ئاتام ئۆتكۈر ئاكىنىڭ بىر قېتىملىق لېكسىيىسىنى خاتىرىۋالغان خاتىرە ئارقىلىق ھاسىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مېنىڭ قەلبىمدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

1993-يىلى ئەتىيازدا، ئاتام «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىزگە يىغىندا ئۆتكۈر ئاكىنىڭ لېكسىيە سۆزلىگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ لېكسىيىدىن قالدۇرغان خاتىرىسىنى كۆرۈپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۆتكۈر ئاكا «كلاسسىك ئەدەبىياتقا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا سۆزلىگەن. بۇ لېكسىيىدە، ئوقۇرمەنلىرىمىز تېخى تولۇق كۆرۈپ ھوزۇرلىنىش شارائىتىغا ئېرىشىپ بولالمىغان كلاسسىكلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن چوڭقۇر پەلسەپەۋى پىكىرگە ئىگە ئاجايىپ نادىر شېئىرلىرىدىن ئەمەلىي مىسال ئېلىپ، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان پارلاق مەدەنىيەتكە يۇقىرى باھا بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىنى ئىنتايىن

قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئەتراپلىق شەرھلىگەن. لېكسىيىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئاخىردا ھاياجان بىلەن مۇنۇلارنى ئېيتقان:

— يېقىندىن بۇيان يەھۇدىيلارنىڭ بىر ھېكمەتلىك سۆزى ھەمىشە يادىمغا كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بولسىمۇ «مەن — مەندۇرمەن، مەن بولۇشتىن ئىلگىرى يەھۇدىيدۇرمەن» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى ئويلىغانسىرى يەھۇدىيلارنىڭ بۈگۈنكىدەك قۇدرەت تېپىشىدىكى سىرنى كۆرۈپ يەتكەندەك بولدۇم. بۇ بىر جۈملە سۆز گەرچە قارىماققا ئاددىيلا بىر جۈملىدىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھەربىر شەخس بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى مۇجەسسەملەنگەن، ھەربىر يەھۇدىينىڭ پۈتۈن مىللەت ئالدىدىكى يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى نامايان قىلىنغان. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئاشۇ بىر جۈملە سۆز گويا ئورتاق ئېتىقاد مىزانىغا ئايلىنىپ، پۈتۈن يەھۇدىيلارنىڭ روھىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. بىزدە ئاشۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەر يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار. بىز ھازىرقى شارائىتتا گەرچە يەھۇدىيلاردىن، ياپونلاردىن، ئىنگلىزلاردىنلا ئەمەس، مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى باشقا بىرمۇنچە قېرىنداش خەلقلەردىن كۆپ ئارقىدا قالغان بولساقمۇ، لېكىن ھېكمەتلىك سۆزلەر، جۈملىدىن ماقال-تەمسىللەر بابىدا باشقىلارنى بېسىپ چۈشكىدەك بايلىققا ئىگىمىز. ئەمما گەپ پەقەت بايلىقنىڭ بولۇش-بولماسلىقى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرگە باي بولۇش-بولماسلىقتىلا ئەمەس. مۇھىمى ئاشۇ خاسىيەتلىك ھېكمەتلىك سۆزلەرگە ئەمەل قىلىش-قىلماسلىقتا. ناھايىتى ئېنىقكى، بىزدە قىممەتلىك ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئەجدادلىرىمىز سۆزىگە ئەمەل قىلىدىغان، بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرىدىغان مەرد-مەردانە خەلق ئىدى. قاچان، كىملەردىن يۇقتى، بىز گەپنىڭ چىرايلىقىنى قىلىپ ئەمەل قىلمايدىغان بولۇۋالدۇق. مەن ئويلايمەنكى، ناۋادا يەھۇدىيلاردىكى ئاشۇ ھېكمەتلىك سۆز بىزنىڭ بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئاغزىمىزدا ئۇنى كۆنىگىچە قېتىم تەكرارلىساقمۇ، لېكىن ئەمەلىيىتىمىز «مەن ئۇيغۇردۇرمەن، ئۇيغۇر بولۇشتىن ئىلگىرى مەندۇرمەن!» دېگەندىن ئىبارەت بولغان بۇ [illegible] ھازىرقى ئەمەلىيىتىمىزمۇ دەل شۇنداق بولۇۋاتامدۇ؟ باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، كوچىلاردىكى مەست بولۇپ قۇسۇق ئىچىدە يېتىپ كەتكەن ئۇيغۇرلىرىمىز، ناۋادا بىرەر قېرىندىشى كېلىپ كۆيۈنۈپ تەربىيە قىلسا «سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ ھاراق ئىچىش ئۆزۈمنىڭ ئىشى!» دېمەي قالمايدۇ. ئەمما ئۇنى كۆرگەن باشقا مىللەت كىشىلىرى: «ئۇيغۇر دېگەن ئاشۇنداق خەق...» دەيدۇ، دېمەك، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدە تېخى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق. بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئاشۇ ئائىلىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمىسا ئېنىقكى ئۇ ئائىلە راۋاج تاپالمايدۇ. بىر مىللەت ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق. بۇلارنى ئويلىسام بەكمۇ ئېچىنىمەن. كۆڭلۈمدە نۇرغۇن-نۇرغۇن ياخشى ئارزۇ-ئارمانلىرىم بار، ئەمما ئۆمرۈم مەنزىلى بارغانسېرى قىسقىراۋاتىدۇ، ئەمدى ئۈمىد سىلەر ياشلاردا قالدى...

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكۈر ئاكا بىلەن مەيلى بىۋاسىتە، مەيلى ۋاستىلىق بولسۇن، ئۇچرىشىش شەرىپىگە ئېرىشەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن تەۋرۈك ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ئوتلۇق شېئىرلىرىغا ئىشلەنگەن ناخشىلارنى ئاڭلاپ ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئېشىپ باردى. بۇ جەرياندا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ھەر بىر مىللەتنىڭ، ھەر بىر خەلقنىڭ ھەممە ئادەم چىن دىلىدىن ھۆرمەت قىلىدىغان مۆتىۋەر كىشىلىرى بولىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى قانداقتۇر ئۇنىڭ سالاپەتلىك بولۇشى ياكى ھوقۇقى بارلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ھەممە ئادەم ئۆز غېمى بىلەن ياشايدىغان بۇ پانىي ئالەمدە ئۇلارنىڭ ئۆز غېمىنى قويۇپ ئاشۇ مىللەت، ئاشۇ خەلقنىڭ غېمىنى يېگەنلىكىدىن ئىكەن. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆتكۈر ئاكا ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارماق بىلەن سانىلىدىغان ئالىمىمىز بولۇپ، خەلقىمىز ئۈچۈن ھازىرقى شارائىتتا كەم بولسا بولمايدىغان ئادەم ئىدى. ئەپسۇس، شۇم ئەجەل ئۇنى ئارىمىزدىن ۋاقىتسىز ئايىردى.

ئەلۋىدا، ئۆتكۈر ئاكا!

# «سالغا تېشى» ھەققىدە

**مۇھەررىردىن:** زامانىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۈنسايىن روناق تېپىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان نادىر، ياخشى ئەسەرلەر تۈركۈم-تۈركۈملەپ مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ئوبزورچىلىرىمىز نەچچە يىللاپ ساپ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ بۇ ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەدىبلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنى سۈكۈت بىلەنلا دەپنە قىلىۋاتىدۇ. ئەسەرلەر ھەققىدە ۋاقتىدا بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش ئەلۋەتتە ئەسەر بىلەن كىتابخان ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا تۈرتكە بولالايدۇ. شۇڭا بىز بىرەر ئوبزورچىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ بىر نېمە دېيىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋەرمەي، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۇرغۇنلۇق ھالىتىنى ئاز-تولا بولسىمۇ ئۆزگەرتىشكە ياردىمى تېگەر دېگەن مەقسەتتە، ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان يۈرۈش خاراكتېرلىك ئەسەرلەر ھەققىدە قەرەللىك ھالدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرۇشنى لايىق تېپىپ، دەسلەپكى قەدەمدە شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ «سالغا تېشى» ناملىق بىرىك شېئىرىنى ئون نەچچە شائىر ۋە ئوبزورچىلارنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويغانىدۇق. تۆۋەندە بىز بۇ شېئىر ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئەينەن خاتىرىسىنى كەڭ كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنىمىز.

ۋاقتى: 1995-يىل 24-نويابىر چۈشتىن كېيىن.

ئورنى: شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى يىغىن زالى.

قاتناشقۇچىلار: بوغدا ئابدۇللا، ئىمىن ئەخمىدى، ئابلىكىم خېۋىر، ئەخمەت ئىمىن، مۇختەر مەخسۇت، ئابدۇقادىر جالالىدىن، پەرھات ئىلياس، ئادىل تۇنىياز، ئەركىن ئىبراھىم، باتۇر روزى، ھەبىبۇللا رېقىپ، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، پولات ھېۋزۇللا.

خاتىرىلىگۈچى ۋە رەتلىگۈچىلەر: ئەركىن نۇر، سالامەت ھاشىم، ئىسمايىل قاسىم.

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** بىز پات-پات «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ھەققىدە بەزى سەلبىي ۋە ئىجابىي پىكىرلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بەزىبىر ياخشى ئەسەرلەر ھەققىدە ئىنكاس بولمايمۇ قالدى. ئۆزۈندىن بۇيان ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ياخشى ئەسەرلەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بىرەر يىغىن ئۆتكۈزەيلى دەپ كەلگەنىدۇق. بۈگۈن يولداش بوغدا ئابدۇللانىڭ «سالغا تېشى» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يىغىلدۇق. بۇ ئەسەرنى ھەممىمىزنىڭ تېپىپ ئوقۇپ چىقالىغان بولۇشىمىز ناتايىن. شۇڭا ئالدى بىلەن ئارىمىزدىن بىرسى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئۆتسە.

**ئەركىن ئىبراھىم:** (شېئىرنى تەمكىن ھەم ئازادە كەيپىياتتا دېكلاماتسىيە قىلىپ چىقتى)

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** ئارقىدىن بىر نېمە دېمەي، مۇشۇ يەردە، ئاپتورنىڭ ئالدىدا يۈز-تۇرانە بىرنېمە دەيلى. يا ماختايلى، يا سۆكەيلى، ئىششىلىپ قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك جىمجىت يوقاپ كېتىش ياخشى ئىش ئەمەس.

**پولات ھېۋزۇللا:** بەزى ئەسەرلەر ۋاقىتنىڭ زىچلىقى تۈپەيلى ئوقۇلماي ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. خەنزۇچە چىقىدىغان «ئەدەبىيات ھەققىدە ئەركىن پاراڭلار» ناملىق بىر ژۇرنال بار، بۇ ژۇرنالدا مۇھاكىمە قىلىنغان بەزى ئەسەرلەر پۈتكۈل جۇڭگو مىقياسىدا ھەرقايسى قاتلام كىتابخانلىرى

تەرەپىدىن كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىندى. دېمەك، ئىلمىي مۇھاكىمىنىڭ رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. بىز بۇرۇن ئۇبزورچىلارنىڭ ئېغىزىغىلا قاراپ، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسكار بولۇشىنى كۈتۈپ كەلدۇق. بىز ياخشى ئەسەرلەرگە مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ ئەسەرلەرنى ئىلمىي يوسۇندا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئەسەر بىلەن كىتابخان ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى قىسقارتىش ئىشلىرىنى قىلالمىدۇق. بىز ئەمدى ئىككى-ئۈچ ئايدا مۇشۇنداق مۇھاكىمە ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرايلى دەپ ئويلاشتۇق. ئەمدى بوغدا ئاكام بۇ شېئىرنىڭ يېزىلىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى سۆزلەپ باقسا.

**بوغدا ئابدۇللا:** پولات ھېۋزۇللا بىرنەچچە كۈن بۇرۇن مۇشۇ ئىشنى خەۋەر قىلغان. بىراق بۇنچە تېز بولىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم.

ئۇيغۇرلار شائىر خەلق. مەن چەت ئەل شېئىرلىرىنىمۇ ئوقۇپ باقتىم، بىزنىڭ خەلق قوشاقلىرىمىز ناھايىتى ياخشى. بىزنىڭكىدەك ياخشى قوشاقلار ھېچقانداق مىللەتتە يوق. بىزنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئاساسىمىز پۇختا بولسىمۇ، شېئىرغا ئېتىبار بېرىش، شېئىرغا قىزىقىش سۇسلىشىپ كەتتى. بۇنداق بولۇشى پروزىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن بولدى. ئەسلى بۇ شېئىرنى يېزىش ئويۇم يوق ئىدى. مەرھۇم ئۆتكۈر ئەپەندى ھايات چېغىدا بىر قېتىم: «سىز ئۆز ئىدىيىڭىزنى ئىپادىلەيدىغان شېئىر يازسىڭىز بولاتتى» دېگەن تەكلىپنى بەردى. قارىسام كالتا-كالتا شېئىر يېزىپلا ئۆمرۈم ئۆتۈپتۇ، ئۆزۈمنىڭ ئىدىيىسى زادى قانداق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم.

يېقىندا جەنۇبقا دەرس ئۆتكىلى بېرىپ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادىتىنى كۆردۈم، ئاڭلىدىم. بۇنىڭ بىلەن تەكلىماكان، تارىم ھەققىدە بىرنەرسە يېزىپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. مەن بۇ شېئىرىمنى ئۈچ قېتىم يېزىپ چىقتىم. مەن بۇ شېئىرنى ھازىرقى سىياسىي رامكا تەسىرى بىلەن ئەمەس، تەبىئەتتىن ئالغان ھېس-تۇيغۇم بويىچە يازدىم دېسەم بولىدۇ. شېئىر ھەققىدە مۇشۇنچىلىكلا بىرنەرسە دەي.

**ئىمىن ئەخمىدى:** بولار ئەمدى، بىزگىمۇ شېئىرىڭىزنى سۆزلىگۈدەك گەپ قالسۇن (كۈلكە).

**ئەركىن ئىبراھىم:** بۇ، يېرىك شېئىر بوپتۇ. مەن بۇ شېئىردىن شائىر ئۆلمەيدىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم. بوغدا ئاكامنىڭ ئىلگىرىكى شېئىرلىرىغا قارىغاندا بۇ شېئىرىدا زور بۆسۈش بولغان. تىلدىكى گۈزەللىك، نەپىسلىك، نازۇكلۇق ۋە لېرىكچانلىقتىن ئىبارەت خاسلىق ساقلاپ قېلىنىش ئاساسىدا ئىچكى تىلدا يىگىلىق يارىتىلغان. بۇ شېئىردا ئادەمنىڭ تەبىئەتكە بولغان سېغىنىشى، يېقىنلىقى ۋە ئادەمنىڭ ھايات ھەققىدىكى ئىچكى تۇيغۇلىرى مۇتەپەككۇرلارچە چوڭقۇرلۇق بىلەن يېزىلغان. بۇ شېئىردىكى سۆزلەر ئاددىي بولسىمۇ، پەقەت مۇشۇ شېئىردىلا ئەسلى مەنىسىنى تاپقاندەك ھېس قىلدىم.

بىز ياشلار مەيلى مەزمۇن، مەيلى شەكىلدە بولسۇن شېئىرىيەتتە يىڭىلىق يارىتىشقا تىرىشتۇق، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دەسلەپكى سىناقلا بولۇپ قالدى. بۇ جەھەتتە نەتىجىگە ئېرىشكۈچىلەرمۇ بولدى، بىراق بىز بۇ سىناقنى پېشۋالىرىمىزدەك ۋايىغا يەتكۈزەلمىدۇق. بوغدا ئاكا بۇ سىناقنى مۇكەممەل، ۋايىغا يەتكۈزەلىگەن. شۇڭا ھازىرقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يىڭىلىق دېيىلسە دەل مۇشۇ «سالغا تېشى»نى دېسەك بولىدۇ. قىسقىسى، مېنىڭ بۇ شېئىرغا نىسبەتەن تەسىراتىم ناھايىتى چوڭقۇر.

**ئىمىن ئەخمىدى:** بىزنىڭ «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئۇيغۇر تىلدا نەشر قىلىنىدىغان ئۈچ ئەدەبىي ژۇرنالنى ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ بەزى ئاساسلىق ژۇرناللىرىنى ھەر ساندا ئەستايىدىل كۆرۈپ شۇ ساندىن خۇلاسە چىقىرىدىغان بىر گۇرۇپپىمىز بار. ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمى بۇ ئىشنى ئۇيۇشتۇرغاندىن كېيىن بىز ھەر سان ژۇرنالدىن ئۇدۇللۇق يەكۈنلەپ جەنباۋ چىقىرىپ ماڭىمىز. ئەينى ۋاقىتتا ژۇرنال ۋاقتىدا قولىمىزغا تەگمىگەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ ئەسەر

گۈرۈپپىمىزنىڭ دىققىتىدىن ساقىت قىلىنىپتۇ. مەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى يولداشلارغا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇ ئەسەر ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىۋىدىم، ئۇلار ئەجەبلىنىپ بۇ شېئىرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى سوزلەپ بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن ھېس قىلغىنىمنى بويىچە بىرمۇ قۇر سوزلەپ بەرگەنىدىم. ئۇلار بۇ يىغىنىنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولۇشتى ھەم پات ئارىدا ئەسلىگە كېلىدىغان «مىللىي يازغۇچىلار» (خەنزۇچە ژۇرنال)غا خەنزۇچە تەرجىمە قىلىپ بېرىشكە مېنى ئۇيۇشتۇردى.

مېنىڭچە، بۇ شېئىر «تەڭرىتاغ» ئېلان قىلغان «موسكۋا خىياللىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا بىزنى ئۆزگىچە بىر مەنزىلگە يېتەكلەيدۇ. (تىزىسقا قاراپ:)

مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئالەم ئىگىسى ئادەملەرنى لايدىن يۇغۇرۇپ ياسىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مىدىر-سىدىر قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ كۆكتە ئۇچۇپ يۈرگەن پەرىشتىلەرگە بىر ئامال قىلىشنى بۇيرۇغان. پەرىشتىلەر ئالەمنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئاڭلىۋالغان سادالارنى ئادەملەرنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزگەن. شۇ چاغدا لايدىن ياسالغان بۇ ئادەملەرنىڭ جىسمىدا ئاجايىپ بىر مۆجىزە پەيدا بولغان، ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرى مىدىرلىغان، ئۇلارغا جان كىرگەن. ئەلۋەتتە ئۇلار ئۇسسۇلغا چۈشكەن، ۋارقىراپ-جارقىراپ ناخشىمۇ ئېيتقان، كېيىنچە ئۇلار يەر ۋە قىيا تاشلارغا بىرنېمىلەرنى سىزغان، يەنە كېيىنچە كەلگۈن سۇدەك يامراۋاتقان ھېسسىياتلىرىنى مىسرالارغا تىزغان.

بۇ بىر رىۋايەت، لېكىن مۇشۇ رىۋايەت تۈپەيلى ئالەم ئىگىسى پەقەت ئۈچ خىل سەنئەتنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ دېگەن گەپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. ئۇلار رەت تەرتىپى بويىچە مۇزىكا، رەسىم ۋە شېئىر. ھالبۇكى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ھەر خىل ئەدەبىيات-سەنئەت تۈرلىرى ئىچىدە پەقەت شېئىرلا «ئىلاھىيەت» دەپ قارىلىپ كەلدى، دەل مۇشۇنىڭ ئۆزىلا شېئىرنىڭ مۇقەددەس ۋە ئالىيجاناب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق بىر نۇقتىنى قەيت قىلىش كېرەك، ئىنسانلار قوغلىشىدىغان ئەڭ ئاخىرقى نىشانمۇ ئاجايىپ بىر مۇقەددەسلىك ۋە ئالىيجانابلىق. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا شېئىرغا تەلپۈنۈش مۇكەممەل ھېسسىياتقا تەلپۈنۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئەلۋەتتە مەن بۇرۇن ئېيتقاندەك شېئىر دېگەن خەتنىڭ خەنزۇچە شەكلىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇنىڭ بىرىمى «گەپ-سۆز»، يېرىمى «ئىبادەتخانا» دىن قۇرۇلغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھېچكىمگە دېمىگەن ئىچ سىرلىرىنى ئالەم ئىگىسىگە ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ سوزلەيمىش. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، شېئىر سەممىي قەلبتىن ئالەم ئىگىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىدىغان ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ ئالىيجاناب مەۋقە بولسا كېرەك. بىز ماتېرىيالىستلار، بىز ئۈچۈن پۈتۈن خەلق، پۈتۈن مىللەت ئەنە شۇ بىز دەۋاتقان ئالەم ئىگىسى. ئالەم ئىگىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى بىر مۇقەددەس، بىر ئالىيجاناب مەنزىل. بۇنى پەيلاسوپلارمۇ، ئىقتىسادشۇناسلارمۇ چۈشەندۈرەلەيدۇ. لېكىن ئۇنى ئەڭ سەممىي، ئەڭ يارقىن ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ، قان-دەريا تۆكۈلۈپ ئېيتالايدىغان ۋە چۈشەندۈرەلەيدىغانلار دەل شائىرلاردۇر.

مېنىڭ يۇقىرىدا دېگەنلىرىمنىڭ ئۆزىلا يولداش بوغدا ئابدۇللانىڭ «سالغا تېشى» ھەققىدە دېمەكچى بولغانلىرىم. چۈنكى «سالغا تېشى» يەنى بىزدىكى ئىپتىدائىي بارلىق، ئىپتىدائىي مەۋجۇتلۇق، ئىپتىدائىي ئىستىداد، دەسلەپىدىلا مۇقەددەسلىك، ئالىيجانابلىقتىن دېرەك بەرگەنىدى. ئېھتىمال يەر بىلەن ئاسماننىڭ تانابى ئۈزۈلۈپ، يەر شارى غەربكە قىڭغايغاندا سۇلار شەرققە يۆتكىلىپ، يۇلتۇز، قۇياش، قاقاسلىق، ئېگىز چوققا، پايانسىز چۆللەر غەربكە قالغان چاغدىلا، بىزگە مۇشۇ يەرنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بىر مۇقەددەس بۇرچ، ئالىيجاناب روھ يار بولغان. ئالەم ئىگىسى بىزدەك مۇقەددەسلىكنى، ئالىيجانابلىقنى كۆڭلىگە پۈككەنلەرنى، تېخىمۇ مۇقەددەس، ئالىيجاناب بىر روھنى جارى قىلدۇرسۇن دەپ بىزگە مۇشۇ يەرنى قالدۇرغان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇ زېمىن باتۇرلارنى تاۋلايدىغان پېچ، چەۋەندازلارنى يېتىشتۈرىدىغان جەڭ مەيدانىغا ئۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، دېڭىزلار قۇمنى شاللايدۇ، تارىم بورانلىرى بولسا ئادەملەرنى شاللايدۇ. ناۋادا «سالغا تېشى» بىزنى بىرنەرسىگە ئۈندەيدۇ دېيىلسە، ئۇنىڭ ئۈندەيدىغىنى قۇمنى شاللاپ ئالتۇننى تاپىدىغان دولقۇنلار، ئادەمنى شاللاپ مۇقەددەسلىكنى، ئالىيجانابلىقنى تاپىدىغان ئىنسان روھى...

شېئىر «ئىلاھىيەت» بولغانىكەن، ئالەم ئىگىسى ئىتراپ قىلىدىغان سەنئەت بولغانىكەن، ئۇنى ھازىرقى ئالەم ئىگىسى بولغان خەلق ئېتىراپ قىلىدىغان ھەقىقىي سەنئەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن «سالغا تېشى» دەك ئېتىنىڭ روھىنى ئۇنتۇمىغاندىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى ھازىرقى دەۋرنى ۋە مۇقەددەس كەلگۈسىنى ياسايدىغان رېئال مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىق لازىم. تارىخىي چۆكۈندە رېئال ھايات مۇساپىسىدە تىرمىشىۋاتقان شائىرلار قىممەت قارىشى، ئىستېتىكىلىق نەزەر ۋە ئىجادىيەت سەيناسىدا ئۆزىدىكى مۇقەددەسلىكنى، ئالىيجانابلىقنى ئاختۇرۇپ تېپىشى لازىم. شەخسىي مۇسىبەت ۋە شەخسىي مەنپەئەت بىلەنلا بولۇپ يىغلاڭغۇلۇق قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىنى قارا رامكا ئىچىدە بۇرۇختۇرۇم قىلىۋېتىدىغان مىسرالارغا ھاي بېرىش كېرەك. شائىرلاردا پەقەت «سالغا تېشى» دىكىدەك پەلسەپە قارىشى، ئىستېتىكا قارىشى ۋە مول بىلىم قارىشى بولغاندىلا، ئاندىن مىللەتنىڭ قاشاقلىقىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدىغان، ئىزچىللىقتا ئىگە قەيسەرلىكنى نامايان قىلالايدىغان مىسرالار بارلىققا كېلەلەيدۇ.

شائىرلىق دەسلەپتە كەڭ، ئاخىرىدا بىرنەچچە ئادەم ئاران سىغىدىغان بىر يول. بۇ يەردىكى سەۋەب پەقەت بىر، ئۇ بولسىمۇ مۇقەددەسلىك بىلەن ئالىيجانابلىقنىڭ يوقلىشى. مۇشۇ ئىككى نەرسە بولسىلا شائىرلىق يولى تارايمايدۇ.

بۇ مېنىڭ «سالغا تېشى» دىن ھېس قىلغانلىرىم، مېنىڭ بۇ شېئىرغا بولغان چۈشەنچەم مۇشۇنچىلىك.

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** مەن بوغدىكامنىڭ شېئىرلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. «تەڭرىتاغ» نىڭ سىناق ساندا ئېلان قىلىنغان «تاغدىكى دەريا» ناملىق بىر شېئىرنىڭ تەمى ھازىرغىچە ئېغىزىمدىن كەتمەيدۇ. لېكىن بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا بۇنداق ياخشى، تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلىرىمىز ئازلاپ كەتتى. ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيەتلىرى ۋە ئەسەر ھەققىدىكى بەس-مۇنازىرىمۇ يوقاپ كەتتى.

بوغدا ئابدۇللا ئاكا ئۇزاق مۇددەتلىك سۈكۈتتىن كېيىن «سالغا تېشى» دەك يىرىك شېئىرنى ئوتتۇرىغا ئاتتى. بۇ شېئىر شائىرنىڭ ئۆز ئىدىيىسىنى ئىپادىلەشتە قىلغان تەۋەككۈلچىلىكى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقىنى تېپىك بىر باسقۇچتا نامايان قىلىشى بوپتۇ. شائىرنىڭ ئومۇمىي ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ بىر ئىلگىرىلەش.

يېڭى شېئىرىيەت ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنىڭ باشقىلار ئېيتقاندەك، نوقۇل ياشلارغىلا مەنسۇپ ئىش بولماستىن بەلكى ئۆزىنىڭ ئىستىكى ياشاۋاتقان بوشلۇقنى ئىزدەۋاتقان ھەرقانداق بىر شائىرغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بوغدا ئابدۇللا ئاكا ئۆز شېئىرى ئارقىلىق دەلىللىدى. دەرۋەقە شېئىر ئادەملەرنىڭ ياش قورامىغا باغلىق نەرسە ئەمەس، ئۇ بىر خىل ئىچكى تېپىش كۈچى، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش.

بوغدا ئابدۇللا ئاكىنىڭ بۇ شېئىرى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيوپ قاتارلىق پېشقەدەم شائىرلارنىڭ شېئىرىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ شېئىردا يېڭى شېئىرىيەت ئېلېمېنتلىرى ناھايىتى قويۇق،

يېڭى شېئىر دېگىنىم ھەرگىزمۇ ئاتالمىش «گۇڭگا» شېئىرلار ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي، چىن مەنىدىكى شېئىر. يېڭى شېئىرىيەتچىلەر شېئىرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئەمەس ئىپادىلەش دەپ چۈشىنىدۇ. «ئىپادىلەش» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى غۇۋالىقنى ئىبغىر ئالىدۇ. ناۋادا شېئىردا غۇۋالىق بار دېيىلسە، ئۇ شېئىردىكى ماھىيەتنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى شېئىر يەتكەن ياكى يەتمەكچى بولغان يىراق بىر رېئاللىقنى كۆرسىتىدۇ. غۇۋالىق ھەققىدە كلاسسىك شائىرلىرىمىز ناۋايى•قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىدا ناھايىتى نەمۇنىلىك، ياخشى ئۆرنەكلەر بار. دېمەك غۇۋالىق بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك ئەنئەنە.

«سالغا تېشى» ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننىڭ قىممەتلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن تەكلىماكان ۋادىسىدىكى تۈرلۈك كۆرۈنۈشلەرگە ئائىت ھېسسىي ئوبرازلار (باشقىلار بۇ ئاتالغۇنى شۇنداق ئىلىۋاتىدۇ، مەنچە ئىشارە دېگەن تۈزۈك ئىدى) نى سىمفونىك رېتىم بىرلىكىدە كەلتۈرگەن.

شائىر، ئاپتور سۆزىدە شۇنداق دېگەن: «ھەر بىر كونكرېت شېئىرىي شەكىلنىڭ قانداق بولۇشى شائىر تەرىپىدىن ئەمەس، شېئىر ئوبيېكتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ». بۇ چۈشەنچىلەر ماڭا فرانسىيە ھازىرقى زامان شېئىرىيەت پېشۋاسى — سانجون پېرسىنىڭ «ئەگەر يېزىلغىنى دېڭىز ياكى شامال بولسا، شېئىر ھەيۋەتلىك ۋە كۈچلۈك رېتىمگە ئىگە بولىدۇ، ئەگەر يېزىلغىنى چاقماق بولسا شېئىر زىچ ۋە چاپسان رېتىمگە ئىگە بولىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىتىدۇ. مېنىڭچە، شائىر بوغدا ئابدۇللا ھازىرقى زامان چەت ئەل شېئىرىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە ناھايىتى پىششىق تونۇش، ھەتتا مەن شۇنداق ئېيتالايمەنكى، بۇ شېئىردا ئىپادىلەش ۋە شېئىرىي كەڭلىك يارىتىش جەھەتتە ئەنئەنىۋى خەلق قوشاقلىرى (بولۇپمۇ لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى) نىڭ ئامىللىرى بىلەن مودېرنىزملىق شېئىر ئامىللىرى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. شائىر بۇ جەھەتتە ئىسپانىيە شائىرى گارسىئا لوركاغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ شېئىر خەلق قوشاقلىرى ئامىللىرىغا ئىگە دېگىنىمدە، شېئىرىي تىل خەلق ئارىسىدا ئادەتلەشكەن تىل ئۇرامىغا، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئېغىز تىلىغا يېقىنلاشقان-دە، تەبىئىي رېتىم شەكىللەنگەن. تەسۋىرلەنگەن نەرسىلەر، سىرلىق ھادىسىلەر خەلق رايى ۋە پىسخىكىسى نۇقتىسىدىن كۆزىتىلگەن ھەم تۇتاشتۇرۇلغان.

ئۇيغۇرلار مۇستەقىل ئېتنىك مەنبە، ۋە خاس مەدەنىيەت جۇغلانمىسىغا ئىگە خەلق بولۇپ، ئۆزى ياشىغان تەبىئەت بىلەن ئىنچىل تۈردە ھېسداش، تەقدىرداش بولۇپ كەلگەن. شۇنداق ئىكەن، مۇستەقىل شېئىرىيەت تىپىنى — ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك زەنجىرى، تەبىئىي شەرت-شارائىتى، تەقدىر-قىسمىتى زېمىنىدە ئۈنگەن خاس شېئىرىيەت تىپىنى ياراتقىلى بولامدۇ-يوق؟ بىز بۇ ھەقتە ئويلىنىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى.

ئۇيغۇر تىلى تۇيغۇ ۋە پۇراققا ئەڭ باي تىل. مەسىلەن، «قۇلاققا تېتىغۇدەك گەپ قىلدى». قۇلاق ئەسلى ئاڭلاش سەزگۈ ئەزاسى، تېتىش پەقەت تىلغىلا خاس سەزگۈ. ئەمما خەلقىمىز پىسخىك كەيپىيات ئېھتىياجىدىن ئاڭلاش سەزگۈسىگە تېتىش سەزگۈسىنىمۇ يۈكلەپ، سۆزلەرنى كۆڭۈلدىكىدەك مەنە ئىپادىلەش مەقسىتىگە يەتكەن. لېكىن بۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئىپادىسى ناھايىتى ئاز بولۇۋاتىدۇ.

«سالغا تېشى» دا بۇ تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىلگەن. لېكىن مەن بۇ شېئىرنى قايتا-قايتا ئوقۇش ئارقىلىق بەزى بىر مەسىلىلەرنىمۇ ھېس قىلىپ قالدىم. بوغدا ئابدۇللا ئاكىنىڭ مۇۋاپىق تاپقاندا ئويلىشىپ كۆرۈشى ئۈچۈن بىرنەچچە نۇقتىدا تەكلىپ بەرمەكچىمەن:

شائىرنىڭ دۇنياسى خەلق ئىدىيەلىرى ۋە مېڭىلىرىدا ئەكس ئەتكەن قىممەت قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇ، قارىماققا ياخشى تەرەپ، ئەمما شۇ مېڭىلاردىكى دۇنيانى خاس بىر تەرەپ قىلىدىغان خۇسۇسىي دۇنيا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمىسمۇ بولمايدۇ.

تىلدا جانلىقلىق بولسىمۇ يەنىلا ئۇقۇملىشىش ھادىسىسى مەۋجۇت.

ئاپتور پەلسەپىۋى كەڭلىك ھەم چوڭقۇرلۇق جەھەتتە ئىزدىنىپ باققان بولسا.

ژۇرنالغا بېرىلگەن ئاپتور سۆزى ياخشى يېزىلىپتۇ. شۇغىنىسى بۇ شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى دەپ خۇلاسىلەپ، ئىدىيىنى كىتابخانلارغا ئالدىن تاپشۇرۇپ ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى بوغۇپ قويماي كىتابخانلارغا قالدۇرغان بولسا. بۇ ھەقتە ئاپتور كېيىن ئايرىم توختىلىپ ماقالە يازغان بولسا ياخشى بولاتتىكەن.

**ئادىل تۇنىياز:** (تىزىسقا قاراپ)

«...تاڭ سۈزۈلگەندە ئوغۇزخاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى. ئۇ يورۇق ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە چىقتى. بۇ بۆرە ئوغۇزخاقانغا مۇنداق دېدى: ھەي ئوغۇز، سەن ئۇرۇمغا ئەسكەر چىقارساڭ، مەن ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭىمەن... ئاندىن كېيىن ئوغۇز خاقان يەنە كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق ئەركەك بۆرە بىلەن يىراقتا يۈرۈش قىلدى. كۆپ ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشلاردىن كېيىن نۇرغۇن جايلارنى ئىشغال قىلدى...»

* كىشىلەر ئەمدى بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما قەدىمكى يىپەك يولى بويلىرىدا تولىمۇ ئاۋارە ياشاۋاتقان بۇ خەلق قۇملۇق ئاستىدىن، قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن، مىڭئۆيلەردىن پات-پات تېپىلىپ قالىدىغان بۇنداق قول يازمىلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇز ئەۋلادلىقىنى، ئۇزاق تارىختا، گۈزەل ئەپسانىلەرگە ئىگە مەدەنىي خەلق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ چەكسىز ئۈمىد ۋە خۇشاللىققا چۆمدى. شېئىرىيەت ئىلاھى لىروسنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسا ئېتىقاد ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە ئازغىنا شائىرلاردىن باشقا دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئادەملەر بۇنى پەقەت يۇنان ئەپسانىلىرىدە توقۇپ چىقىلغان نۇرغۇنلىغان ئىلاھلارنىڭ بىرى دەپ قارايدىغان بولدى. ئەپسانىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان غەرب دۇنياسىدىكى ھازىرقى زامان غەرب شېئىرىيىتى 50-60-يىللاردىكى پارلاق، سەلتەنەتلىك دەۋرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ 90-يىللارغا كەلگەندە خۇددى ئۆزىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلغان تېخنىكا جەمئىيىتىگە ئوخشاش تېخنىكا-ماھارەت پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ شېئىرنىڭ نەپىسلىكىدىن ئايرىلىپ قالدى. يىپەك يولى بويىدا بولسا سىرلىق تەكلىماكان قۇملۇقىغا قەدىمكى مەدەنىيەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن گۈزەل ئەپسانىلەر ھەممە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتىنىك رېتىم ئاساسىدا داۋاملىشىپ كېتىۋاتقان روھى پات ئارىدا دۇنياغا پارتلاش ئالدىدا تۇرغان نەپىس بىر شېئىرىيەتتىن بىشارەت بەردى. «سالغا تېشى» مانا شۇ بىشارەتلەر ئىچىدىكى بىر بىشارەتتۇر. ئەگەر قولۇمدىكى ژۇرنالدا بۇ شېئىرنىڭ ئۇيغۇر شائىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىقىلغانلىقىدەك ھەق پاكىت بولمىغان بولسا مەن ئۆزۈمنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئوكتاۋىيو.پازنىڭ «قۇياش تاش» ياكى ت.س ئېلىيوتنىڭ «چۆل» ناملىق داستانىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنى ئوقۇۋاتىمەن دەپ ئويلاپ قالغان بولاتتىم.

بۇ ئەسەر بىر سېھىر. گويا ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئىزلىرى بايقالغان ئەمما ھازىرقى رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمىغان نىيە ياكى كىرۇرەن قەدىمكى شەھەرلىرىدەك، سۆز ۋە سۆزلەرنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىدىن پەيدا بولغان، كىتابنى ياپقان ھامان غايىب بولىدىغان گۈزەل سېھىردۇر. بۇ ئەسەرگە زامان نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، شائىرنىڭ دىققەت-نەزەرى پاكلىق ۋە ئېتىقاد بىلەن سەلتەنەتلىك تۈس ئالغان قەدىمكى دەۋرگە ئاغدۇرۇلغان. ماكان جەھەتتىن ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تەبىئي كوللېكتىپلىق

ئېگى بويىچە تاللىۋېلىپ، قەدىمدىن بۇيان ياشاپ كەلگەن قۇم چۆللۈك ھەققىدە ئىزدەنگەن. كەڭلىك جەھەتتىن تەبىئەت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتلەردىن شەكىللەنگەن مەڭگۈلۈك ئەپسانە ئارقىلىق خەلقئاراغا يۈزلەنگەن. چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن مىللەتنىڭ ئېتنىك قاتلىمىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، شېئىرىي تەپەككۇر ئارقىلىق يىلتىزىمىزنى ئىزدىگەن. ئەسەردە بىزنى ئەسەرنىڭ تىلسىمىغا باشلاپ كىرىدىغان ئېنىق بىر يىپ ئۇچى يوق. پەقەت قۇم، چۆللۈك، يۇلغۇن، توغراق، ئادەم، تۆگە، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردەك پارچە-پارچە كۆرۈنۈشلەر، باش-ئاخىرى يوق ئۈزۈك ئەپسانىلەر، نوھ ئەلەيھىسسالاملارنىڭ توپان بالاسى قىسسەسىنىڭ قۇمغا ئۆزگەرگەن دېتالى ۋە تەقدىرنىڭ سالغا تېشى سۈپىتىدىكى ئىنساننىڭ قۇملۇق بويىدىكىلەرگە خاس ھايات ۋە ئۆلۈم چۈشەنچىلىرى ئىچىدىن بىز شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ مىللەتنىڭ يىلتىزىنى ئىزدىمەكچى بولغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلالايمىز. شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، يىلتىز ئىزدەش قىزغىنلىقى يالغۇز ئارخېئولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق، فولكلور تەتقىقاتى، مەدەنىيەت تەتقىقاتى، دىنشۇناسلىق قاتارلىق ئىلىم ساھەلىرىدىلا ئەمەس، 20-ئەسىردىكى ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل ئاڭ ساھەلىرىدىكى ئومۇمىي ھادىسە بولۇپ قالدى. دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك بۇ خىل تەسىر ئاستىدا شېئىرىيەتتىمۇ تۇيغۇغا، كوللېكتىپ ۋە شەخسىي يوشۇرۇن ئاڭنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان يىلتىز ئىستېتىكىسى بارلىققا كەلدى. شېئىرىيەتتىكى يىلتىز ئىزدەش توغرۇلۇق سۆزلىمەكچى بولغىنىمىزدا مېنىڭچە، 1995-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىرلاندىيىنىڭ بۈيۈك شائىرى سىماس ھېنى ( sumaes heaey ) ئەپەندىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالماي بولمايدۇ. سىماس ھېنىنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردە يازغان «كولاش»، «بىر ھاشارانشۇناسنىڭ ئۆلۈمى»، «سۇ ئىچىش»، «سازلىق»، «سۇدىكى پەرىزات» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان شېئىرلىرىدىن شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە باشتىن-ئاخىر خۇددى «كولاش» ناملىق شېئىردىكىگە ئوخشاش كولاش پىسخىكىسىنىڭ چوڭقۇر سىڭگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. شائىر شېئىرلىرىدا ئىرلاندىيىنىڭ كىچىك يەرلىك پۇراققا ئىگە تىلى ئارقىلىق ھازىردا تۇرۇپ بالىلىق ئەسلىمىلىرىنى كولايدۇ. شەھەردە تۇرۇپ راۋان قەلىمى ئارقىلىق شەھەرنىڭ بالىلىقى بولغان يېزىنى، گۈزەل تەبىئەتنى كولاپ چىقىرىدۇ. رېئاللىقنى كولاپ ئەپسانە قاتلىمىغا ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. شائىر ھېنىنىڭ پارچە-پارچە ھالەتتىكى بۇ شېئىرلىرىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ قارايدىغان بولساق بىر پۈتۈنلۈكنى، بىر سىستېمىنى، بىر ئوق يىلتىزىنى بايقايمىز. يەنى سىماس ھېنى شېئىرلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىرلاندىيىلىكلەرنىڭ ئېتنىك مەدەنىيىتى، قارائىڭغۇ تارىخى ۋە مەنىۋى يىلتىزىنى باشقا بىر يول بىلەن ئىزدەش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمىز.

شائىر بوغدا ئابدۇللامۇ ئەنە شۇنداق شېئىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىزىنى ئىزدىگۈچى. شائىر شۇنى بىلىدۇكى، قۇم بىزنىڭ يىلتىزىمىز. بىز قۇمغا يىلتىز تارتتۇق. قۇم ئۈستىدە مەدەنىيەت ياراتتۇق ھەم ئۇنى قۇمغا كۆمۈۋەتتۇق.

«سالغا تېشى» دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چەكسىز كەتكەن قۇملۇق گويا ئۆزى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىۋاتقان قەدىمكى بىر مىللەتنىڭ سۈكۈتلۈك روھى.

چوڭقۇر بىر سۈكۈت
ئۇنىڭ ئىچىدە بىر سۈزۈك تامچە،
ئۆسۈپ ئۆسكەندەك سەدەپتە
بىباھا بولىدۇ بارغانچە.

www.uyghurkitap.com

شائىر روھنىڭ بۇ سۈكۈتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بەزىدە تەرتىپتىن، ئەقلىي تەپەككۇ
سۆز بىلەن سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق باغلىنىشىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، لەيلەپ يۈرگەن روھنىڭ
مۇزىكىسىدىن باشقا ھېچنېمە يوق بىر قۇيقۇرۇق بوشلۇقتا بارلىق ئىپادىلەش مۇمكىنچىلىكلىرىدىن
تولۇق پايدىلىنىپ شېئىرنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. خۇددى شائىر سىماس ھېنىنىڭ «يېزىققا كىرگەن
ھېسسىيات» ناملىق ماقالىسىدە دېيىلگىنىگە ئوخشاش بەزىدە مىسرالار مەزمۇنىنىڭ ئەمەس،
سۆزلەرنىڭ ئۆز تەبىئىي رېتىمى ئاساسىدا داۋاملىشىپ بارىدۇ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك بۇ
ئەسەرنىڭ 6-بۆلىكىدە گەۋدىلىك بولۇپ، چۆلنىڭ تەنھالىقىغا ھەمراھ بولۇپ ئۆسكەن يېشىل
توغراق گويا ئايالنىڭ سىماسى سۈپىتىدە ئەرلەرنىڭ چۆلدەك سوزۇلۇپ ياتقان روھىي دۇنياسىغا
ئارامبەخشلىك، نەپىسلىك بەخش ئېتىدۇ.

«دەشت چاڭقىغان قەلبتۇر ئەجەبمۇ چاڭقاق» ئۇنداقتا بۇ دەشتنىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ
دەشت بىزگە ئىختىيارسىز ھالدا ئىنگلىز شائىرى ت.س ئېليوتنىڭ چۆلى بولسا ئۇرۇشتىن كېيىنكى
بەرباتلىق، ئۈمىدسىزلىككە تولغان، ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىدىن، ئۇلۇغ روھىي بايلىقلىرىدىن
ئايرىلىپ قالغان مەدەنىيەتلىك ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدا چەكسىز سوزۇلۇپ ياتقان پاناھسىزلىق
چۆلى ئىدى. تەرەققىي تاپقان ھازىرقى زامان غەرب دۇنياسىدىكى ماددىي توقچىلىقتىن كېيىنكى
مۇھەببەت ۋە ئېتىقادنىڭ سۇسلىشىشىدىن كېلىپ چىققان روھىي يېتىمچىلىك چۆلى ئىدى. مېنىڭچە
شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ چۆلى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بىز يىلتىزىمىزنى قېزىپ باقساق قۇملۇق
بويىدىكى پارچە-پارچە بوستانلىقلاردا قەدىمدىن بۇيان ياشاپ كەلگەن خەلقىمىزنىڭ روھىي
چۆلدەرەش ئىچىدە قالماسلىق ئۈچۈن كۆپ بەدەل تۆلەپ، نۇرغۇن قېتىم تەۋەككۇل قىلىپ
مۇكەممەل ئېتىقاد ئىزلەپ يۈرگەن دىنىي مىللەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. دۇنيادا يىپەك
يولىدىكى بىز ئۇيغۇرلاردەك شامان دىنى، مانى دىنى، ئاتەشپەرەسلىك، نىستورىيان
(خرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىبى)، بۇددا دىنى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنىدەك بۇنداق
كۆپ قېتىم دىن قوبۇل قىلغان، مەنىۋى مۇكەممەللىك ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە،
ۋاز كېچىشكە تەۋەككۇل قىلالىغان يەنە بىر مىللەت بولمىسا كېرەك.

دېمەك «سالغا تېشى» ناملىق بۇ داستاندىكى ئۇيغۇرنىڭ چۆلى — مەنىۋى
مۇكەممەللىكتىن، روھىي توقلۇقتىن كېلىپ چىققان ھەرقانداق ماددىغا ۋە ماددىي تەرەققىياتقا
مۇھتاج بولماسلىق ئارقىسىدىكى زامان ۋە ماكانىنىڭ تەبىئىي چۆلى. مانا بۇ شەرق بىلەن
غەربنىڭ، ئۇيغۇر بىلەن پەرەڭنىڭ، بوغدا ئابدۇللا بىلەن ئېليوتنىڭ پەرقى.

بۇ خىل ھازىرقى دۇنيادىن، تەرەققىيات ئىچىدىكى 20-ئەسىردىن ئايرىلغان يىپەك يولىنىڭ
روھى سۈكۈت ئىچىدە شۇنى كۆردىكى، مەدەنىيەتنىڭ شىددەتلىك ئاسسىمىلاتسىيىسى دۇنيادىكى
نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنى ئالللىقاچان ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە غەرق قىلىپ، ئىسمى بار
خاسلىقى يوق، دۆلىتى بار ئەنئەنىسى يوق ھالەتتىكى يوقىلىش گىردابىغا ئېلىپ باردى. بىراق
يىپەك يولىدا ياشاۋاتقان بۇ قەدىمكى خەلق ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرىدىن
خېلىلا يىراق ھالدا، غايەت زور نېفت بايلىقلىرى بىلەن تولغان قاقاس زېمىن ئۈستىدە يەنىلا
ئەنئەنىۋى ئىپتىدائىي تېرىقچىلىققا تايىنىپ سىرىقتال تۇرمۇش بىلەن ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ
ئەپسانىلىرىنى، ئېتىقاد ئاساسىدا مەنىۋى يۈكسەكلىككە يەتكەن قەدىمكى يىپەك يولى روھىنى
ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىركەشمەكتە.

ئاققان، قوشۇلغان، يۇغۇرۇلغان
تىكلەنگەن، ياشىغان، گۈمۈرلىگەن.
تۇغۇلغان، سۆرىگەن، سۆرەلگەن
تىرماشقان، قىر ئاشقان، نان يېگەن.
قارا قۇرۇمدىن ئىدىققۇتقىچە
خان سارايلىرى، ئىبادەتخانا
ئالتۇن مەبۇد ۋە ئالتۇن چىراغ
بىلگەن راست دەر، بىلمىگەن ئەپسانە.

خۇش، بىر مىللەت روھىنىڭ شۇنداق گۈزەل، ئەپسانىۋى تۇيغۇلىرىنى ئۆزگىچە سىغدۇرغان بۇ ئىبسل ئەسەرنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى قانداق؟ مەن بۇ داستاننىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئەڭ زور ئارتۇقچىلىق قۇرۇلمىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكى دەپ قارايمەن. بۇ ئەسەر باشلىنىشىدىنلا گويا بېشىدىن باشلانمىغاندەك، ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا يەنە داۋاملاشتۇرۇپ يېزىش مۇمكىنچىلىكى بار بوشلۇق تۇرغاندەك ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇنداق ئېيتالايمەنكى، ئەسەرنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى مەلۇم مەقسەت ئاساسىدا ئەقلىي تەرتىپ بويىچە تىزىلغان ئەمەس. مەن شېئىرنىڭ 1-بۆلىكى بىلەن 7-بۆلىكىنى ۋە باشقا بۆلەكلىرىنىڭ رەت تەرتىپىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپمۇ ئوقۇپ باقتىم. تەسىرات ۋە لەززەت ئوخشاش. يەنى بۇ شېئىر گويا قەدەھكە پاتماي تېشىپ كېتىۋاتقان مەيدەك ئۆز-ئۆزىگە سىغماي، ئۆز قۇرۇلمىسىنى ئۆزى بۇزۇپ، ئۆز رىتىمىدا ئۆزى چېقىلىپ بارىدۇ. مەن ئۆزىنىڭ ئىچكى رىتىمى بىلەن شېغىل تاشلار ئۈستىدە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇدەك بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ ماڭغان نەپىس مىسرالارنى ئوقۇۋاتقىنىمدا، گويا تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى سىرلىق بىر ئوردىغا كىرىپ قالغاندەك، تۈگمىلىرىگە مال ۋە مەدەنىيەت يۈكلەپ ماڭغان قەدىمكى كارۋانلارنىڭ گاھ يوقىلىپ، گاھ جاراڭلاپ تۇرغان قوڭغۇراقلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، پەقەت شائىرلارلا ھېس قىلالايدىغان يىپەك يولى روھىنىڭ چەكسىز بوشلۇقتا جىمجىت سىلجىۋاتقىنىنى تۇيغاندەك بولدۇم. مەن شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ «سالغا تېشى» دىن شائىرنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بىزنى، بىزنىڭ ئېغىر رېئاللىقىمىزنى تاشلىۋېتىپ تەبىئەتكە قايتالىشىمىزنى قەدىمكى دەۋرگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بەلكىم بۇ شائىرلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن مەڭگۈلۈك سەرسانچىلىقتۇر. ئەمما ئۇلۇغ، ۋىجدانلىق، پېشۋا شائىرلار بىزنىڭ خەلقىمىزدەك بۇ بۈيۈك خەلقنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكىدەك روھىي ئازابلارغا باي قىسمەتلىك رېئاللىقى ئالدىدا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋەرمەسلىكى ھېچبولمىغاندا بىرەر مىسرادا بولسىمۇ ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىغا مەردانىلىق بىلەن ئورۇن بېرىشى كېرەك دەپ ئويلايمەن. چۈنكى بىز ھامان بىر كۈنى يىلتىزىمىزنى تېپىۋېلىشىمىز مۇمكىن ئەمما بىز يىلتىزىمىزنى تاپقان ئۇ چاغدا بىردىنلا بۈگۈنىمىزنىڭ غايىب بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالساق، بىز ئۈچۈن بۈنىڭدىنمۇ ئارتۇق تراگېدىيە بولامدۇ؟

**ئابلىكىم خېۋىر:** (تىزىسقا قاراپ)

پېشقەدەم شائىرىمىز بوغدا ئابدۇللا خېلى بىر مەزگىل جىمۋالغاندىن كېيىن بىزگە نادىر ئەسىرى «سالغا تېشى» نى تەقدىم قىلدى. مەن بۇ داستاننى بىرقانچە قېتىم ئوقۇدۇم، ھەر قېتىم ئوقۇغىنىمدا داستان بەخش ئەتكەن لىرىك دۇنيانىڭ قۇچىقىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم. مەن بۇ داستاننى ئوقۇدۇم، ياق، شائىرنىڭ قايناپ تۆكۈلۈۋاتقان، زۇۋانغا كىرگەن ئىسسىق كۆز ياشلىرى بىلەن سۆزلەشتىم بۇ كۆز ياشلار بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىز تەكلىماكاننى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇنىڭ قۇچىقىغا تۆكۈلىدۇ، يىپى ئۈزۈلگەن

مارجاندەك تۆكۈلمەيدۇ، شائىرنىڭ كۆزىدىن ئۈزۈلىدۇ. تەكلىماكاننىڭ مەڭزىدە بىرپەس تۇرۇۋالىدۇ، قىيالىغا هالدا ئانىنىڭ ئېتەكلىرىگە تۆكۈلۈپ قۇملۇققا سىڭىدۇ. شائىر ئۆز يۇرتىنى ياش تۆكۈپ تۇرۇپ سۆيەتتى، لەۋلىرى بىلەن ئەمەس، زۇۋانىغا كىرگەن كۆز ياشلىرى بىلەن سۆيىدۇ، ياش تۆكۈپ تۇرۇپ سۆيۈش — مۇهەببەتنىڭ يۈرەككىلا تالىق بولغان ئالاهىدە هەرىكەت شەكلى، بىر ئالەم مۇهەببەت، هەقىقىي سۆيۈش.

بىز هەممىمىز تەكلىماكاندا تۆرەلگەن، بىز هەممىمىز سالغا تېشى، بىز تەقدىر سالغىسىدىن ئۈزۈلۈپ تەكلىماكانغا چۈشتۇق. ئادەملەر، يۇلغۇنلار، توغراقلار، يانتاقلار، تۆگىلەر، بۆرىلەر، ئاقۇلار هەممىسى سالغا تېشى، ساينىڭ تېشىدەك ياتقان باش سۆڭەكلىرىمۇ سالغا تېشى، ئۇلارنىمۇ تەقدىر سالغىسى تەكلىماكانغا ئاتقان، ئۇلار بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ باش سۆڭىكى، ئۇلار شۇ يەردە تۆرەلگەن، شۇ يەردە ياشىغان ئادەملەر. ئۆز ئەجلى بىلەن ئۆلگەنلەر، جەڭلەردە ئۆلگەنلەر، باشقىلارنىڭ بېشىنى كەسكەنلەرنىڭ باش سۆڭەكلىرى، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنىڭمۇ بېشى كېسىلگەن. ئۇلار بورانلاردا توپتەك قاڭقىپ يۈرىدۇ، ئەسىرلەر بويى قۇملارغا كۆمۈلۈپ ياتسىمۇ ئالتۇنغا ئايلىنالمايدىغان باش سۆڭەكلىرى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغانلارنىڭ باش سۆڭەكلىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە.

تەكلىماكان ئاشۇنداق بىر قاتار سالغا تاشلىرىغا مەنسۇپ. ئاشۇ سالغا تاشلىرىمۇ تەكلىماكانغا مەنسۇپ. تەكلىماكان ئۇ سالغا تاشلىرىنى قوچىقىدا پەپىلەيدۇ، ئىززەتلەيدۇ. سالغا تاشلىرى ئۇنى سۆيىسىمۇ، سۆيمىسىمۇ بەرىبىر ئۇنىڭ قوچىقىدا ياتىدۇ، هېچكىم ئۆزىنىڭ جەننىتىنى، ياۋروپاسىنى، ئامېرىكىسىنى، مەڭگۈلۈك ياز بولىدىغان دېڭىز بويلىرىنى ئۇ سالغا تاشلىرىغا بەرمەيدۇ، ئۇ سالغا تاشلىرىنىڭ جەننىتى ئاشۇ تەكتى ماكان. ئىنسانلار پەيدا بولغىلى قانچە يىللار بولۇپ كەتتى، بۇنىڭغا هېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدۇ، تەكلىماكان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ تەكلىماكانمۇ ياكى تەكلىك ماكانمۇ؟ بۇنىڭغىمۇ هېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدۇ، بۇنىڭغا پەن جاۋاب بېرەلمىدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئۇ بىر ماكان، ئۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ئاتا-بوۋىلىرى ياشىغان، تىلى، ئۆرپ-ئادىتى، تەن تۈزۈلۈشى، ئىجادكارلىقى، پىكىر قىلىشى ئىنسانلارنىڭ هەرقانداق باشقا توپلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر توپ ئىنسان بۇ يەردە نەسىل قالدۇرۇپ، يۇلغۇنلاردەك، توغراقلاردەك ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، قۇملۇق ئۇلارنىڭ رىسقىنى بېرىۋاتىدۇ.

شائىرنىڭ كۆز ياشلىرى يۇلغۇنلار ئۈستىگە تاراملاۋاتىدۇ:

يۇلغۇننىڭ ناخشىسى ئاز ئەمەس
كۆڭۈلنىڭ سادالار ئىچرە لەيلىمەس.
ئەركىلىتەر ئۆزىنى توقاي، ساهىلدا
بىزارلىقتىن يىراقتۇر، غېرىچ چەتنىمەس.

دۇنيادىكى رەڭلەر ئۆڭۈپ تۈگەيدۇ، ئالەمنى چاڭ-توزان باسىدۇ، دىنوزاۋىرلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ تۇخۇملىرى تاشقا ئايلىنىپ كەتتى، بىراق يۇلغۇنلار گىياهلار دۇنياسىغا ئوت ئېلىپ كەلگەن پىرومېتى، ئۇ مەڭگۇ قىزىرىپ تۇرۇۋېتۇ، ئۇنىڭ ئېيتقان تۈنجى هايات ناخشىسى نىل ۋە دونايىنىڭ شاۋقۇنلىرىغا ئوخشاش ئۈزۈلمەيدۇ. زامان چەكسىزلىكى بىلەن، رەهىمسىزلىكى بىلەن يۇلغۇنلارنى

بۇ دەشتتىن ئايرىۋېتەلمىدى، بۇ نېمىدېگەن چوڭقۇر مۇھەببەت. بۇ بىر ئىلاھىي روھ، بۇ بىر ئىلاھىي مۇھەببەت.

داستان يۇلغۇنلاردىكى ھاياتىي كۈچنى، خىسلەتنى، مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاش بىلەن باشلىنىدۇ، يۇلغۇنلاردىكى روھقا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، بۇ روھ نەدىن كەلگەن؟ شائىر سوئال قويىدۇ.

شائىر ئانا يۇرت تارىخى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ 2-، 3-، 4-بۆلەكلىرىنى بېغىشلىغان؛ 5-بۆلىكىدە بولسا كۆز يېشىنى ئازراق توختىتىۋېلىپ، تەكلىماكان ئۇقۇمىنىڭ ئىچكى مەنىسىگە كۆچىدۇ، ئاندىن يەنە تۆگە ئۈستىگە ياش تۆكۈشتە باشلايدۇ؛ 6-بۆلىكىدە كۆز يېشىنى توغراقلارغا تۆكىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، شائىر بۇ ئەسىرى بىلەن ئانا يۇرتنىڭ لىرىك تارىخىنى يېزىپ چىققان، تەكلىماكان ئىنسانىيەت دۇنياسىدا يېشىلمىگەن سىر ھەم يەشكىلى بولمايدىغان سىر، بىراق، ئۇنىڭغا مۇھەببەت قويۇش ھەر بىر سالغا تېشىنىڭ پەرزى ۋە قەرزى. سىرنى بولسا ھەممىز قادىرى قۇدرەتنىڭ ئەپسۇنى بىلەن يۇلغۇنغا ياكى توغراققا، تۆگىگە ياكى قۇملارغا ئايلانغاندىن كېيىن سۆڭەكلىرىمىز بىلەن يېشىپ باقساق بولىدۇ.

«سالغا تېشى» ناھايىتى ئۇتۇقلۇق چىققان، ئانا يۇرتقا بېغىشلانغان سۆيگۈ ناخشىسىدۇر. بىزلەر سالغا تېشى بولۇپ بولدۇق، بۇ ئەسەرنى كەلگۈسىدىكى «سالغا تاشلىرى» ھەم ئوقۇپ كۆرەر، ئۇلار بىزدىن ياخشىراق باھانى بۇ داستانغا بېرەر.

رەھمەتلىك قۇربان تۇلۇم بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ بىرى، ئۇمۇ تەكلىماكانغا چۈشكەن سالغا .تېشى، ئۇ ماۋجۇشىغا مۇھەببەت باغلاپ ئالەمدىن ئۆتتى. بىز ئۇنى ھۆرمەتلەيمىز. يەنە بىرمۇنچە سالغا تاشلىرى ئۆزى تەۋە ئىنسانلار توپىنى مۇمكىن بولسا بىرەر ئەمەلگە سېتىش كويىدا بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار مۇشۇ «سالغا تېشى» داستانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قانداقراق ھېسسىياتتا بولار؟ يەنە ئاقنى قارا دەۋېرەرمۇ؟

يەنە بىرمۇنچە سالغا تاشلىرى بار، ياقا ئەللەرگە بېرىپ كېلىپلا مىللەت ۋە ئىللەت ھەققىدە گەپ ساتىدۇ، ئۆزلىرى تەۋە بولغان ئىنسانلار توپىدىن نومۇس قىلىدۇ، پارتىيە سىياسىتىنىڭ نۇرىنى ئەمدىلەتتىن ئېمىپ ئۆزىنى ئوڭشاۋاتقان ئادەملەردىن چانىدۇ. مەنزىل يىراق، ئۇنى پۇتلار بىلەن مېڭىپ تۈگىتىش كېرەك. ئۇلار «سالغا تېشى» داستانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن نېمە دەر؟

يەنە بىرمۇنچە سالغا تاشلىرى بار، قايماقتەك تاتلىق ئانا تىلىمىز بىلەن گاچا ئەدەبىيات يارىتىۋاتىدۇ، گاچا ئەدەبىيات تۇغرىسىدا گاچا ئوبزورلارنى يېزىپ، گاچا ئوبزورلارنى ئىمپورت قىلىپ بىزگە نېمىلەرنىدۇ ئۆگەتمەكچى بولىۋاتىدۇ، ئادەملەر قانچىلىك دەرىجىدە چۈشەنمىسە گاچا ئەدەبىيات شۇنچە ياخشى چىققان بولارمىش. ئۇلار «سالغا تېشى»نى ئوقۇغاندىن كېيىن نېمە دەر؟ ئەدەبىياتتىكى يۈكسەك ئورۇننى ئاپتور ئەمەس، كىتابخان بېرىدۇ، تارىخ بېرىدۇ. كىتابخان بىلەن تارىخ ئالدى بىلەن ئۇ ئەدەبىياتنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولسۇن. بىز بەختلىك خەلق ھەم بەختسىز خەلق. بىز بەختلىك دېگىنىمىزدە بىزدىن ئۈمىد بار، بىز يۇلغۇنلاردەك، توغراقلاردەك تەكلىماكاندىن داجىمايمىز. تەقدىر بىزنى قازاننىڭ گەردىشىگە چاپچىقان بولسىمۇ كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ باقمىدۇق، ھەممە نەرسە ئۆتكۈنچى، ئۇ ئەبەدىيلىككە مەنسۇپ. بىراق، ئىنسانلار نەسىل قالدۇرىدۇ، ئالەم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، مىڭ قەتلە شۈكرىكىم، دېھقانلارنىڭ قورسىقى تويدى، رابىيە قادىردەك، غوپۇر نۇردەك ئادەملەر بىزدىن چىقىۋاتىدۇ، ئۇيۇق يۇلغۇنلاردەك قىزىرىپ كەلمەكتە. بىز بەختسىز خەلق دېگىنىمدە،

بىز ئارقىدا قالدۇق، كۆپ ئارقىدا قالدۇق. «ئون ئىككى مۇقام»، «ئىككى چوڭ ...» ناخشا-ئۇسسۇللار تارىخ بولۇپ قالدى. ھازىر ئېلېكترون دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرى. بىز باشقىلارغا يېتىشىۋېلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭغا غايەت زور بەدەل تۆلەيمىز. بىراق، بىزدىن ئۈمىد بار، بىزدە ئىنتىلىش بار، تەكلىماكاننىڭ قۇملىرىمۇ چېچەكلەر، دۇنيادا قۇملارمۇ تۈگەيدۇ، بىراق تەكلىماكاننىڭ قۇمى ئېشىپ قالىدۇ، دۇنياغا قۇم لازىم بولىدۇ...

**مۇختار مەخسۇت:** مەن بۇ شېئىر ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن بىر ئوقۇغان، شۇ چاغدىلا ۋۇجۇدۇم بىر سىلكىنگەن، قاتتىق ھاياجانلانغانىدىم.

ئەمدى تەسىراتىم، شائىر بىراق تەكلىماكان ۋادىسىدا تۇرۇپ سالغا تېشىنى بىزگە ئاتتى. بۇ تاش بىزگە تەگدى. يېقىنقى يىللاردا ياشلار، ھەتتا كۆپلىگەن پېشقەدەملەرمۇ ئىجادىيەتتە سۇسلىشىپ قالغانىدى. بۇ شېئىر زور تۈرتكە بولدى.

شائىر بۇ شېئىرىدا ئۆز ھېسسىياتىنى، ئۆز تەقدىرىنى تەكلىماكانغا ئېتىلىپ سالغا تېشىدەك چۈشكەن خەلق بىلەن، زېمىن بىلەن چەمبەرچاس باغلىغان.

مېنىڭچە، بىر شېئىرنىڭ قىممىتى كىشىنى قانچىلىك ئىلھاملاندۇرالايدىغانلىقى، قانچىلىك روھنى ئۇرغۇتالايدىغانلىقىدا. بۇ شېئىردا بۇ تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىلگەن.

بەدىئىي ئۇسلۇب يېقىدىن ئالغاندا، بۇ شېئىر شائىرنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆز خاسلىقىنىڭ داۋاملىشىشى، مۇكەممەللىشىشى، شۇنداقلا ئۆز ئەنئەنىسىدىن ھالقىشى، پارتلاش ھاسىل قىلىشى بوپتۇ. شېئىرىي تىلدا، مەنىۋى يۈكسەكلىكتە زور ئىلگىرىلەش بوپتۇ.

**ئەخمەت ئىمىن:** مەن شائىر ئەمەس، شېئىر يېزىپمۇ باقمىغان.

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** (گەپنى ئارىلاپ) ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ يېزىۋاتقان نەسرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىلا شېئىرغۇ؟

**ئەخمەت ئىمىن:** مەن ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان، ئۈرۈمچىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان. كېيىن مەن پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ چىقتىم. مەن شۇ چاغدا بىزنىڭ بىپايان چۆل-باياۋانلىق يەرلىرىمىزنى كۆرۈپ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تەكلىماكاندەك قۇملۇقنى تاللاپ ماكانلاشقانلىقىدىن رەنجىگەنىدىم.

كېيىنچە ئويلانسام بۇ بىر قىسمەت ئىكەن، تەقدىر بىزگە مۇشۇنچىلىكلا زېمىن ئاتا قىپتۇ. باشقىلارنىڭ دولقۇنلۇق دېڭىزى بولسا، بىزنىڭ ئاقار قۇملىرىمىز بار ئىكەن. باشقىلار دېڭىزغا چۆمۈلسە، بىز قۇمغا كۆمۈلىمىز، روھىمىزنى قۇم بىلەن پاكلايمىز... شېئىرنى بەكمۇ ئىلاھىي، سىرلىق قىلىۋېتىش ھوزۇرلانغۇچىغا نىسبەتەن ئارىلىقنى كېڭەيتىۋېتىدۇ.

ئەمما مەن بۇ شېئىرنى ئوقۇۋېتىپ كۆز ئالدىمغا نۇرغۇن سۈرەت كەلدى. بۇ شېئىردا بىزنىڭ تەقدىرىمىز ھەققىدە شۇنداق ياخشى سۈرەت بار ئىكەن.

قىسقىسى، بۇ شېئىرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، ئەڭ ئاۋۋال ئاپتورنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ياخشى، تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە. بىر پارچە شېئىرغا نىسبەتەن ھەممە تەلەپنى قويۇۋېلىشنىڭ ئۆزىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس.

**پەرھات ئىلياس:** ياشلار بۇرۇن پەلسەپىۋى شېئىرلارنى كۆپ يازغان، بۇنىڭدا ئادەم يەنىلا بوغۇلۇپ قالىدىكەن، يەنە كېلىپ شېئىرمۇ قۇرغاق بولۇپ قالىدىكەن. بۇ شېئىرنىڭ باشقا تەرىپىنى يولداشلار بىرەر قۇر سۆزلەپ بولدى. مەن ئەمدى ئۇنىڭ سۆزلەنمىگەن مۇھىم بىر تەرىپى ئۈستىدە قىسقىچىلا توختىلىمەن. (تىزىسقا قاراپ)

مۇزىكا بارلىق سەنئەتلەرنىڭ جەۋھىرى. ئۇنى تەرجىمە قىلىش ھاجەتسىز. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق شېئىرىي تىلى، شېئىرنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك بەلگىسى.
«سالغا تېشى»نى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ بەزى مىسرالىرى چۆل كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرمىسىدەك، بەزى مىسرالىرى ئۆلۈم گىرداببىدىكى بىمارنىڭ ھالسىز تىنىقلىرىدەك، بەزى مىسرالىرى غەزەپلىك نىدادەك ئاڭلىنىدۇ. تىل ئارقىلىق چېلىنغان بۇ مۇزىكا بىزنى گاھ تارىخقا، گاھ ئىستىتىكىنىڭ گۈزەل بېغىغا، گاھ ئادەمنىڭ قاغجىراپ كەتكەن باش سۆڭەكلىرى قېلىپ قالغان تاقىر چۆللەرگە باشلايدۇ، بىزنى گۈزەل شېئىرىي تۇيغۇ بىلەن ھاياجانغا سالىدۇ.
«سالغا تېشى» يالغۇز تارىخنى ئەسلىتىش بىلەنلا ياكى بولمىسا باشتىن-ئاياغ ئىستىتىك زوق بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. پەلسەپىۋى ئۇقۇم ياكى قۇرۇق ۋەز-نەسىھەتكىمۇ بېرىلىپ كەتمىگەن. ئۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى مۇزىكىغا — ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا يېقىن بولغان شېئىرىي كەيپىيات — شېئىرىي تىل ئارقىلىق چېلىنغان مۇزىكا بار. تارىخ، پەلسەپە، ئىستىتىكا، مىللەت ئېڭى شۇ مۇزىكىغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن.
**باتۇر روزى:** بۇ شېئىردىكى ئوبرازلار ناھايىتى مول بولۇپ، شېئىرىي پىكىرلەر ئىچكى رېتىم-ھېسسىيات مۇزىكىسىنىڭ كۈچى بىلەن ئىخچام ئىپادىلەپ بېرىلگەن.
بۈگۈنكى شېئىرلىرىدا ئىچكى رېتىم شېئىرنىڭ ئاساسىي مۇزىكىسىغا ئايلىنىپ ماڭاتتى. بۇ خىل ئالاھىدىلىك «سالغا تېشى»دا تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈلگەن. (تىزىسقا قاراپ)
ئېتىنىڭ ھادىسىلەر مەڭگۈ تىنىم تاپمايدىغان، قۇدرەتلىك ئېتىنىڭ رېتىمنى شەكىللەندۈرۈپ، بىر مىللەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق پسىخىك قۇرۇلمىسىدا چۆكمىگە ئايلانغان ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى قۇدرىتىگە سىمۋول خاراكتېرلىك ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇپ قالغان بولىدۇ. ھازىرقى زامان سانائەتلەشكەن شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ بۇ خىل ئىنسانىي خاراكتېرنىڭ ئەڭ ئىچكى قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتكەن ئېتىنىڭ روھىنىڭ ئالدىدا تەسلىم بولماقتا. كىشىلەر ئۇسسۇزلۇق دەۋرىگە ۋە ئىپتىدائىي مەدەنىيەتكە سېغىنماقتا. بۈگۈنكى ئابدۇللا شېئىرىيەتنىڭ بۇ ئانا تېمىسىنى ناھايىتى ياخشى بايقىغان. بىز ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك ئېتىنىڭ رېتىمغا ئايلانغان قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزنى «سالغا تېشى»دەك چۆرۈپ تاشلىدۇق ۋە چاڭقاپ تۇرغان قۇپقۇرۇق چۆلگە ئايلىنىپ قالدۇق. مانا بۇ خەلقىمىز بۈگۈنكى كۈندە يولۇققان ئەڭ زور مەنىۋى پاجىئە ۋە بېشىمىزدىن كەچۈرۈۋاتقان مەنىۋى زەئىپلىكنىڭ يىلتىزى. سالغا تېشىنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى پسىخىك رېتىم شېئىرنىڭ ئاساسىي تىنىقىغا ۋە پۈتكۈل شېئىرىي قۇرۇلمىنىڭ ئاساسلىق ئومۇرتقىسىغا ئايلانغان. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۆتمۈش ۋە ھازىر، بۈگۈن ۋە كېلەچەك ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل كۆپ قىرلىق، تورسىمان شېئىرىي كارتىنىنىڭ قانات يېيىشىغا كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن. ئەمما پۈتكۈل شېئىرىي كارتىنا، شېئىرىي تېما بىر خىل ئەپسانىۋى قىياپەت بىلەن جانلىنىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئاپتورنىڭ ئۆزاق يىللىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا يېتىلدۈرگەن ئۇسلۇبى شېئىرىي تەپەككۇردىكى بۇ خىل بوشلۇق خاراكتېرلىك ئىگىرىلەشكە يول قويمىغان. شۇنداق تېمىلار كۆپ ھاللاردا ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئەپسانىۋى تەپەككۇر پەللىسىگە كۆتۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاپتورنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىدە بۇ ھەقتە بىر غەيرەت قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.
**ئەركىن ئىبراھىم:** مەن بۇ شېئىردىن بىر خىل چېكىلىشنى ھېس قىلدىم.
**باتۇر روزى:** ھە، بۇ چېكىلىش پارتلاش ئالدىدىكى چېكىلىش.
بۈگۈنكىمىنىڭ كېيىنكى قېتىم پارتلىيالماي چېكىلىپ قالماستىن دەھشەتلىك پارتلاپ كېتىشىنى

uyghurkitap.com

كۆتىمەن. (كۈلكە) بۇ شېئىرنىڭ پىششىقسىزلىكى دەپ ھېس قىلغان يەنە بىر نۇقتام شېئىرنىڭ كۈچلۈك ئىچكى رىتىمى بىلەن شېئىرىي تىل ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭسىزلىق مەۋجۇت.

**ئىمىن ئەخمىدى:** مەن ئاپتورغا تەكلىپ نۇقتىسىدىن بىر-ئىككى ئېغىز سۆزۈمنى قىستۇرۇپ قوياي. بۇ شېئىردىن مۇقەددەس روھنىڭ ئۇرغۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بىراق يەتتە بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بۇ شېئىرنىڭ ھەر بىر بۆلىكى ئارىسىدا قالدۇرۇلغان بوشلۇق چوڭ ئەمەس، باشتىن-ئاخىر بىر خىللىق مەۋجۇت. بىر بۆلەك بىلەن يەنە بىر بۆلەك چوڭراق ئايرىلغاندا، ئەسەر مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولاتتى.

**ئابلىكىم خېۋىر:** مۇشۇنچىلىك كىچىك ھەجىمدىكى ئەسەر كۆتۈرەلىگۈسىز مەزمۇننى ئۆزىگە سىغدۇرغان.

ئەسەرنىڭ بۆلەكلىرىگە كەلسەك ئۇ ئاپتورنىڭ ئىشى. ئاپتورنىڭ قانداق بۆلگىسى كەلسە شۇنداق بۆلۈۋەرسە بولىدىغان نەرسە. مېنىڭ ئويلىغىنىم، بوغدا بۇ شېئىرنى ئۈچ قېتىم يېزىپ چىقتىم، دېدى. ئەسلىدە ئۇنى تۆتىنچى قېتىممۇ يېزىپ چىقىشى كېرەك ئىكەن، بوغدا بۇ شېئىرنى «چوغلۇق» باللادىسىغا ئوخشاش ھالەتكە ئېلىپ كەلگەن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

شائىر مىللەتنىڭ كۆزى. ئۇ مىللەت ھەققىدە ئىزدىنىشى، مىللەت دەماللىققا كۆرەلمىگەننى كۆرۈپ يېتىشى، ئۆز مىللىتىنىڭ يىلتىزىنى ئىزدىشى كېرەك.

**ھەبىبۇللا رېقىپ:** «سالغا تېشى» تارىخ تەرەققىياتى ۋە يېپەك يولىغا تەمسىل قىلىنغان، بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» كە ئوخشاش قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزنى دەستەك قىلىپ يېتىۋەرسەك، دەسمايىنى يەپ بولساق، سالغا تېشىدەك ھەرقاچان ئالغا تاشلىنىپ تۇرمىساق قۇم ئاستىدا قالغاندەك كۆمۈلۈپ قالىمىز، ھالاك بولىمىز. شۇڭا ئۆزىمىزنى داۋاملىق يېڭىلىشىمىز، ئىسلاھ ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

ھەرقانداق شېئىردا گۆڭگالىق بولىدۇ. ئۇنىڭ گۆڭگا تەرىپىنى كىتابخان ئۆزى يورۇتىۋالىدۇ، ئۆزى تېپىۋالىدۇ. بۇ شېئىردىمۇ گۆڭگالىق بار. بوغدا ئابدۇللا بۇ جەھەتتە چوڭقۇر ئىزدەنگەن، يېڭىلىق ياراتقان.

«تەڭرىتاغ» ئەزەلدىن شېئىرنىڭ گۆڭگالىقىغا ئىلمىي قاراپ كەلدى ھەم كۆپ قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇردى، ئەمما ھە دېمەيلا باشقىلار تەرىپىدىن خۇددى «گۆڭگا شېئىر» زەھەرلىك چۈپەتەك قارا-قويۇق كالتەكلىنىۋەردى.

**باتۇر روزى:** بوغدىكامنى «گۆڭگاچىلار» قاتارىغا قوشۇۋالدۇق، ئەمدى بىزگە تېگىدىغان توقماق، بوغدىكامغا تېگىپ كەتمىسىلا بولاتتىغۇ! (قاتتىق كۈلكە)

**ھەبىبۇللا رېقىپ:** بۇ شېئىردا بىزنىڭ تارىخىمىز، بىزنىڭ ئىزىمىز بايان قىلىنغان. مەن بۇ شېئىرنى ئوقۇۋېتىپ چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندەك بولدۇم. شېئىر ئۆز-ئۆزىنى ئىزدەش روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان.

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** (سائىتىگە قاراپ) ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن سۆھبىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسا، يىغىنىمىزغا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ بەرگەن يولداشلارغا رەھمەت!

**بوغدا ئابدۇللا:** مەن ئالدى بىلەن بۈگۈنكى بۇ سۆھبەت يىغىنىنى ئۇيۇشتۇرغان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىغا، ئاندىن يىغىنغا قاتنىشىپ ماڭا سەممىي پىكىر-تەكلىپلەرنى بەرگەن قەلەمداشلارغا كۆپتىن-كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن.

يولداشلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىمدە ئۆز يېتەرسىزلىكىمنى تولۇقلاپ، خەلققە تېخىمۇ سۈپەتلىك شېئىرلارنى تەقدىم قىلىشقا تىرىشىمەن!

# تارىخىي رومان «مەھمۇت قەشقەرى» توغرىسىدا

## قىسقىچە مۇلاھىزە

ئىسمايىل تۆمۈر

بىزدە تارىخىي رومانچىلىق ئەنئەنىۋى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ كۆپلىگەن ئاپتورلىرىمىز تېخى يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدىن تېما تاللاش بىلەنلا چەكلىنىپ كەلگەنىدى. خەلقىمىز ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك تارىخىدىن يىراقلىشىپ قالغان بىرلىك بەدىئىي ئەسەرلەرگە ھېلىھەم ئىنتىزار ۋە تەشنا بولۇۋاتقان بىر پەيتتە، بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋردىكى تارىخىمىزدىن ئاپتور پەرھات جىلان بۇ بىبلوگرافىيە خاراكتېرىدىكى تارىخىي رومانىنى جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلدى. يەنە كېلىپ ئاپتور ئۆز رومانىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىلىم-مەرىپەت گۈلزارلىقىدا مەڭگۈلۈك ئابىدە تىكلىگەن ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرىنى باش پېرسوناژ قىلىپ تاللاپ، ھازىرقى ئەۋلادلارغا ئىلىم-پەننى ئۇلۇغلاشنىڭ ئەھمىيىتى، قىممىتىنى بەدىئىي يول بىلەن يەنە بىر قېتىم تونۇتتى.

مەھمۇت قەشقەرى ياشىغان 11-ئەسىرلەردە خاقانىيە تىلى ئورتاق ئەدەبىي تىل بولغانىدى.

بۇ رومان ئەنە شۇ تارىخىي دەۋر رېئاللىقىنى نامايان قىلغان.

رومان — بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن تەڭدىشى يوق بىر خىل ئالاھىدە شەكلى. بولۇپمۇ تارىخىي رومانچىلىقتا بۇ نۇقتا ئالاھىدە گەۋدىلىك بولىدۇ.

تارىخىي رومانچىلىقتا مۇئەللىپ ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەر تۇرمۇشىنى ۋە ئىنتايىن كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئومۇملاشتۇرۇپ، مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرنى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تارىخىي جەريانلاردىكى ئۆزگىرىش ئىزنالىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

«مەھمۇت قەشقەرى» ناملىق تارىخىي رومانىدا مۇئەللىپ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنى — خاقانلارنىڭ تەخت تالىشىشلىرى، ئىلىك خانلار بىلەن بۇغراخانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت-توقۇنۇشلار، بۆلگۈنچىلىك بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلەر، قەبىلىلەر ۋە يۇرتلار ئارىسىدىكى جەڭگە-جېدەللەر، غازات ئېچىش يولىدىكى زورلۇق ۋە جازا يۈرۈشلىرى؛ قاراخانىلار سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردىكى قوشنا خانلىقلار — سالجۇقىلار، ئابباسىلار، غەزنەۋىلەر سۇلالىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە دوستانە بېرىش-كېلىشلەرنى تارىخىي پاكىتلارغا بىرقەدەر ئۇيغۇن ھالدا بايان قىلىش ئارقىلىق قاراخانىلار سەلتەنىتىنىڭ تارىخىي جەريانلىرىنى سۈرەتلەشكە خېلى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

مانا شۇ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن ئاپتور رومانىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھايات پائالىيىتىنى، تارىخىي قىسمەتلىرىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ سۈرەتلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بۇ تۈنجى يىرىك ئەسىرى ئارقىلىق مۇئەييەن دەرىجىدە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن.

مۇئەللىپ يۇقىرىقى بىر قاتار تارىخىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولۇپ، قاراخانىلارنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىسمەن تارىخىي ھايات يولىنى، تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ۋە شۇ

www.uyghurkitap.com

جەريانلاردىكى ئۇلارنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى، كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنى ئۆرپ-ئادەت ۋە پسىخىك ئۆزگىچىلىكلىرىنى خىلى جانلىق ۋە كونكرېت تەسۋىرلەپ، بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي دەۋرنىڭ ماھىيەتلىك قىياپىتىنى مەلۇم نۇقتىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

«مەھمۇت قەشقەرى» رومانىدا مۇئەللىپ ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى بولغان مەھمۇتنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىش جەريانى، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسى، ھەتتا مەڭگۈلۈك جۈپتى چولپاننىڭ بىراقلا باقى ئالەمگە سەپەر قىلغانلىقىدىن ئىبارەت كىشى چىدىغۇسىز ئازاب تارتقانلىقىنى، ئىلمىي تەكشۈرۈش جەريانىدا تارتقان جەبىر-جاپالىرىنى، مۇساپىرچىلىقتا تارتقان كۈلپەت، نادامەت، ھەسرەتلىرىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە، ئالىمنىڭ ئىلىمگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى، كۈچلۈك ئىنتىلىشى ۋە غەيرەت-شىجائىتىنى بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سۈرەتلەپ، كىتابخاندا بەزىدە زالىم پەلەككە نەپرەت، ئادالەتسىز زامانغا شىكايەت، مەھمۇتقا چوڭقۇر ھېسداشلىق، مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ غەيرەت-شىجائىتىگە، ئىلىم-مەرىپەت يولىدىكى تۆھپە، ئۇتۇق، نەتىجىلىرىگە، ئېرىشكەن ھۆرمىتىگە ئاپىرىن ھەم سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى قوزغىتىدۇ. بۇ نۇقتا ھازىرقى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىكى مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي ئۈنۈم قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ.

رەڭگارەڭ تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئىچىدىن خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشقا يېتەكچى بولالايدىغان ئىجابىي غايىلەرنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىرگە، خەلقنىڭ روھىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان، ساۋاق بېرەلەيدىغان سەلبىي تەرەپلەرنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدىغان ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى ئەنئەنىۋى يامان خاھىشلارنى، ئىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەنبەسىنى ئېچىپ كۆرسىتىشمۇ تارىخىي رومانچىلىقتا يۈكلىنىدىغان بىر ۋەزىپە، «مەھمۇت قەشقەرى» رومانىنىڭ مۇئەللىپى بۇ نۇقتىنى ئىجادىيەتتىن ساقىت قىلىۋەتمىگەن. «... ھۆكۈمدارلار ۋە مەنسەپدارلار يۇرت، قەبىلە سۈرۈشتۈرۈپ جېدەل قىلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ماھىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ تار شەخسىي مەنپەئەتىنى ئومۇمىي خەلق مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن قويغانلىق. بىزخەقە ھەر بالا كەلسە مۇشۇ قەبىلىۋازلىق، يۇرتۋازلىق كېسىلىدىن كېلىدۇ. بۇ كېسەلنى ۋاقتىدا ساقايتمىساق كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىمىز ۋەيران بولۇپ تۈگىشىدۇ. ئۇ قەبىلە، بۇ قەبىلە، ئۇ يۇرتلۇق، بۇ يۇرتلۇق دەيدىغان نادانلىقىمىزنى تاشلىمىساق ھايات يولىدا يىراققا بارالمايمىز، ھەرقانچە كۈچەسەكمۇ قىردىن ئاشالمايمىز» («مەھمۇت قەشقەرى» 353-بەت).

دەرۋەقە، بىز تارىختا، ئۆتمۈشتە ۋە ھازىرقى كۈندىمۇ تەپرىقىچىلىق، بۆلگۈنچىلىك، يۇرتۋازلىق، يەكلەشنىڭ نۇرغۇن زىيىنىنى تارتتۇق ۋە تارتىۋاتىمىز. خەلققە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىدا بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بۇ نۇقتىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك.

تارىخىي رومانچىلىقتا بەدىئىي توقۇلمىلارغا يول قويۇلىدۇ. ھالبۇكى بەدىئىي توقۇلما قۇرۇقتىن-قۇرۇق توقۇلسا ئۇنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئەمما بەدىئىي توقۇلما ئەسەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلسا، ئۇ ھالدا بەدىئىي توقۇلما ئەسەرنىڭ «زىننىتى» ھېسابلىنىدۇ. «مەھمۇت قەشقەرى» رومانىدا ئاپتور قاراخانىلار سەلتەنىتىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە بۇ مەدەنىيەتنى يارىتىشتا مۇئەييەن تۆھپىسى بولغان غوللۇق زاتلارنى ھەم شۇ مەدەنىيەتكە ئىشتىراك قىلغۇچى ھەر ساھە كىشىلىرىنى مۇناسىپ سەھىپىلەردە تەسۋىرلەشكە مۇۋاپىق ئورۇن ئاجرىتىپ، ئەسەر قۇرۇلمىسىنى ئورگانىك

باغلىنىشچانلىقتا ئىگە قىلغان. بۇ مەسىلە مەھمۇت قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم ئۇچراشقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. (بىرى قەشقەردە — مەھمۇتنىڭ يىگىتلىك قۇرامىدىكى چاغلىرىدا، بىرى باغدادتا — مەھمۇتنىڭ مۇساپىر چاغلىرىدا).

مەھمۇت قەشقەرى قاراخانىلار دەۋرىدە يارىتىلغان مەدەنىيەتكە زور تۆھپە قوشقان تىلشۇناس، ئالىم. مەھمۇت ياشىغان شۇ دەۋردە جاھانغا مەشھۇر داستان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپى — يۈسۈپ بالاساغۇنى (كېيىنكى نامى يۈسۈپ خاس ھاجىپ) مۇ ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، قاراخانىلار دەۋرى مەدەنىيىتىگە مەھمۇتقا ئوخشاشلا ئالەمشۇمۇل تۆھپە قوشقان ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇر ئىدى. بۇ ئىككى ئالىمنىز ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى نادىر ئەسىرىنىز («دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك») قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى، جۈملىدىن مەدەنىيىتىنى بايان قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرى مەنىۋى مەدەنىيىتىنى بۈركۈتكە تەققاسلىساق، بۇ ئىككى ئالىم ياراتقان ئىككى نادىر ئەسەر شۇ بۈركۈتنىڭ ئىككى قانىتىدۇر. «مەھمۇت قەشقەرى» رومانىنىڭ مۇئەللىپى مەيلى ئۇ ئىككىسىنىڭ تونۇشىدىغانلىقىنى تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسەن بايان قىلغان بولسۇن ياكى بەدىئىي توقۇلما قىلغان بولسۇن (بەدىئىي توقۇلما تۈسى كۈچلۈكرەك)، بۇ ئىككى ئالىمنىڭ مەزكۇر روماندا جىپسلاشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلىنىشى ئەسەرگە يەنە بىر بەدىئىي قىممەت ئاتا قىلغان.

بەدىئىي ئەدەبىياتتا مۇئەللىپنىڭ بەدىئىي غايىسى ئوبرازلارغا سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. «مەھمۇت قەشقەرى» رومانىدا ئاپتور مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئوبرازىنى جانلىق يارىتىشقا ياردىمى بولغان بۇغراخانلار، ئىلىك خانلار ئوبرازى، ۋەزىرلەر ۋە ئۇلاردىن تۆۋەن دەرىجىدىكى مۈلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار ئوبرازى، دىنىي ساھەدىكى ئۇلۇغ زاتلار ۋە مۆتىۋەرلەر، ئىلىم-مەرىپەت ساھەسىدىكى زاتلار، ئالتۇن تارىم — خانىشلار ئوبرازى، ئاددىي پۇقرا ۋە قۇللار تەبىقىسىدىكى پېرسوناژلار؛ زالىم، جازانىخورلار ئوبرازى، مەرىپەت ۋە تەرەققىيپەرۋەر روھىدىكى پېرسوناژلار؛ تۈركىي تىللىق خەلقلەر تائىپىسىدىكى پېرسوناژلار ۋە غەيرىي مىللەت شەخسلىرى؛ ئىسلام دۇنياسىدىكى خەلقلەر بىلەن غەيرىي دىندىكى پېرسوناژلارنىمۇ ياندىن تەسۋىرلىگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە قوشۇمچە پېرسوناژلاردىن قالمىغان. ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك ئوبرازى، ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم، جەلالىيى مەلىك شاھ ئوبرازى، مەھمۇتنىڭ بوۋىسى مۇھەممەت بۇغراخان ئوبرازى، جالالىدىن مەلىك شاھ ئوبرازى، دىۋانبېگى ئازاق بەگ، شامالغا قاراپ ئىش كۆرگۈچى ھەيدەر ئوبرازى ۋە مەھمۇتنىڭ خاس مەھرىمى تۇرۇمتاي ئوبرازلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئوبرازلار ھەرقايسى تەبىقە، ھەرقايسى ساھەلەردىن تاللانغان ۋە شۇ تەبىقە، شۇ ساھەلەرگە ۋەكىللىك قىلغۇچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىش-پائالىيىتى ئۇلار ئىشتىراك قىلىشقان زامان ھادىسىلىرى ۋە شەخسىي خاراكتېر تەسۋىرلىرى ئارقىلىق ئاپتور بىر تارىخىي دەۋرنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسىنى سىزىپ بەرگەن.

مۇئەللىپ مۇناسىپ سەھىپىلەردە ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتا بار ئىمكانىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قولدىن بېرىپ قويمىغان. ھەتتا بەزىدە مەيلى پېرسوناژ ھەرىكىتى، ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ئوي-خىياللىرى بايانىدا بولسۇن، ياكى ئاپتور تىلىدىكى بايانلىرىدا بولسۇن، پېرسوناژ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە «بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش» ئۇسۇلىنىمۇ قوللانغان، مەسىلەن، بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان ئىككى پېرسوناژ ئازاق بەگ بىلەن ھەيدەر ئوبرازىنى مۇنداق يىغىنچاق بايانلار بىلەن يەكۈنلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

« ئازاق بەگ جەڭ مەيدانلىرىدا ئات مىنىپ، قىلىچ ئوينىتىپ، بۈيۈك سالجۇقىلارنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشقان جەڭچى، قەھرىمان سەركەردە ئىدى. ئۇ دۈشمەنىنىڭ ئوق ۋە تىغلىرى ئالدىدا قورقۇپ قالمىغان، هايات-ماماتلىق سىناقلاردا ۋىجدانىنى پاك تۇتقانىدى، مانا ئەمدى بىر تادان تۈلكىنىڭ قۇيرۇق شىپاڭشىتىشىغا تاقابىل تۇرالمىدى. كارغا كەلمەس بىر خۇشامەتچى يارامىلىق بىر ئەزىمەتنى شەيتان كەبى توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ كەتتى.» («مەھمۇت قەشقەرى» 595-بەت.) ئەن - دەرۋەقە، ئازاق بەگ نۇرغۇن جەڭلەردە پىشقان، دۈشمەنلەرنى قاپلان كەبى بوغقان، قانلىق ئېلىشىشلاردا سەپنىڭ ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ يول ئاچقان باتۇر سەركەردە ئىدى. ئۇ تۈز كۆڭۈل، ئۇدۇل مىجەز، راستچىل ئادەم، بىراق تىنچ شارائىتتىكى مەمۇرىي خىزمەتتە ئۇ ھىيلىگەر، قۇۋ، يوچۇق تېپىشقا ئۇستا كەلگەن ھەيدەر تەرىپىدىن ئالدىنىپ، ئەمەل ۋە نام-ئاتاقتىن بىراقلا ئايرىلىپ، ئۆز يۇرتىغا كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مەككار تۈلكە ھەيدەر بۇنداق تۈز مىجەزلەردىن تولىسىنى ئوڭدا قويغان بىر ئادەم. بۇ ئىككىسىنىڭ خاراكتېرى، ئوبرازى روماندا بىر قەدەر ئوتتۇقلۇق چىققان.

روماندا مەھمۇتنىڭ ئوبرازى بىرقەدەر مۇكەممەل يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېر چىنلىقىمۇ كىتابخاندا بەزى ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇرىدۇ. مەھمۇت زامانىنىڭ زۇلمىتى بىلەن ئاتا-ئانىسىدىن، جۈپتىدىن، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ۋە ئەزىز يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئىلىمغا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى، ھاياتقا بولغان چىن مۇھەببىتى بىلەن شۇنچە ئازاب-كۈلپەتتىن يىقىلىپ قالمايدۇ. مۇساپىرچىلىق، غېرىب-غۇربەتچىلىك، جاپا-مۇشەققەتتىن پۈكۈلۈپ قالمايدۇ. ھوقۇق-مەنپەئەت، مەنسەتلىك تۇرمۇش مۇھىتى ئۇنى قىزىقتۇرمايدۇ، ھۆكۈمرانلارغا خۇشامەت، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرگە قاتتىقلىق قىلمايدۇ. خاقانلىق ئىچىدىكى جېدەل-غەۋغالاردىن بىزار، ئادەتتىكى تۇرمۇشقا كۆنۈپ ياشاۋېرىدۇ، قۇللۇق تۇرمۇشى قارشى تۇرۇپ، قۇللارنى ھۆرلۈككە چىقىرىشتا ئەمەلىي ھەرىكەت قوللىنىدۇ. شەخسىي تۇرمۇشقا بېشىچە چۆكۈپ كەتمەي، ئىلىم يولىدا هارماي-تالماي بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىزدىنىدۇ. مەھمۇت ئوبرازىدىكى مۇشۇ تەرەپلەر، ئۇنىڭ خاراكتېر چىنلىقىدىكى يارقىنلىق ئاپتورنىڭ بۇ تۈنجى يىرىك ئەسىرىدىكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتنى ئىزهار قىلىدۇ.

تارىخىي رومانچىلىقتىكى يەنە بىر مۇھىم تەرەپ — تارىخىي تۇرمۇش كارتىنىلىرى — تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى، تىل ئالاھىدىلىكلىرى، كىيىم-كېچەك تەسۋىرلىرى، كىشىلىك تۇرمۇش قاراشلىرى، دىنىي مۇراسىملىرى... قاتارلىقلار ئۆز زامانىسىغا خاس ھالدا سۈرەتلىنىش كېرەك. چۈنكى، تارىخىي رومانچىلىقتا تارىخىي ۋەقە-ھادىسىلەرنىلا تەسۋىرلەش ئەمەس، بەلكى تارىخىي تۇرمۇش دېتاللىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلىش، شۇ ئارقىلىق هازىرقى كىشىلەرگە ۋە ئۆزگە مىللەتلەرگە ئەينى تارىختىن مۇئەييەن دەرىجىدە ساۋات بېرىشنىمۇ چەتتە قويماسلىق كېرەك. ئاپتور «مەھمۇت قەشقەرى» روماندا ئوردا كىشىلىرىنىڭ كىيىنىشلىرى، ئاددىي پۇقرالارنىڭ — دېھقان، چارۋىچى، كاسىپ، تالىپلارنىڭ كىيىم-كېچەك تەسۋىرلىرىگىمۇ خېلى كۈچ سەرپ قىلىپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا روماندىن مۇناسىپ ئورۇن بەرگەن.

ئاپتور يۇقىرىقى نۇقتىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئوردا بەزمىلىرىنى، نورۇز سەيلىلىرىنى، كۆچمەنلەر تۇرمۇشىغا خاس مۇراسىم-بەزمىلەرنى، توي-تۆكۈن ئەھۋاللىرىنى خېلى ئەتراپلىق تەسۋىرلەپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي ئېتنوگرافىك ئىزنالىرىنى بىرقەدەر جانلىق، كونكرېت تەسۋىرلەپ، تارىخىي رومانچىلىققا خاس يول بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن.

«مەھمۇت قەشقەرى» رومانىدا فولكلوردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى، ھېكايە-چۆچەكلەرنى رومان ۋەقەلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. مەسىلەن، مەھمۇتنىڭ دادىسى ھۈسەيىن خانىشى رابىيەدىن زىلچا توقۇشنى ئۆگىنىۋالغاندى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھۈسەيىن ئاددىي ئوتۇنچى قىياپىتىدە رەستىلەرنى ئارىلاپ، خەلق ئىچىنى ئۆزى تەكشۈرگىلى چىققىنىدا ياۋۇز ئادەم بىدىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ ھەم شۇلارنىڭ قولىدا بىھۇدە ئۆلۈپ كەتكىلى تاسلا قالىدۇ. ئۇ ئاخىرى خانىشى رابىيەدىن ئۆگەنگەن زىلچە توقۇش ھۈنىرىنىڭ خاسىيىتى بىلەن، زىلچىغا مەخپىي رەقەم، بەلگىلەرنى سېلىپ، بىدىكلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ ۋە ئۇلارغا زىلچىنى خان ئوردىسىغا ئاپىرىپ يۇقىرى باھادا سېتىشنى ئېيتىدۇ. پايدىغا جېنىنى بېرىشتىن باش تارتمايدىغان بىدىكلەر ھۈسەيىننىڭ ھىيلىسىنى بىلمەي ئوردىغا بارىدۇ. زېرەك خانىش رابىيە ئېرى ھۈسەيىننىڭ مەخپىي كۆرسەتمە-بەلگىلىرىگە ئاساسەن ھۈسەيىننى قۇتقۇزۇۋالىدۇ ۋە ئالدامچى، ياۋۇز بىدىكلەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ.

بۇ دېتاللار ئەسلىدە ھەزرىتى مەۋلان تەزكىرىسىدە ئىستېمال قىلىنغان سيۇژېت ئىدى. ئاپتور مۇشۇنداق ئامىللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئاساسىدا رومانىنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان.

ئاپتور ئەسەر ۋەقەلىكلىرىنىڭ تەپسىلات بايانلىرىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن شېئىر-قوشاقلاردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ ۋەقە-كۆرۈنۈشلەرنى جانلىق، قىزىقارلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ خۇددى «گۈل ئۈستىگە گۈل چەككەن»دەك ياراشقان. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، تەييار ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش، تارىخىي ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى ئىستېمال قىلىش، خەلق فولكلورىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدىن پايدىلىنىش تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىش، بەدىئ توقۇلمىلارنى قوللىنىش قاتارلىق بەدىئ ئىپادىلەشكە مۇۋاپىق ئامىللارنىڭ روما قۇرۇلمىسىغا خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى تارىخ رومانچىلىقتا يول قويۇلىدىغان ئىمكانىيەتلە ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئامىللار يېرىك ئەسەرلەرنى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشت كەم بولسا بولمايدىغان ئامىللاردۇر.

«مەھمۇت قەشقەرى» ناملىق ب رومانىدا يۇقىرىقىدەك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندىن تاشقىرى، يەن قىسمەن يېتەرسىزلىكلەرمۇ ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمىزدە ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تارىخىي رومانچىلىقتا تارىخىي پاكىتلارغا مۇراجىئەت قىلىش ۋە بەزىدە تارىخ ئىچىدىن شوڭغۇپ چىقىپ بەدىئىي توقۇلمىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيەتلىرىگە تولۇق ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھالبۇكى تارىخىي پاكىتلارغا مۇراجىئەت قىلغاندا تارىخىي پاكىتلار ئېنىق، توغرا، مۇكەممەل ئىپادىلىنىشى زۆرۈر.

ئاپتور ئۆز رومانىنىڭ باش قەھرىمانى بولغا مەھمۇتنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە كەڭر سەھىپە ئاجرىتىپ، مەھمۇتنىڭ قاراخانىلار تەۋەلىكىدىكى نۇرغۇن جايلارغا، ئىدىقۇت زېمىنلىرىغا دەشتى قىپچاق چۆللىرىگە، ئىدىل بويلىرىغا ھەتتاك مۇساپىر بولۇپ باغدات تەرەپلەرگە سەپە قىلغانلىقلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. مۇشۇ بايانلار راۋاجىد مەھمۇت ئىدىقۇت زېمىنىغا يۈرۈش قىلىدۇ. ئىدىقۇ سەپىرىدىكى بايانىدا ئاپتور ئىدىقۇت تېررىتورىيىس ھەققىدە بەزىبىر ئېنىقسىزلىقلارنىڭ سادىر بولۇشىغ ئانچە دىققەت قىلماي قالىدۇ. تۆۋەندىكى باياننى قارايلى:

1 «كارۋان سۈرئىتىنى تېزلەتتى ۋە گۈگۈ چۈشكەن مەھەلدە قاراقۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەسىگە كىرىپ، كارۋان يوللىرىنى قوغدىغۇچى بىر بۆلۈك قوشۇن جايلاشقان قورغاندىكى

www.uyghurkitap.com

دەگىدە قونالغۇغا توختىدى.

ئەتىسى سەھەردە سەپەر يەنە داۋاملاشتى. ئەمدى كارۋاندىكى ھەممە كىشى سەگەكلەشتى، ئۇلار ئۇچرىغان ئادەملەرگە، تۇرالغۇ جايلارغا قىزىققان ھالدا نەزەر سالاتتى، ھەممە نەرسىگە دىققەت قىلاتتى.

كۈن ئولتۇرۇشقا باشلاپ، ئاسماننىڭ غەربىي قىسمى قىزىلگۈل رەڭگىگە كىرگەن گۈزەل پەيتتە كارۋان سۇلمى شەھىرىگە كىرىپ كەلدى. («مەھمۇت قەشقەرى» 246-بەت.)

بۇ بايانىدىن مەلۇم بولىدىكى، قوچۇ ئىدىقۇتلۇقىنىڭ تېررىتورىيىسى غەربتە سۇلمى (ھازىرقى قارا شەھەر)دىن بىر كۈنلۈك مۇساپىدىكى غەربتىن باشلانغان.

تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇمكى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تازا گۈللەنگەن دەۋرلەردە ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە ئۇتۇرغول (ھازىرقى قۇمۇل)دىن ئۆتۈپ، گوڭجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسىغىچە، جەنۇبتا چەكچەي، شىزاڭ، خوتەن چېگرىسىغىچە، شىمالدا ئالتاي، ئىلى ۋادىلىرى — مىڭلاقچىغە، غەربتە كۈچادىن ھالقىپ ئۈچ (ھازىرقى ئۈچتۇرپان) غىچە كەڭرى زېمىننى ئۆز ئىلكىدە تۇتقانىدى. قاراخانىلار گەرچە غازات ئېچىپ ئىدىقۇت زېمىنىغا بىرقانچە قېتىم كىرگەن بولسىمۇ، بىراق، مەھمۇت سەپەرگە چىققان مىلادى 1050-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە كۈچانىڭ غەربىي قىسملىرى ۋە مىڭلاق ۋادىلىرى يەنىلا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىلكىدە ئىدى. ۋەھالەنكى، ئاپتور ئۈچتىن (ئۈچتۇرپاندىن) سۇلمى (قارا شەھەر) گىچە بولغان ئارىلىقنى ئىدىقۇت تەۋەلىكىدىن ئايرىپ بايان قىلىدۇ.

ئون بەشىنچى بابتا (ئىلى يولى تاغلىق يول 264 — 265-بەتلەردە)، مەھمۇت ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن چانبالىقتىن چىقىپ ئىلى تەرەپكە يول ئالىدۇ. ئون كۈنلەر مېڭىپمۇ ئاھالە ياشىغان يەرگە يولۇقمايدۇ. بۇ زادى قايسى يول؟ ئەگەر ھازىرقى لىنىيە بويىچە ماڭغان بولسا، چانبالىق ھازىرقى سانجى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ يەردىن بىر كۈنلۈك يول باسقاندا قۇتۇبىغا، يەنە بىر كۈنلۈك يول باسقاندا ماناسقا بارىدۇ. بۇ يۇرتلار خېلى قەدىمكى يۇرتلار بولۇپ، بۇ يەرلەردە شۇ زامانلاردا ئاھالە ياشىمىغان بولغىمىدى؟ مەھمۇتلار ئەگەر غەربىي شىمالغا قاراپ ماڭغان بولسا باشقىچە يول بارمىدى؟ ئۇ يول قايسى يول ئىدى؟ بۇلارنى ئاپتور ئېنىق يېزىشى كېرەك ئىدى. بۇنداق تەرەپلەر ئىلمىي ئەمگەكنى تەلەپ قىلىدۇكى، بەدىئىي توقۇلما ياكى مۇجمەل نەپسلاتلارغا ئورۇن قالدۇرماسلىقى كېرەك.

تارىخىي رومانچىلىقتا بەزىبىر ئىمكانىيەتلەرگە ناھايىتى كەڭرى يول بار. مۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئاپتور مۇشۇ نۇقتىغا سەل قارىغان.

مەھمۇت سەپەر ئۈستىدە چۈشۈپ ئۆتكەن شەھەر-قەلئەلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۆرۈپ-ئادىتى، تىل ئالاھىدىلىكلىرى شۇ يۇرت زېمىنىدىكى تەسىرات سۈپىتىدە مۇناسىپ بابلارنىڭ ئۆزىدىلا ئەكس ئېتىش كېرەك. مەسىلەن، «ئىدىقۇت زېمىنىدا» دېگەن بابتا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى ئىنچىكە سۆزلەنگەن. بۇ، ياخشى باشلىنىش ئىدى. بىراق بۇددىستلارنىڭ ئىستىقامەتلىرى — بىزەكلىك غارلار، ئىبادەتخانىلار، مەكتەپ-ۋىخارالىرى، مەتبەئە تېخنىكىچىلىقلىرى، ھەيكەلچىلىك-كولالچىلىق مەشغۇلاتلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرى؛ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ھىندىستان، تىبەت، ئىران ۋە يىراق ياۋروپا ئەللىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەر ھەم ليا ۋ (قىتان) سودىگەرلىرىنىڭ ئىدىقۇت شەھىرىدىكى قاينام سودا مەنزىرىلىرى، خاقانىيە تىلى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىۋە-

دېتاللىرىنىڭ كونكرېت سىلىشتۇرما بايانلىرى، ئىگىلىك ۋە مەمۇرىي قۇرۇلما، قائىدە-قانۇنلىرى... تەپسىلىيرەك بايان قىلىنغىنىدا ئاندىن رومانىنىڭ بەدىئىي قىممىتى يەنىمۇ ئاشقان بولاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئالىم بولغان مەھمۇت پەقەت تىل ئالاھىدىلىكلىرىنىلا تەكشۈرگەن ئەمەس. فولكلور، تارىخ، تىل، ئېتنوگرافىيە، مەدەنىيەت ئىزنىلىرى... «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خېلى ئەتراپلىق بايان قىلىنغان. ئەنە شۇ خىلدىكى ماتېرىياللارنى مەھمۇت قەشقەرى ھەرقايسى يۇرت-زېمىنلاردىن توپلىغانىدى. ھالبۇكى بۇ نۇقتىلار ئاپتور قەلىمى ئاستىدا ۋەكىل خاراكتېرلىك بايان قىلىنىدىغان سەھىپىلەردە مۇكەممەل تەسۋىرلىنىشتىن چەتتە قالدۇرۇلغان.

شۇنىسى ئېنىقكى، تارىخىي رومان ۋە تارىخىي تېمىدا ئەسەر يازغۇچى شۇ دەۋر تۇرمۇشىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى كېرەك. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تىل تەكشۈرۈشى رومان قىزىل يىپ بولسا، باشقا تارىخىي مەدەنىي تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى شۇ قىزىل يىپقا ئېسىلغان دۇر-ئۈنچىلەر بولۇشى كېرەك ئىدى.

تارىخىي رومانچىلىقتا تىل ئىستېلىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. يەنى بايانچى تىلى (ئاپتور تىلى) بىلەن پېرسوناژ تىلىنى پەرقلەندۈرۈپ قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. «مەھمۇت قەشقەرى» رومانىدا مۇنداق جۈملىلەرنى ئۇچرىتىمىز.

«ئارىدىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتكەندە ساچىيە مەدرىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى رەسمىي باشلاندى» («مەھمۇت قەشقەرى» 176-بەت.)

«— بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ، — كۆن چىقىشتا ئوتتۇرا تۈزلەڭدىن باشلىنىپ، كۈن پېتىشتا تاكى رۇم، يۇنان ۋە ئەرەب ئەللىرىگىچە تۇتىشىدۇ. مۇشۇ يوللاردا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ كارۋانلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭنىڭ جاھانغا مەشھۇر يىپەك ۋە جانان چىنىلىرىنى كۈن پېتىشتىكى ئەللەرگە، كۈن پېتىشتىكى ئەللەرنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭگە توشۇيدۇ. قاراخانىلار ۋە قوچۇلۇقلار بۇ ئۇلۇغ يولنىڭ مەركىزىي قىسمىدا ماكانلاشقان بولغاچقا ئۇياققىمۇ-بۇياققىمۇ قاتناپ تۇرىدۇ. بۇ بىر ئۇلۇغ دوستلۇق يولى، بىز ئەنە شۇ يولنى بويلاپ سەپەر قىلىۋاتىمىز. رۇملۇقلار بۇ يولنى < يىپەك يولى > دەپ ئاتايدۇ، يەنى شەرقتىن يىپەك توشۇلىدىغان يول دېمەكچى» («مەھمۇت قەشقەرى» 252-بەت.)

مىسال ئېلىنغان بىرىنچى ئابزاستىكى «ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دېگەن سۆز ۋە ئىككىنچى ئابزاستىكى «ئوتتۇرا تۈزلەڭ»، «يىپەك يولى» دېگەن ئاتالغۇ-ئۇقۇملار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان ئىبارىلەر، بۇ يەردىكى مەسىلە، تارىخىي دەۋلەردىكى ۋەقە-ھادىسىلەرنى تەسۋىرلىگەندە، ئىمكانقەدەر شۇ تارىخىي دەۋرنى سۈرەتلەشكە ماس كېلىدىغان ئۇقۇم-ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىش، يەنە بايانچى تىلى (ئاپتور تىلى) بىلەن پېرسوناژ تىلىنى پەرقلىق ئىشلىتىش كېرەك. مەھمۇت تىلىدا بېرىلگەن «يىپەك يولى» دېگەن سۆزنى غەرب ئالىملىرى يېقىنقى زاماندا ئىلمىي ئەسەرلىرىدىلا قوللانغان ئاتالغۇدۇر.

يىغىنچاقلىغاندا، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئاپتور بىرقانچە تەرەپلەردىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. مۇشۇ ئۇتۇق ئاساسىدا ئاپتورغا تەشەببۇس قىلىدىغىنىمىز — تارىخىي رومانچىلىقتا پايدىلىنىشقا مۇمكىن بولغانلىكى ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ تىپىكلىك دەرىجىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، پىزاژ تەسۋىرلىرىنىڭ جەلىبدارلىقىنى ئاشۇرۇشقا، تارىخىي تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى تېخىمۇ جانلىق، كۆركەم، مۇكەممەل سۈرەتلەپ بېرىشكە تىرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتورنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىگە يەنىمۇ چوڭ بەدىئىي ئۇتۇق تىلەيمەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەركىنلىك ئۆلۈش

(ھېكايە)

ۋەلى داۋۇت

**مۇھەررىردىن:** ئەدەبىياتىمىزدا كۆپلىگەن نادىر، ياخشى ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىۋاتقان بولسىمۇ تورمۇش رېتىمىنىڭ تېزلىشىشى ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن كىتابخانلار بۇ ئەسەرلەرنى ۋاقتىدا ئوقۇيالماي ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان. ياكى شۇ ئەسەر بېسىلغان گېزىت-ژۇرناللارنى تاپالماي ئاۋارە بولىدىغان، قىسقىسى، ياخشى ئەسەر ئۆز كىتابخانىنى، كىتابخان كۆڭلىدىكىدەك سۈپەتلىك ئەسەرنى تاپالماي قالىدىغان ھادىسىلەرمۇ يوق ئەمەس. شۇڭا بىز بۇ خىل ھادىسىگە خاتىمە بېرىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ روناق تېپىشىغا مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ تۆرتكە بولسۇن ئۈچۈن بۇ سەھىپىمىزنى ئاچتۇق.

بۇ سەھىپىگە ھەرقايسى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى گېزىت-ژۇرناللار (دەرىجىگە ئايرىلمايدۇ) دا يېقىندا ئېلان قىلىنىپ كىتابخانلار ئارىسىدا داغدۇغا ياكى بەس-مۇنازىرە قوزغىغان، مۇئەييەن بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى بولغان بۆسۈش خاراكتېرلىك ئەسەرلەر (تەرجىمە ئەسەرلەر بۇنىڭ سىرتىدا) شۇنداقلا بۇ ئەسەرلەر ھەققىدىكى قىسقا ئوبزورلار قوشۇپ بېرىلىدۇ. ژانىر، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە مەزمۇن جەھەتتە ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ.

ژۇرنىلىمىز كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ژۇرنىلى، شۇڭا ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللاردىكى ئۆز مېھنىتىنى قەدىرلەيدىغان مۇھەررىرلەر، مەسئۇلىيەتچان ئوبزورچى-تەتقىقاتچىلار، سەنئەت سۆيەر كەڭ كىتابخان ھەمدە ئاپتورلارنىڭ ئۆزلىرى ئوقۇغان سۈپەتلىك، نادىر ئەسەرلەر ياكى ئەسەر ھەققىدىكى قىممەتلىك ئۇچۇر، تەلەپ-پىكىرلەر بىلەن تەمىنلەپ سەھىپىمىزنى بىرلىكتە باشقۇرۇپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ-ياشنىشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

كۆچمەن خەلق جايلاشقان تاغلىقلارنىڭ بىرىدە، دەھشەتلىك بىر يىرتقۇچ ھايۋان پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ مەخلۇق باتۇر ئوۋ خۇمار تاغلىقلارنىڭ تۇرمۇشىغا بالايىئاپەت ياغدۇرۇشقا باشلىدى...

ئۇ، كېچىسى تاغدىن چۈشۈپ ئادەملەرگە تۇيدۇرماي بىھېساب چارۋىلارنى كۈچاۋاك ئالقانلىرى بىلەن يانجىپ-بوغۇپ ھالاك قىلىۋەتتى. كۈندۈزلىرى بولسا ئۆزىگە ئىنس-جىننى يېقىن يولاتمايتتى. نەتىجىدە، تاغلىقلاردىكى ئەڭ قەيسەر ئوۋچىلارنىڭ باتۇرانە ھەركەتلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھالاكىتى بىلەن ئاياغلاشتى... مانا، تاغلىقلارنى قورقۇنچ بېسىشقا باشلىدى. ئاخىر كىشىلەر ۋەھشىي ھايۋاننى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى. جان تەندە ئامانەت بولسا مال-دۇنيا ھامان تېپىلىدۇ، دېيىشتى.

بىر كۈنى يۇرت بېگىنىڭ ياشانغان قۇلى بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى:

— ماڭا ئەركىنلىك بېرىشكە ۋەدە بەرگىن، مەن ئۇ يىرتقۇچنى يوقىتالايمەن، — دېدى.

بەگنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى. ئۇ بىر ئۆمۈر ئۆزىنىڭ ئاياغ ئاستىدا ئۆملەپ ياشىغان

قىرى قۇلنى گويا كى ئۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇزۇن سىنچىلاپ قارىدى.

— پاھ!... ھوشۇڭنى يىغ چال، — دېدى بەگ گۇمان بىلەن ئۆز قۇلىنىڭ باش ئۇستىدىن قاراپ.

— ماڭا ئەركىنلىك بېرىشكە ۋەدە بەرگىن... -

— يىرتقۇچ ھايۋاننى 12 تاغنىڭ ئەڭ ماھىر ئوۋچىلىرىنىڭمۇ يوقىتالمىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟

— بىلمەن.

— ئۇنىڭ قانچىلىك ئادەمنى نابۇت قىلغانلىقىنى بىلمەمسەن؟

— بىلمەن.

— ئەمدى ئويلان، سەن ئۆزۈڭ كىمسەن؟

— ...

— ... ھەم، يىرتقۇچ سېنى پارە-پارە قىلىپ تاشلايدۇ.

قىرى قۇل بېشىنى كۆتۈرۈپ بەگكە ئۆتۈنۈش بىلەن تىكىلدى.

— شۇنداق بولغاندا مېنى ھۆر ئادەملەر قاتارىدا دەپنە قىلغىن.

بەگ ھېچبىر كارغا كەلمەس ھالغا چۈشۈپ قالغان قىرى قۇلنىڭ تەرسالىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي غەزەپلەندى.

— خوپ، مەن سېنىڭ قىرى تېنىڭگە ئەركىنلىك بەرگەنمۇ بولاي. سەن مۇشۇ قۇربەتسىز ھالىڭ بىلەن جېنىڭنى جان ئېتەلەمسەن؟ ئەركىنلىكنى ئاش-نان قىلىپ يېيەلەمسەن؟ سەن ئەركىنلىكنى نېمە قىلىسەن؟

ئۇ ئۈندىمىدى. ئورنىدىن قىمىرلىماي جاۋاب كۈتتى.

— قېنى ماڭا ئېيتىپ باققىن. سەن ۋەھشىي ھايۋاننى قانداق يوقاتماقچى، كۈچ-قۇۋۋىتىڭگىمۇ؟ ياكى ھىيلە-مىكرىڭگە تايىنىپمۇ؟

— ... ...

— ۋەياكى ئاشۇ ئاجىز قولۇڭ بىلەن مۇشتلاپ ئۆلتۈرەمسەن؟

— ...

— سەن يەر يۈزىدىكى قانداقتۇر ئۇلۇغ ئادەممۇ، كۆكتىكى ئۆلمەس پالۋانلارنىڭ روھناتىمۇ ۋەياكى كارامەتچى سېھرىگەرمۇ سەن!؟

— ماڭا ۋەدە بەر، بەگ.

بەگ ئاچچىقىدىن بوغۇلۇپ قولىنى سىلكىپ ۋارقىرىدى:

— بار، ئەجىلىڭنىڭ ئالدىغا. تەرسا ئۆچكە... باتۇرلار بېگى. ئەگەر سەن شۇ يىرتقۇچنىڭ مويىدىن بىر تال ئەكېلەلىسەڭ، بەردىم ئەركىنلىكنى!

يۇرت بېگى قىرى قۇلنىڭ ئاپئاق ئاقارغان چاچلىرىغا، چارەك كەم يۈز يىللىق ھاياتىنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرى ھېسابسىز ئىز قالدۇرغان ئورۇق يۈزلىرىگە ئۇزۇنغىچە سىنچىلاپ ئاستا-ئاستا جىددىي، سىپايە قىياپەت بىلەن ئۇنىڭ كۈمۈش چاچلىق بېشىدىكى ئەقىل مېنىڭكىدىن ئارتۇقتۇر دەپ ئويلىدى.

— ساڭا ۋەدە بېرەي، ئەگەر دېگەن سۆزۈڭنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالساڭ ئەركىنلىككە قوشۇپ بىر قورۇ مال ھەدىيە قىلىمەن، — دېدى بەگ.

※ ※

قىرى قۇل ئېپىنى تېپىپ ۋەھشىي مەخلۇقنىڭ ئوزۇق ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن پەيتىدە ئۇنىڭ ئۆڭكۈرى ئالدىغا بېرىۋالدى. تەييارلىقنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆڭكۈر ئىچىدىن يىرتقۇچنىڭ كۈچۈكىنى تۇتۇپ ئەچىقىپ، بېشىغا كېلىدىغان دەھشەتنى تەمكىنلىك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردى...

ھايال ئۆتمەيلا ھېلىقى مەخلۇق ئىسسىق قان تامچىلاپ تۇرغان چوڭ بىر پارچە گۆشنى چىشلەپ قايتىپ كەلدى. ئۇ بىردىنلا ئۆز ئۆڭكۈرىنىڭ ئالدىدا كۈچۈكىنى قاماللاپ ئولتۇرغان ئادەمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ھەتتا قورققاندەك بىرنەچچە قەدەم ئارقىغا داجىدى. لېكىن كۆزىنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئۆتكۈر شىۋاقلار-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەك يايلى ھۆرپىيىپ تىكلەشتى. چوغدەك كۆزلىرى ۋەھشىيانە چاقناپ ياندى. ئۇ نەيزە ئۇچىدەك يىرتقۇچ چىشلىرىنى پاتۇرۇپ تۇرغان ئۇۋ گۆشىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ بەئەينى قىيا تاغدەك بولۇپ ئىككى پۇتلاپ ئۆرە بولدى-دە، ئادەمگە بوراندەك گۈركىرەپ خىرىس قىلدى. شۇ ھامان قىرى قۇلمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋەھشىي مەخلۇقتىنمۇ دەھشەتلىكرەك ھۆركىردى ۋە قولىدىكى مەخلۇق كۈچۈكىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ زەرب بىلەن يەرگە ئۇردى. كۈچۈك قۇلاق-مېڭىنى تەشكۈدەك قىسقا ئاچچىق كاڭشىپ شۇ ھامان ئۆلدى. غەزەپ ھەم ئەلەمدىن ئەس-ھوشىنى يوقاتقان مەخلۇق غالجىرلىشىپ قىرى قۇلغا جان-جەھلى بىلەن ئېتىلدى. ئۇ غەزەپلەنگەن يىرتقۇچنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىگە جەبدەسلىك بىلەن ئارقىغا بۇرۇلۇپ قويۇق ياۋايى ئۈسۈملۈكلەر ئارىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ جان ئاچچىقىدا ياڭرىغان ئازابلىق ھۆركىرەك سادا پۈتكۈل تاغۇ-تاشنى تىترىتىۋەتتى. قاراڭغۇ چاتقاللار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئەجەللىك زەربە ئۇزۇن، ئۆتكۈر پولات نەيزە غالجىرلاشقان مەخلۇقنىڭ كۆكرىكىگە تاكى گەۋدىسىدىن تېشىپ چىققانغا قەدەر سانجىلغانىدى. يىرتقۇچ ئەجەللىك يارا ئازابىدا ئورنىدا پىرقىراپ دومىلاپ ھۆركىرىدى. نەيزە سېپىنى چىشلەپ تىتىۋەتتى ۋە بىردىنلا ئاخىرقى نەپىسىنى، كۈچىنى توپلاپ ئىرماش-چىرماش ئۆسۈپ كەتكەن قورغاندەك مۇستەھكەم ياۋايى چاتقاللار ئارىسىغا قاملىپ قالغان قىرى قۇلنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى...

... قىرى قۇل مىڭ مۇشەققەتتە ئېسىنى يىغدى. ناھايىتى ئۇزۇندا ئاستا-ئاستا كۆزىنى ئاچتى. يەنە شۇنداق ئازاب بىلەن ئۆزىدىن بىر نەچچە قەدەملا نېرىدا قانغا چىلىشىپ زور قورام تاشتەك دالدىيىپ ياتقان يىرتقۇچنى كۆردى. ئۇ شۇندىلا خاتىرجەم كۆزىنى يۇمدى. لەۋلىرىدە بەختىيار كۈلكە جىلۋىلەندى ۋە ھايال ئۆتمەي شۇ پېتى قېتىپ قالدى.

(شىنجاڭ پولات-تۆمۈر گېزىتى»)دىن

# بىر دەقىقىدىن مەڭگۈلۈككىچە

— «ئەركىنلىكتە ئۆلۈش» ھېكايىسى ھەققىدە

ئەركىن نۇر

ياش ئاپتور ۋەلى داۋۇت ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان «قارا سىدە» ، «ھويلىدىكى قەبرە» ۋە «پەرىشتە قونغان ماكان» غا ئوخشاش تېتىملىق، ئۆزگىچە ھېكايىلىرى بىلەن دىققىتىمىزنى قوزغىغانىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ «ئەركىنلىكتە ئۆلۈش» ناملىق قىسقا ھېكايىسىنى ئوقۇپ سۆيۈنۈپ كەتتىم. ئىختىيارسىز «يىلتىز» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئېسىمگە كەچتى.

بىز بۇ ھېكايىدىن ھۆرلۈكنىڭ ھەتتا جاندىنمۇ ئەلا، جاندىنمۇ ئەزىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي قالمايمىز. ھالبۇكى، ئەركىنلىك يالغۇز قۇل مىللەت ياكى قۇل-مالايلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق دەۋردىكى ھەرقانداق بىر شەخس ۋە مىللەت ئۈچۈن شۇ قەدەر قىممەتلىك. چۈنكى ئەركىنلىك قېتىپ قالغان ئۆلۈك نەرسە بولماستىن توختاۋسىز شەكىل

ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا ماڭسا-ماڭسا مەڭگۈ چېكىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق ئالۋۇن.

بىز شۇ نۇقتىدىن دۇنيادىكى ھەرقانداق كىشىنىڭ مەيلى ئۇ گاداي ياكى شاھ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇتلەق ئەركىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلماي قالمايمىز. بىزنىڭ تېنىمىز، بىزنىڭ روھىمىز، بىزنىڭ مەنىۋى ئالىمىمىز تېنىمسىز ھالدا ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلىدۇ؛ بىزنىڭ يۈرىكىمىز، بىزنىڭ ھەربىر تومۇرىمىز ئەركىنلىك ئۈچۈن سوقىدۇ... ھاۋا ئانىنىڭ چەكلەنگەن مېۋىنى يېيىشى مۇتلەق ئەركىنلىك ئالىمى بولغان جەننەتتىنمۇ رازى بولماي، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش ئارقىلىق يەنە بىر ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. مانا بۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ھەرقاچان، ھەر زامان ئەركىنلىكنىڭ چېكىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئادەم بىر ئەركىنلىككە ئېرىشسە، يەنە باشقا سان-ساناقسىز ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى، ئەركىنلىكنىڭ لوركىدەك بىزنى ھامان ئالدىمىزدا ئېزىقتۇرۇپ چاقىرىپ تۇرىدىغىنىنى بىشارەتلىمەمدۇ؟!

دېمەك، ئەركىنلىك خۇددى قانغا ئوخشاش ھەر بىرىمىزگە شۇ قەدەر كېرەك. ئەركىنلىك مۇھەببەت تېمىسىدەكلا مەڭگۈلۈك تېما. ئەمما ئاپتور ھەرگىزمۇ بۇ تېمىنى مەڭگۈلۈك تېما بولغانلىقى ئۈچۈنلا تۇتمىغان بولسا كېرەك. مېنىڭچە، ئاپتور بىزگە زۆرۈر بولغان تېما ئىچىدىن، تېخىمۇ زۆرۈر بىر تېمىنى — رېئال، بىزگە يېقىن تېمىنى تاللىۋالغان. ئۇ بولسىمۇ ئەركىنلىك، يەنە ئەركىنلىك؛ بىر قۇل نېمە ئۈچۈن قېرىپ بىر نەچچە كۈنلىكى قالغاندا ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى؟! ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن! ئۇ، ئۆز ھاياتى بەدىلىگە ئۆلۈش ئارىلىقىدا، جان تالىشىۋاتقان ئاشۇ سەكراتتىكى بىرلەھزە ۋاقىت بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ھاياتىنىمۇ قىممەتلىك بولغان ئەركىنلىككە ئېرىشكىنىنى كۆرۈپ، «خاتىرجەم كۆزىنى يۇمدى، لەۋلىرىدە بەختىيار كۈلكە جىلۋىلەندى...» ئۇنىڭ ئاشۇ بىرلەھزە، ئاشۇ بىر دەقىقە ئارىلىقىدىكى ئەركىنلىكى، ئۇنىڭ قۇللارچە ئۆتكەن پۈتكۈل ئۆمرىدىنمۇ ئۇزۇن، ھەتتا مەڭگۈلۈك ئەمەسمۇ؟!...

بۇ ھېكايىدە ئىپادىلەنگىنى ئەنە شۇنداق مۇھىت ئىچىدىكى مەڭگۈلۈك! مەڭگۈلۈك ھايات!

ئاپتور بۇ نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن يىراق ئۆتمۈشكە، قۇللۇق تۈزۈمگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئەپلىك ماكان-زامان ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ تاللانغاچقا شۇ قەدەر زور مەزمۇن كىچىككىنە، ئىخچام بىر ھېكايىگە سىغدۇرۇلغان.

بۇ ھېكايىنىڭ ئۇتۇقلۇق چىققان يەنە بىر تەرىپى، رېئاللىق ئارقىلىق ئەپسانىۋى مۇھىت يارىتىش ھەمدە ھەقىقەتنى ئەپسانىۋى تۈستە ئىپادىلەش. ئاپتور بۇنىڭ ئۈچۈن قىلچە زورۇقمىغاچقا، ھېكايە شۇ قەدەر تەبىئىي، يېقىملىق ئاددىي-ساددا چىققان. ئاددىي-ساددىلىق ئىچىدە چوڭقۇرلۇققا يەتكەن. شۇڭا بۇ ھېكايە ماھارەتسىز ماھارەت بىلەن، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ھاياتنىڭ ئىچكى تەبىئىي رېتىمى بىلەن يېزىلغان ياخشى ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



كىم بىلىدۇ مىنۇت ئارىلىقىدا
قۇرۇپ قاقشال بوپكەتكەن دەرەخ
بەلكىم كۆكلەپ قالامدۇ قايتا.
كىم بىلىدۇ مىنۇت ئارىلىقىدا
قالامدۇ ئايلىنىپ بەخت قايغۇغا.
نەيەرگە كۆپ جاھان بۇ،
كىم بىلىدۇ مىنۇت ئارىلىقىدا
بىردىنلا بولامدۇ قىيامەت قايىم...
ھېچنېمىنى بىلمەيمىز ئەمما.

— **شىرئەلى مامۇتنىڭ «مىنۇت ئارىلىقىدا» ناملىق شېئىرىدىن**

يالىڭاچ نەرسىلەر چىندۇر بىتەھقىق،
چىنلىقنى ئادەملەر قىلالماس قوبۇل.

— **غوجىمۇھەممەت مۇھەممەتنىڭ «فوتوگراف» ناملىق شېئىرىدىن**

مېنىڭ رەڭگىم ئازابتەك سىرىق،
سېنىڭ رەڭگىڭ بەختتەك يېشىل.

— **نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشنىڭ «ئىماگ» ناملىق شېئىرىدىن**

خەت ساۋاتى بولسىلا ئۇيغۇر دېمەك،
شائىر دېمەك.

— **ئادىل قارلۇقنىڭ «شائىر بولماق» ناملىق شېئىرىدىن**

شارابلار ئەسلىدە ئاشىقنىڭ قېنى.

— **ئۆمەر ئابدۇللانىڭ «بۇلبۇلدىن گۇمانلىنىمەن» ناملىق شېئىرىدىن**

قان-يېرىڭدىن قوپقىن جار سېلىپ،
كۆكلەر ئارا ئۇچقىن لاچىنىم.

— **ھىمىت ياسىننىڭ «لاچىن» ناملىق شېئىرىدىن**

كۆيۈش نېمە؟
ئۇ دوزاخ.
دوزاخ نېمە؟
ئۇ سۆيگۈ.
سۆيگۈ نېمە؟
ئالدىنىش.

— **ھىمىت ياسىننىڭ «روھىمدىكى سوئال-جاۋابلار» ناملىق شېئىرىدىن**

ئۆز-ئۆزۈمنى تارتقۇشلايمەن ساراڭدەك،
يىراقلاشنى بىلگەندىمەن ئاسماندىن...

— **ئېلى ئابدۇقادىرنىڭ «جىمغۇرلۇق» ناملىق شېئىرىدىن**

شىلدىر-شىلدىر چۈشكەن يوپۇرماق،
كىم تاشلىغان سۆيگۈ مەكتۇبى؟
يىغان چېكىپ كاككۇك ئۈنىدە
زارلاۋاتقان كىمنىڭ يۈرىكى؟

— **ئابدۇرۇسۇل ئابابەكرىنىڭ «زارلاۋاتقان كىمنىڭ يۈرىكى» ناملىق شېئىرىدىن**

سېغىنغىنىم بىر قۇشنىڭ روھى،
ئۇچۇپ چىققان تامام قەلبىمدىن.

— **مۇھەممەتتۇرسۇن ھامۇتنىڭ «قۇش روھىنى سېغىنىش» ناملىق شېئىرىدىن**

ماڭا يېقىن، يىقىنلا جايدا
گۈپۈلدەيدۇ بىر تەنھا يۈرەك...

— **ئەكبەر ئۆمەرنىڭ «ئىزدەش» ناملىق شېئىرىدىن**

كۈتەر مېنى سەرسان كەلگۈسى
ياپراقلىرى سولغۇن مۇھەببەت.

— **زۆھرەگۈل ئەخەتنىڭ «كۈتۈش» ناملىق شېئىرىدىن**

## يېڭى خەۋەرلەر

△ 1995-يىلى 28-نويابىر كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئۇتتۇرا ئاسىيا مېھمانخانىسىنىڭ يىغىن زالىدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا ئاپتونوم رايون، شەھەر رەھبەرلىرى ۋە ئەزالاردىن بولۇپ 80 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات ئوقۇپ ئۆتۈلدى ۋە نىزامنامە ماقۇللاندى. ئاخىرىدا جەمئىيەت مۇدىرىيەت ئەزالىرى ئۆزئارا كېڭىشىپ جەمئىيەت رەئىسلىرى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، باش كاتىپ ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنى سايلاپ چىقتى.

## ئۇيغۇر مەتبۇئات ئۇچۇرلىرى

△ يېقىندا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى بىر قىسىم شائىر-يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنماقچى. بۇ كىتابلار مۇنۇلار:

(1) ساتىرىك شېئىرلىرى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىك ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان قەلەمكەش ئۆتكۈر، ئىستىداتلىق شائىر روزى سايىتنىڭ يېقىنقى يىللار مابەينىدە يازغان شېئىرلىرى ۋە شېئىرىي چۆچەكلىرىدىن تەركىب تاپقان «مۇھەببەتتىن پۈتكەن ناخشىلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمى.

(2) شائىر غەيرەت ئابدۇللانىڭ ۋەتەن-خەلققە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىنرگۈلۈك، ئالىيجانابلىق، ۋاپادارلىق، پاكلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «چېدىر ئەسلىمىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى.

(3) شائىر ئابلەت ئىسمايىلنىڭ ئىنسان ماھىيىتى پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن «يۈرەك ئوغرىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى.

△ يېقىندا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ياش ئوبزورچى كېرىمجان ئابدۇرېھىم تۈزگەن «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى لۇغىتى» نى نەشر قىلماقچى. لۇغەتكە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان پېشقەدەم يازغۇچى-شائىرلار، يېقىنقى يىللار مابەينىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئەدەبىيات سەپىدىن مۇۋاپىق ئورۇن ئالغان ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئەدىبلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى، ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل باھالاشلاردا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنىڭ مۇندەرىجىسى، شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتكە ئالاقىدار مەتبۇئاتلارنىڭ ئەھۋالى كىرگۈزۈلگەن.

△ كېرىمجان ئابدۇرېھىم نەشرگە تەييارلىغان «بۇرۇت ماجىراسى» ناملىق ئىزلەنمە ھېكايىلەر توپلىمى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

بۇ توپلام ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى بىر ئەدەبىي ھادىسە — ئىزلەنمە پروزىچىلىقنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى مەلۇم دەرىجىدە نامايان قىلىپ بېرەلەيدىغان كوللېكتىپ توپلام.

بۇ ھېكايىلەر توپلىمىغا ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسئەت ئەمەتنىڭ «رويال ھەققىدە ھېكايە»، ھۆسەيىن تاشنىڭ «سېختىكى ئىشلار» قاتارلىق ئەسەرلىرى ھەمدە ئۇندىن باشقا مەتىمىن ھوشۇر قاتارلىق غوللۇق، ئىزلىنىش روھىغا باي يازغۇچىلاردىن ئون نەچچىسىنىڭ

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

△يېقىندا شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ياش شائىر ئىلھامجان ئابلىزنىڭ «جىمجىت ئاۋاز» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى.

«جىمجىت ئاۋاز» شائىرنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، روشەن پىكىر، لىرىك ھېسسىيات، چۈچۈك تىل بىلەن كىتابخانلارغا ئۆزگىچە ئىستېتىك زوق ئاتا قىلىدۇ.

بۇ توپلامنى ئاپتور ئۆز خىراجىتى بىلەن نەشر قىلدۇرغان. چەت ئەللەردە ئۆز خىراجىتى بىلەن كىتاب نەشر قىلىش ئومۇمىي ئەھۋال، ئەمما ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ بىر خىل قەدىرلەشكە تېگىشلىك روھ.

△يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «سودىگەر ئايالنىڭ ئاشىقى»، «ساۋاق»، «ئۆز ئىختىيارىم بىلەن»، «تامغا»، «ئىككى بوتۇلكا ماۋتەي»، «ئۆرۈك ھەر يىلى چېچەكلەيدۇ»، «قوش تاغدىكى مۇشائىرە»، «سەككىز ياشلىق <قىرىق قاراقچى>»، «سېخىيسەن ئانا دەريا»، «شەھلا كۆز» ناملىق ئەسەرلەردىن تەركىب تاپقان «شەھلا كۆز» ناملىق پوۋېست، ھېكايىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدى.

بۇ توپلامدىكى ئەسەرلەرنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، ئۇسلۇبى يەڭگىل ۋە تەبىئىي بولۇپ، ئەنئەنىۋى رېئالىزمنىڭ بەزى يېتەرسىزلىكلىرى مەلۇم جەھەتتە تولدۇرۇلغان.

△جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ خەنزۇ تىلىدا چىقىدىغان نەشر ئەپكارى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1995-يىللىق 10-سانىدا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان زوردۇن سابىرنىڭ «زاماندىشلار» ناملىق پوۋېستى، توختى ئايۇپنىڭ «بۆرە ۋە ئادەم» ناملىق ھېكايىسى، سەمەندەرنىڭ «مۆجىزە مانا مۇشۇنداق يارىتىلغان» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنىدى.

△يېقىندا ئېلىمىزنىڭ باھار شامىلى ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى

## جۇڭگو مەتبۇئات ئۇچۇرلىرى

16-ئەسىردىن 20-ئەسىرگىچە شۇنداقلا 90-يىللاردىكى ئىسپانىيە بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدىكى 50 نەپەر يازغۇچىنىڭ 100 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن «دۇنيا كلاسسىك نەسىرلىرى» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدى. كىتابتىكى يازغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى دەۋردىكى داڭلىق يازغۇچىلار. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى كۆپ خىل، ئۇسلۇبى يېڭى، ئەمما ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرى، لىرىك نەسىرلەر، يەنە بىرى، مەزمۇن ۋە شەكلى ئوخشاشمايدىغان فىلىيەتون، قىسقا ماقالە، ئەدەبىي خاتىرە، ساياھەت خاتىرىسى، خەت-چەك، ئوبزور، ئەسلىمە، تەرجىمىھال قاتارلىقلار. بۇلاردىن يازغۇچىنىڭ جەمئىيەت ۋە كىشىلەرنىڭ تەقدىرى توغرىسىدىكى قارىشىنى بىلگىلى ھەمدە بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق ئىسپانىيە بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى نەسر ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

## جۇڭگو يازغۇچىلىرى ئارىسىدا

△يېقىندا 500 مىڭ خەتلىك يېڭى ئەسەر «تولغان كۆكرەك، سېغىز ساغرا» نىڭ ئاپتورى مويەن بېيجىڭ، شاڭخەيلەردىكى ئوبزورچىلارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچراپ، 11-ئاينىڭ 22-كۈنى بىرىنچى قېتىم ئۆزىنى ئاقلىدى. ئۇنىڭ ئاقلاش سۆزى «نۇر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنىدى. مويەننىڭ

دېبىشچە، ئۇ بۇ رومانىنى كۆپ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان بولۇپ، جاپاكەش ئانىلارنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. بۇ يىل «ئاما» ژۇرنىلىنىڭ 5-سانىدا رومانىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغانىدى. ئوبزورچىلار بۇ ئەسەرنىڭ نامى ساغلام ئەمەس، پەقەت كىتابخانلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈنلا شۇنداق نام قويۇلغان دەپ ئوبزور ئېلان قىلغانىدى.

مويەن يەنە ئۆزىنىڭ كىتاب نامىنى «تولغان كۆكرەك، سېمىز ساغرا» دەپ قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئەسەرنى يازغاندا ئەڭ دەسلەپتە ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى 10 نەچچە يىل ئاۋۋال ئازادلىق ئارمىيە سەنئەت شۆبىسىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئۈستىتىكا دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى داڭلىق كىشىلەرنىڭ تاش ھەيكەللىرى ۋە ماي بوياق رەسىملەرنى پرويېكسىيە ئاپپاراتىدا قويۇپ بەرگەندە، ئەسەرلەرنىڭ ئارىسىدا بىر ئەسەر مېنى قاتتىق ھاياجانغا سالغانىدى. ئۇ ئانىلىق ئورۇق دەۋرىدىكى قېرى ئاتا-ئانىلارنىڭ تاش ھەيكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆكسى ناھايىتى يوغان، ساغرىسى سېمىز ئويۇلغان، شۇنداقلا ئۇسۇملۇكلەرگە چوقۇنغان ھالىتى ئىپادىلەنگەن. ئانىنىڭ چوقۇنۇشى ئۆز ئانامنى ئەسلەتكەنىدى.

چەت ئەل يازغۇچىلىرى ئارىسىدا

ھىندىستانلىق مەشھۇر شائىر، يازغۇچى رابىندرانات تاگور (1861-1941) ئۆز ئۆمرىدە ئەللىك نەچچە پارچە شېئىرلار توپلىمى، 12 پارچە رومان پوۋېست، 20 نەچچە پارچە كومېدىيە، 3 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق رەسىم بىر مىڭ نەچچە مۇزىكا ئىجاد قىلغان، يەنە نۇرغۇن پوبلىستىك مىللەتلەر، ساياھەت خاتىرىسى، خەت-چەك ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىلىرىنى ئېلان قىلغان. 1913-يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ «گىتانجالى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولۇپ، بۇ مۇكاپاتقا نائىل بولغان تۇنجى شەرقلىق ئەدىب بولۇپ قالغان.

ئۇنىڭ ھازىرغىچە «ھالاكەت» رومانى، «گىتانجالى»، «باغۋەن»، «ماي قوڭغۇزى»، «يار سوۋغىسى»، «قۇشلار»، «ھىلال ئاي» قاتارلىق نەسىر ۋە شېئىرلار توپلىمى، «بەربات بولغان ئەقىدە» ناملىق تاللانما ھېكايىلەر توپلىمى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرۇلۇپ، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلار ئىچىدە ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تىلىغا ئەڭ كۆپ تەرجىمە قىلىنغان يازغۇچى بولۇپ قالدى.

چەت ئەل ئەدەبىياتى مەتبۇئات ئۇچۇرلىرى

1983-يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى ئەنگلىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى ۋىلليام گولدىڭ (1911-1994) نىڭ ئەڭ ئاخىرقى رومانى «سەككىز سۇخەنچى» يېقىندا نەشىردىن چىقتى.

بۇ ئەسەردىكى ۋەقەلىك رىملىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە قەدىمكى يۇناندا يۈز بەرگەن. ئايال پېرسوناژ ئارۇيكا ئادەملەرنى بەك ساددا ھەم تەرسا دەپ بىلگەچكە توي قىلىشنى خالىمايدۇ. كېيىن ئۇ قۇياش ئىلاھى ئاپوللونىڭ كاھىنى يوھاندىسنىڭ ياردىمى بىلەن بىر خىزمەت تاپىدۇ ھەمدە ئاپوللونىڭ ئۈچىنچى پەيغەمبىرىگە ئايلىنىدۇ. ئارۇيكا ئۆزىنىڭ بىر ئادىل پەيغەمبەرمۇ ياكى كۆز بويامچىنىڭ قۇربانىمۇ، بۇنى بىلىشنى بەكمۇ خالايدۇ. يوھاندىس كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئارۇيكاغا ئاللاغا تىلاۋەت قىلغىلى كەلگەنلەرگە قايىل قىلارلىق سىلىق-سىپايە سۆزلەرنى قىلىپ، قانداقلا

بولمىسۇن چىرايلىقچە يولغا سېلىشنى ئۆگىتىدۇ.

بۇ ئەسەر ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلغان بولۇپ، گولدىڭنىڭ ئەسەرلىرى ئېنىقلىق ھەم سۈزۈكلۈك ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان.

△1995-يىلى 4-ئايدا بوستون-ئايرىستا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا كىتابلار كۆرگەزمىسىدە چىلىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى جوسې دونوسۇ ئۆزىنىڭ يېڭى كىتابى «پىل ئۆلىدىغان جاي»نى ئېلىپ كېلىپ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى ھەمدە خاتىرە ئۈچۈن ئىمزا قويۇپ بەردى. بۇ ئەسەر ئۇنىڭ 1986-يىلى ئېلان قىلغان «ئۈمىدسىزلىك»تىن كېيىنكى يەنە بىر چوڭ ھەجىملىك ئەسىرى. بۇ ئەسەردە ئىنتايىن ئەقىللىق ھەم سۆيۈملۈك بىر سېمىز قىز، تۇرمۇشى ناھايىتى غورىبەت بىر ئوقۇتقۇچىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدۇ. دونوسو بۇ ئەسەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاز بولمىغان ياشلار ئامېرىكىغا تۇرمۇش ئىزدەپ بىرنەچچە ئايلا تۇرۇش ئۈچۈن بارىدۇ. ئەمما ئۇ يەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشى ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ-دە، شۇ يەردە بىر ئۆمۈر تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ خۇددى پىلنىڭ ئورمانلىقتا يوشۇرۇن جاي ئىزدەپ بېرىپ، ئاخىرى شۇ يەردە ئۆلگىنىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ تېمىسى شۇنىڭدىن بارلىققا كەلگەن.




《天尔塔格》文学双月刊
1996 年 第 1 期

Tangritag Monthiy Literature
journal In Uygur Language

«تەڭرىتاغ»
1996-يىل 1-سان

主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会
编辑出版《天尔塔格》编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路 16 号
电话：2819490，2818897 邮编：830002
印刷：新疆工人时报印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司（782信箱）
国内统一刊号：CN65—1012\1
邮局代号：58—83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر
تېلېفون: 2819490، 2818897 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ (782-خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65—1012\1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58—83

零售价：2。20 元
پارچە سېتىلىشى: 2.20 يۈەن









## غالبىيەت كىتابخانىسى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنگۈچىلەرنىڭ يېقىن دوستى

غالبىيەت كىتابخانىسى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھان بەرگۈچىلەرگە ئۇيغۇرچە-قازاقچە دەرسلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدىغان بىردىنبىر كىتابخانا.

غالبىيەت كىتابخانىسىدا: ئۇيغۇر تىل ئەدەبىيات، تەرجىمانلىق، قانۇن، بوغالتىرلىق، پۇل مۇئامىلە كەسپلىرىنىڭ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى، جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى، جۇڭگو بۇگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخى، ئىستاتىستىكا، خەنزۇ تىلىدىن ئاساس، خەنزۇ تىل دەرسلىكى (1)، (2)، (3)، (4)، تەرجىمە نەزەرىيىسى، تىلشۇناسلىق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، چەت ئەل ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، سىياسىي ئىقتىساد، خەلقئارا قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، ئاساسىي قانۇن، پەلسەپە، جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخى، بوغالتىرلىق قائىدىسى، سانائەت بوغالتىرلىقى (1)، (2) ئىستاتىستىكا، مالىيە ۋە پۇل مۇئامىلە، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى... قاتارلىق دەرسلىكلەر ۋە كونسۇلتاتسىيە ماتېرىياللىرى، بۇنىڭدىن باشقا ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرى سېتىلىدۇ.

كىتابخانىمىز خېرىدارلارغا پوچتا ئارقىلىق مۇلازىمەت قىلىدۇ. خېرىدارلار ئادرېسىنى ئېنىق يېزىپ كىتاب ھەققىگە پوچتا ھەققىنى قوشۇپ ئەۋەتسە. دەرسلىكنى ئەۋەتىپ بېرىمىز.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر غالىبىيەت يولى 165-نومۇر غالبىيەت كىتابخانىسى (يەنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە)

كىتابخانا دىرېكتورى: يالقۇن ئابدۇكېرىم ئالاقىلاشقۇچى: ھاشىم مۇسا. تېلېفون نومۇرى: 2864524

**1**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 |
| 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 |
| 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 |
| 28 | 29 | 30 | 31 | | | |

**2**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | | |

**3**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | 1 | 2 |
| 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 |
| 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 |
| 24/31 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 |

**4**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 |
| 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 |
| 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 |
| 28 | 29 | 30 | | | | |

**5**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |
| 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 |
| 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 |
| 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | |

**6**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 1 |
| 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 |
| 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 |
| 23/30 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 |

**7**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 |
| 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 |
| 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 |
| 28 | 29 | 30 | 31 | | | |

**8**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 |

**9**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
| 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 |
| 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 |
| 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | | | | | |

**10**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |
| 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 |
| 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 |
| 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | | |

**11**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | 1 | 2 |
| 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 |
| 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 |
| 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 |

**12**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
| 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 |
| 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 |
| 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | | | | |

**«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى**
**سىزنىڭ دوستىڭىز**

# 1996